


KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

2

١٩٩٠

www.uyghurkitap.com



بازارغا بېرىش

(ئابدۇۋاھىت ئابدۇللا سىزغان)




يېقىن كەل قۇلىقىڭغا دەي!

(ئادىل ئىسمايىل فوتوسى)



ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ تۇغاچ!

(ھاپىزجان مۇھەممەت فوتوسى)



پۈتۈن زېھنى بىلەن

(ئالىمجان سىيىت فوتوسى)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

( قوش ئايلىق ژۇرنال )

2

1990

19 - يىل نەشرى

( ئومۇمىي 93 - سان )

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


سايىت سادىق ...... ئىزدەنگۈچىنىڭ كەچۈرمىشى (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... 1
ھاجى ئەخمەت ...... كەچكى تاماق ...... 11
دىلدار ...... ئىنتىقام ...... 15
ماھىگۈل پەخرىدىن ...... سۈيۈنچە ...... 37
ئادالەت ھەبىبۇللا ...... ئىككى نەسىر ...... 40
بۇخىلچە ئىمىن ...... «مۇسلىمىيان» نىڭ سىرى ...... 43
گۈلجامال داۋۇت ...... «ئوغۇل بالا» ...... 51
رىزۋانگۈل يۈسۈپ ...... ئىككى ئارىدا ...... 58
سادائەت تۇرسۇن ...... ھازازۇل ...... 66
مەخپىرەت كەنجى ...... تەۋەرۈك ...... 71
ھاجى ئاتىكە مىرەخمەت ...... بۇلغانغان زېمىندىن ئۇخچىغان نالىلار ...... 73


## شېئىرىيەت گۈلزارى


ئايال ئاپتورلار شېئىرلىرىدىن ...... 20
ئابەكرى تۇيغۇن ...... شېئىرلار ...... 80
ياسىن ئىمىن ...... شېئىرلار ...... 81
مۇھەممەت مۇسا ...... شېئىرلار ...... 82
غەيرەت ھوشۇر ...... شېئىرلار ...... 83
ئابدۇرېھىم زۇنۇن ...... شېئىرلار ...... 84
ئەركىن ئەبەيدۇللا ...... سادا لىرىكىلار ...... 85
غەيرەت غوپۇرى، ئابدۇرىشىت بارات، ئابدۇرېھىم غازى، مەتنۇرى ئۆزھال، ئاتاۋۇللا ئەھەت ...... شېئىرلار ...... 88


## ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن


ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى ...... مىفتاھۇل ئەدەب ...... 92
ئابدۇرىشىت سەلەي ...... مەرىپەت قىزىنىڭ قەلب كۆيىسى ...... 76


## شەبنەم


ئابلاجان بوۋاقى ...... «رۇبائىيلار» دىكى ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك ئەۋرىشكىلىرى ...... 103


## ساتىرا ۋە يۇمۇرلار


مەتتىمىن ئابدۇللا ...... ئېشەك بىلەن قوي ...... 111
ئابدۇرىشىت ئابلىمىت ...... ئىككى شېئىر ...... 111
ھوشۇر ئابدۇللا ...... ئىككى مەسەل ...... 112


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


مامبەتكېرىم ئوسمان (قىرغىز) ...... ئەشۇ سۈرەت ...... 113
چېك جىبجىالى (خۇيزۇ ئوقۇغۇچى) ...... ھېيتگاھتىكى مۇقامچى بوۋاي ...... 113


## ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى


ئىجادىيەت كۇرسى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ...... 114


## خەزىنە


ئىسمائىل ئىبراھىم، مەتتىمىن ھېيت رەتلىگەن ...... ئۈچ رىۋايەت ...... 116
سابىرجان سېيىت رەتلىگەن ...... ئەپيارغا ھەپيارلار (چۆچەك) ...... 120


## ئەجداد ۋە ئەۋلاد


ئاتاقلىق ئالىم ۋە شائىر ئەجەللى ......
شائىر ۋە دراماتورگ مۇھەممەت ئىلى زۇنۇن ......



---

(بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىملەرنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت سىزغان، ھۆسنىخەتلەرنى جۇمە ئابدۇللا ئىشلىگەن)

**سايىت سادىق**

# ئىزدەنگۈچىنىڭ كەچۈرمىشى

(ئەدەبىي ئاخبارات)



سايىت سادىق 1952-يىلى 9-ئايدا يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1965-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1972-، 1974-يىللىرى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات سىنىپىدا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يوپۇرغا ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق، رادىئو ئۇزېلىدا تەھرىرلىك، سەنئەت ئۆمىكىدە كەسپىي ئىجادىيەتچىلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. ھازىر ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىمەكتە.

سايىت سادىق 1976-يىلى 6-ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئېلان قىلغان «جەڭچى بول» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە 100 پارچىغا يېقىن شېئىر، داخشا تېكىستى ۋە ھېكايىلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. ئۇ يازغان ئون پارچە سەھنە ئەسىرى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈرۈلدى. «سەھرالىق كۈيئوغۇل» درامىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن، «كېيىن كەلگەن تەلەي» ناملىق درامىسى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن لېنتىغا ئېلىنىپ تارقىتىلدى. بەش پارچە سەھنە ئەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سەھرالىق كۈيئوغۇل» ناملىق درامىلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «بەرىكەت»، «لەيلىخاننىڭ كۈلكىسى» قاتارلىق درامىلىرى، «ئېزىز يۇرتۇم» ناملىق داخشا تېكىستى ئاپتونوم رايونى ھەم ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەھنە كۆرەكلىرىدە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ، ھازىر ئۆزىنىڭ ھېكايە ۋە ئوچېركلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.

سايىت سادىق قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك تىياتىرلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەت ئەزاسى.

— تەھرىردىن

بۇ ئىش راستىنلا شۇنداق بولغانمىدۇ؟!

مېدىتسىنا ئىلمىدە تېخى ئۈنۈملۈكرەك بىرەر دورا ياكى داۋالاشقا ئامال تېپىلمىغان مۇنداق ئالاھىدە كېسەللىكنى ئومۇمىي نوپۇسى ئاران يۈز مىڭغا ئۇلىشىدىغان بۇ كىچىك ھەم نامرات ناھىيىنىڭ شارائىتى ناچار دوختۇرخانىسى داۋالاپ نەتىجە ياراتتى، دېگەن زادى قانداق گەپتۇ؟!

شۇنداقمۇ دەيلى، چۈنكى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان سىرلىق تۈگۈنلەرنىڭ ئاچقۇچى كۆپ ھاللاردا ناھايىتى ئاددىي — ئىنسانلار ئويلىمىغان يەرلەردە بولغىنىدەك، تەقدىر بۇ جاھىل ھەم كالامپاي كېسەللىكنىڭ داۋاسىنى كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان بۇ ناھىيە دوختۇرخانىسىغا نېسىپ قىلغانىكەنتۇ، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇنچىلىك گۇمپىسى بارلىقىنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئاشكارىلىمىغان بولغىيدىكىنە؟

شان - شەرەپكە باشقىلارنىڭ شېرىك بولۇۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ سىر ساقلىغان بولغىيمىدى؟ ياق! ئۇنداق ئەمەس! بۇ كىشىلەر شان - شەرەپ دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققىنىمۇ يوق، ئەكسىچە ئىشەنچ قىلالمىغان، ھازىر دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش ئىشلىرىدا زامانىۋى ئۈسكۈنە، ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كارامەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ كۆزىنى چۆچەكتەك چەكچەيتىۋەتكەن مەشھۇر تىببىي ئىلىم يۇرتلىرى تېخى بىر نېمە دېيەلمەي تۇرغان مۇنداق چىرماش ئىشتا، ئۆز ئىچىدىكى ئاددىي بىرسىنىڭ نەتىجە يارىتالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلالمىغانىدى.

بۇلار مانا شۇنداق دىلىغول بولۇپ يۈرگەن مەزگىلدە، يەنى 1986- يىلى بۇ ناھىيىدىكى ئىككى نەپەر ئىختىيارىي مۇخبىر يازغان «سېھىرلىك قول»، «پالەچلەرنىڭ غەمگۇزارى» سەرلەۋھىلىك ئىككى پارچە ماقالە «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىۋىدى، بۇنىڭ بىلەن چاتاقنىڭ چوڭى تېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن پالەچلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ داۋالاشنى تەلەپ قىلىپ يازغان خەتلىرى كەينى - كەينىدىن ئىلگىرى كىشىلەر نامىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ ئورۇنغا — يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دوختۇرخانىدىكى دەتالاش يەنە بىر قېتىم دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. قىسمەن كىشىلەر دوختۇر ۋاھىت داۋۇتنىڭ پالەچ كېسەللىكىنى داۋالايمەن دېيىشى «ئۆزىنى چاغلىماي شىلتاڭ ئاتقانلىق» دېگەن ئىلگىرىكى ھۆكمىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشتى، ھەتتا ئوچۇقتىن - ئوچۇق «ھالىمىزغا بېقىپ ئىش قىلايلى»، «ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قالمايلى» دېگەندەك ئەستەرلىك گەپلەر بىلەن ۋاھىت داۋۇتقا «بۇنچە چوڭ ئىشقا ئېسىلغۇدەك قانچىلىك بىڭساك بار ئىدى؟ خىزمىتىڭنىڭ ئەسلىگە كەلگىلى تۆت - بەش يىل بولدى - بولمايلا يەنە ئۆزۈڭگە باش ئاغرىقى تاپقىچە سىڭگەن نېنىڭنى يېمەمسەن!» دېگەنلەردىن بېشارەت بەردى.

بىر ھېسابتا بۇ گەپنىڭمۇ ۋەزنى بار ئىدى. پۈتكۈل مېدىتسىنا ساھەسىدە «راك كېسەللىكى داۋاسىز كېسەل ئەمەس» دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا چىققىنى بىلەن «پالەچ كېسەللىكى داۋاسىز كېسەل ئەمەس» دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاھىت داۋۇت قايسى تىببىي ئىنستىتۇت ياكى جۇڭيى داشۆسىنى پۈتتۈرۈپتىكەن؟ ئەگەر قو-

ىندا كىشىلەرنىڭ ھەۋەسىنى كەلتۈرىدىغان «ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردى» دېگەن سۆلياۋتاشلىق دىپلومى بولسا قېنى كۆرسەتسۇن! ئەقەللىيسى بېيجىڭ، شاڭخەيدە، زادى بولمىدى، دېگەندىمۇ ناھىيىدىن يۇقىرى بىرەر دوختۇرخانىدا بىر - ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇشقىمۇ مۇيەسسەر بولالماي تۇرۇپ، ئارانلا تىببىي تېخنىكۇم سەۋىيىسى بىلەن مۇنداق مۇرەككەپ كېسەلنى داۋالىيالايمەن دېيىشكە ئۇنىڭ نېمە ھەققى بار ئىكەن؟!

يەنە بىر قىسىم تىببىي خادىملار گەرچە دوختۇر ۋاھىت داۋۇتنىڭ پالەچ كېسەللىنى داۋالاش جەھەتتىكى ئىلمىي قارىشىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېسسىداشلىق قىلسىمۇ، «سۆز-ھەرىكىتى رەھبەرلىك بىلەن بىردەك» بولالماي قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئىككى ئېغىزلا گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى.

بىمارنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىپ، بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن، دەپ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئۆز كەسپىگە سەرپ قىلىپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىزدىنىۋاتقان بىر تىببىي خادىم خەلق دوختۇرخانىسىدا قوللاشقا ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە يېتىمسىراپ، بىر چەتتە باشقىلارنىڭ دارىتما گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئاچچىق كۈلكىسىنى سىڭدۈرۈشكە، ھەتتا ئۆز قارىشىنى رەت قىلىشۋاتقان كىشىلەرگە يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ دېگەندەك پالەچلەرنى داۋالاش جەھەتتە ئىزدىنىپ، تېپىپ چىققان ئۇسۇللىرىنى تەكرار چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. ھەي!... مۇنداق ساق باشنى ئاغرىق قىلىدىغان ئىشنى ئۇ نېمىشقىمۇ قىلىمەن، دېگەن بولغىيدى؟ بۇ ئەسلىدە مۇنداق ئىش:

× ×

1984 - يىلى باھاردا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى، ۋاھىت داۋۇتقا ناھىيە تەۋەسىدىكى نامرات «بەشتە كاپالەتلەنگۈچى» ئائىلىلەر ئىچىدە پالەچ كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ئۈچ بىمار بارلىقىنى، ئۇلار ئائىلىسىگە ماددىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن قىيىنچىلىق كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، مۇنداق كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ مۇمكىن ياكى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سورۇشتۇرىدۇ.

— مۇمكىن! - دەيدۇ دوختۇر ئىككىلەنمەيلا.

— ھە؟! قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟

— تەخمىنەن تۆت ئايدىن ئالتە ئايغىچە.

— پۇلچۇ؟

— ئاز بولغاندا بىر مىڭ بەشيۈز كوي، كۆپ بولغاندا ئۈچمىڭ كوي ئەتراپىدا.

ۋاقىتقۇ يېتەرلىك بار، چۈنكى پالەچ دېگەن ئائىلىسىدە بولسۇن ياكى دوختۇرخانىدا بولسۇن ئوخشاشلا تەييار تاماقنى يەپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتىدىغان گەپ، لېكىن ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىنىڭ بىكىسىمنى بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويىدىغان پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئوڭاي گەپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تامىقىنى دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقىغا، كىيىم - كېچىكىنى قۇتقۇزۇش پۇلىغا، تايىنىپ قامدايدىغان بۇنداق بىمارلاردىن نەچچە مىڭ كوي داۋالاش ھەققى ئۈندۈرۈپ ئېلىش «ئۆلۈكتىن جان تەلەپ قىلغان» بىلەن باراۋەر ئىشتە!

بۇ يەردە كىتابخانلارغا چۈشىنىشلىك بولمايۋاتقان بىر مەسىلە بار. دوختۇر ۋاھىت داۋۇت نېمىگە ئاساسلىنىپ بۇ كاچ كېسەلنى داۋالايمەن، دەپ كېسىپلا ئېيتىدۇ؟ ئۇ بىرەر - يېرىم قېتىم تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەنمۇ؟ «ياسا يىرامدىن چىقار، ياكى قايىنامدىن» دېگەندەك تەۋەككۈل قىلماقچىمۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئۆز كەسپىدە بىرەر يېڭىلىق يارىتىپ نام چىقىرىش غەرىزى بولسا، باشقىچىرەك يول تۇتسىمۇ بولاتتىغۇ؟! تىببىي ساھەدە ھازىرغىچە ئۇزۇل - كېسىل ھەل بولماي كېلىۋاتقان بۇ جاھىل نۇقتىغا پەشۋا ئاتىمەن، دەپ ئوگدىسىغا يىقىلسا، بەك ئوسال ئىش بولىدۇ، جۇمۇ!

ئالدىرىمايلى، كىتابخان! ئالدىرىمايلى. ھازىر جەمئىيەتتە كىشىلەر سۆز قىلغاندا «پاكىت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ» دېگەن گەپنى نەقىل كەلتۈرىدىغان ئادەت مودا بولۇپ قالدى. بىزمۇ ئالدى بىلەن ئەمەلىي پاكىتقا قاراپ باقايلى، ئەگەر يەنىلا قايىل بولمايدىغان يېرى بولسا، ئاندىن مۇنازىرىگە ئولتۇرمامدۇق.

× ×

1959 - يىلى ئۈرۈمچى تىببىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، بۇ ناھىيىگە تەقسىم قىلىنغان ۋاھىت داۋۇت جان - جەھلى بىلەن كەسپكە كىرىشىپ كەتتى. بۇ ياش دوختۇر بىر نەچچە يىللىق مەكتەپ ھاياتىدا ئۆگەنگەن بىلىمىگە قانائەت قىلمايتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن كېسەل داۋالاش بىلەن ھەپىلەشسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە نەشىر قىلىنغان تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەم ئۇنى داۋالاش ھەققىدىكى كىتابلار ئارىسىغا چۆكۈپ ھارماي - تالماي ئىزدىنەتتى...

قايسىبىر مۇتەپەككۇرنىڭ «بەخت ئىچىگە بەختسىزلىك يوشۇرۇنغان» دېگىنىدەك، بۇ ياش دوختۇرغا قۇچاق ئاچقان ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىش پۇرسىتى ۋە قولاي شارائىت ئۇزاققا داۋام قىلمىدى. ئۇنىڭ چەت ئەللەردە بېسىلغان ئاشۇ قاتتىق موقاۋىلىق قېلىن كىتابلىرى ئايرىم كىشىلەرنىڭ سەزگۈسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. «دوختۇر ۋاھىت داۋۇت نېمە ئۈچۈن چەت ئەلنىڭ كىتابلىرىغا شۇنچە ئامراق؟»، «نېمە ئۈچۈن داۋالاشتا چەت ئەلنىڭ تېخنىكىسىنى كۆپ تىلغا ئالىدۇ؟» ئۇلار ئويلىمىغانىكى، غەربچە داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر دوختۇرنىڭ غەربچە داۋالاش ئىلمىنى ئۆگەنمەي ۋە ئۇنى تەتقىق قىلماي، كەسپىي جەھەتتە تاكامۇللىشىشى مۇمكىنمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن 1964 - يىلىغا كەلگەندە، چەت ئەلگە باغلانغان دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭ بەتىنكىسىنىڭ ئۇچى دەسلەپتە ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن يېزىلىق دوختۇرخانىغا، ئاندىن بىرىاقلا يۇرتى ئاتۇشقا توغرىلاندى.

ئۇ قويرۇقىغا ئېسىلغان كولدۇرمىنى كولدۇرلىتىپ، ئايىلىنى ئەگەشتۈرۈپ يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن، كۆرگەن كۈنىنى، تارتقان ئازابلىرىنى يېزىپ بۇ يەردە كۆڭلىمىزنى غەش قىلىپ ئولتۇرمايلى. بۇ ئەر - خوتۇن دوختۇرنىڭ يۇرتىدىكى بىتاپلارغا خالىسانە تەمەسىز ياردەم بېرىشتەك ئالىيجاناب خىسلىتى 1972 - يىلىغا كەلگەندە ئۇلارغا «يالاڭئاياق دوختۇر» - لۇق تەلپىكىنى كىيگۈزدى.

ۋاھىت داۋۇت شەرەپ بىلەن ئۆز يۇرتىدىن يىگىرمە بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەيكەنتىنىڭ «يالاڭئاياق دوختۇر» لۇقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھەر كۈنى ۋېلسىپىت بىلەن قىرىق ئىككى كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ئۆز بۇرچىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلماقتا ئىدى. بىر كۈنى ئۇ قىزىل كىرىست بەلگىلىك داۋالاش سومكىسىنى ئۆشنىسىگە ئاسقان پېتى مەھەللە ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئېرىقنىڭ قىرىدا، كۆكرىكى ۋە ئىككى قولىغا تايىنىپ ئۆمىلەپ يۈرگەن ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاقنى ئۇچرىتىپ قالدى. قىزچاقنىڭ ئىككى پۇتى جانسىز بولۇپ، كونا كىگىز پارچىسى بىلەن ئوراپ قويۇلغانىدى. دوختۇر سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تاپتى. بالىنىڭ ئىسمى باھارگۈل بولۇپ، بىر يىل ئىلگىرى يۇقىرى قىزىتما تۇپەيلىدىن، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى پالەچ بولۇپ قالغانىكەن. ئۇلار خېلى كۆپ دوختۇرخانىلارغا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قىزنىڭ كېسىلىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلمىگەنلىكتىن، ئاقىۋەت تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

بىر كۈن ئۆتتى، ئىككى كۈن ئۆتتى، ھەپتە ئۆتتى، باھارگۈلدىن ئىبارەت بۇ مەسۇم قىزنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى بولمىدى. «يىللار ئۆتۈپ، ئۇ قىز مۇشۇ پېتى چوڭ بولسا، تۇرمۇشتىن قانچىلىك لەززەت ئالار؟»، «مۇنداق ھاياتنىڭ قانچىلىك مەنىسى بولار؟ ئىچىگە تىنىپ يۈرگەن بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ دەردى ئاز ئەمەسكەن. مۇبادا باھارگۈلنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغان بولسام، مەنمۇ ئازابلانماي تۇرالامتىم؟! داۋالاپ كۆرسەم ئۈنۈمى بولارمۇ - يە؟ شۇنچە چوڭ دوختۇرخانىلار بىر ئىش قىلالمىغان يەردە، مەندەك بىر ‹يالاڭئاياق دوختۇر› نېمە قىلالايتتىم» ئۇ يەنە بىر نەچچە كۈن ئارىسالدى بولۇپ يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرى كەسپىي مەسئۇلىيىتى ھەممىدىن ئۈستۈن كەلدى.

داۋالاپ كۆرۈش كېرەك!

ئۇ، يوشۇرۇپ يۈرگەن كىتابلىرى ئىچىدىكى نېرۋا سىستېمىلىرىغا ئائىت بىر قانچە كىتابنى قايتا - قايتا تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، تەھلىل يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدە، كىتابتا كۆرسىتىلگەن داۋالاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دورا مىقدارىنى كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئاشۇرۇپ ئىشلىتىش ئارقىلىق داۋالاشقا كىرىشتى. مەيلى ھېيت - ئايەم ياكى بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەردە بولسۇن، دورا سومكىسىنى ئېلىپ باھارگۈلنىڭ مەھەللىسىگە چاپتى. ئوكۇل - دورىلارنى ئۆز قولى بىلەن ئىشلەتكەندىن تاشقىرى كۈتۈشنى ئىمكانقەدەر ياخشىلىدى.

بۇ مەزگىللەردە كەسىپكە بولغان ئېتىقادى بەخش ئەتكەن ئۈمىدۋارلىق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەممىگە ھۆكۈمران. ھېرىش - چارچاش، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى بىھېساپ قىيىنچىلىقلار بولسا بۇ ھۆكۈمراننىڭ ئاجىز قۇللىرىغا ئايلانغانىدى.

ئۈمىد — ھايات. ئۈمىد — غەلىبە! توقسان بىر كۈن بولغاندا، بالىنىڭ پۇتىغا جان كىردى. بىر يۈز سەككىز كۈندە، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل بولدى. بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە كۈن بولدى، دېگەندە بالا ئورنىدىن تۇرۇپ دەسسىدى.

ئاھ! بۇ «يالاڭئاياق دوختۇر» ئۆمرىدە مۇشۇ چاغدىكىدەك غەلىبە ئىپتىخارىغا چۆمۈلمىگەن بولغىيدى! ئۇ يوپۇرغا ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قولىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېلىپ، ۋېناۋاركوزا كېسەللىكىنى ئوپېراتسىيە قىلغاندا، ناھىيە تارىخىدىكى بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتنى تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سالاپەتلىك سېكرېتارى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئېغىناپ كېلىپ، دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا لېنتا كەسكەندىمۇ مۇنچىلىك ھاياجانلانمىغان بولغىيدى! تۈرلۈك - تۈمەن كېسەللەرنىڭ ئاھۇ - زارى ھەم ھەر خىل كۆرەش، پىچەن - ھاقارەتلەشلەر ئىچىدە يۈرۈپ، يۈرىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن بۇ ئادەم ئۆز پۇتىنى قۇچاقلاپ ھۆڭ-ھۆڭ يىغلاۋاتقان باھارگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قوشۇلۇپ كۆزلىرىدىن تۇنجى قېتىم ياش تۆكتى.

× ×

ئۈچ نەپەر نامرات پالەچ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگە بولۇپ مەيدە قېقىشى بىلەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كىرىپ، ئۈچ دانە لۆملۆم سىم كارىۋاتنى ئىگىلىدى.

بۇ ئۈچ كېسەلنىڭ بىرى - كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىدىغان چاغلاردا قاپ يۇدۇپ داڭ چىقارغان ئازنىخان ئىسىملىك ئاتمىش ياشلىق «بەشتەكا پالەتلەنگۈچى» يېزا ئايالى ئىدى.

ئۇ تارتىشما خاراكتېرلىك پالەچ كېسىلى بىلەن ئاغرىغىلى ئون يىلدىن ئاشقان بولۇپ، پۇتلىرى يىغىلىپ تىزىدىنلا قاتلىنىپ قالغان. قول بارماقلىرى يىغىلىپ گويا كى بوكسورچىنىڭ مۇشتۇمىغا ئوخشاپ قالغانىدى. خۇداغا شۈكرى، بۇ ئايال ياش ھەم ساغلام چاغلىرىدا كوللېكتىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرگىنىگە يارىشا، مانا ئەمدى ئومۇمنىڭ پۇلى بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش، تېخىمۇ مۇھىمى داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى.

يەنە بىرى ئابابەكرى ئىسىملىك ئون بەش ياشلىق ئوغۇل بالا بولۇپ، ئىنچىكە بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى جانسىز ھەتتا ئۇرۇپ چۇل-چۇل قىلىۋەتسىمۇ، سەزمىگىدەك دەرىجىدە ئىدى.

ئۈچىنچى كېسەلنىڭ ئەھۋالىمۇ ئالدىنقىلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

دوختۇر ۋاھىت داۋۇت پالەچلەرنى بالنىتسىغا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئەمدىلا ئىش باشلىۋىدى كاشىلا چىقتى. ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان كەسپىي مەسئۇللار ھەمراھلىقىدىكى ئومۇميۈزلۈك كېسەل تەكشۈرۈش كۈنى، ئازادە كارىۋاتتا يېلى بوشاپ كەتكەن توپتەك لاپچىيىپ ياتقان كېسەللەرنى كۆرگەن ئايرىم كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشتى.

—ھوي! بۇ پالەچلەرنى كىم قوبۇل قىلدى؟

—كىم بولاتتى، دوختۇر ۋاھىت داۋۇت بۇلارنى داۋالاپ ساقايتقىدەك.

—نوبېل مېدىتسىنا مۇكاپاتى ئالىدۇ تېخى.

—ھا! ھا! ھا!

بۇ قورساق ئەستى گەپلەر تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئەتىسى بۆلۈمىدىكى بەزىلەر ۋاھىت داۋۇتقا پالەچلەرنى قايتۇرۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ۋاھىت دوختۇرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە پالەچلەرنى دورا مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئىشلىتىپ داۋالىغاندا، بىرەر ۋەقە چىقمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. ئەگەر شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ، مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈلىدىغان بولسا، بۇ مەسئۇل كىشىلەرگىمۇ تېگىشلىك نېسىۋە تەگمەي قالمايتتى.

شۇڭا بۇ پالەچلەرنى كۆزدىن نېرى قىلغان تۈزۈك، چۈنكى ھەر كىشىگە باشنىڭ تىنچلىقى ياخشى-دە!

ۋاھىت داۋۇتمۇ بۇ ئىشتا بوش كەلگىنى يوق. ئۇمۇ پالەچ كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى سۆزلەپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا توپلىغان تەجرىبىلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، قايىل قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، كىتابتا يېزىلغىنىنى ئۆزگەرمەس قانۇن دەپ چۈشىنىشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئادەملەر ئۇنىڭ ئېغىزىدىن كۆپۈك كەلگىچە سۆزلىگەن سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ قايىل بولمىدى.

بۇ گەپ بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتە-ئۆتمەي، دوختۇرخانا سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىگە قاتنىشىۋاتقانلارغا تىببىي ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دوختۇر چىقىرىش ھەققىدە يوليورۇق تاپشۇرۇپ ئالدى. كىمنى ئەۋەتىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇشمۇ ھاجەتسىز ئىدى.

ۋاھىت داۋۇت داۋالاش سومكىسىنى ئېسىپ، سۇ قۇرۇلۇش ئورنىغا بارىدىغان ماشىنىغا پۇتىنى ئەمدىلا ئېلىشىۋىدى، بىر نەچچەيلەن پالەچلەر ئورۇنلاشقان ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— راستگەپنى قىلساق، سىلەرنىڭ كېسەلىڭلارنى داۋالاش مۇمكىن ئەمەس، ئاۋارە بولماي قايتىپ كېتىڭلار!

— شۇ ئەمەسمۇ، تېخنىكىسى كامالەتكە يەتكەن تىببىي ئالىملار چاڭ خەيدىنى داۋالاپ ساقايتالمىغان يەردە، بۇ چەت ناھىيىدىكى ئاددىي بىر دوختۇر پالەچنى ساقايتالامتى؟

— كارىۋاتنى گالۋاڭ قىلماي ھازىرلا قايتىڭلار!

پالەچلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ بىر مەزگىل داۋالىنىپ كۆرۈش ھەققىدە گەپ قىلمىدى ئەمەس، لېكىن ھاجەتمەنلەرنىڭ سۆزى بىھاجەتلەرنىڭ ئالدىدا قانچىلىك قىممەتكە ئىگە بولالايتتى؟...

ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ھاپاش قىلىشى بىلەن دوختۇرخانىغا زور ئۈمىدتە كۈلۈمسىرەپ كىرگەن پالەچلەر يەنە شۇ تۇغقانلىرىنىڭ يەلكىسىنى قاماللاپ، دۈمبىسىگە مەھكەم چاپلىشىپ، ئۈمىدسىزلەنگەن، قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى.

سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدىكى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەن ۋاھىت داۋۇت يۈز-كۆزىدىكى چاڭنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا، پالەچلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تاپ بېسىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھال ئېيتتى. دوختۇر يۈز بەرگەن ئەھۋالنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پالەچلەرنى قايتىدىن بالنىتسىغا قوبۇل قىلىپ داۋالاشقا كىرىشتى.

يۈز-كۆزلىرىدە قايتىدىن تەبەسسۇم پەيدا بولغان پالەچلەر ئىككىنچى قېتىم داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى ئانچە ئۇزۇن بولمايلا، دوختۇر ۋاھىتنىڭ يۇرتىدىن ئانىسىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىپ قالدى. ئۇ ئالدىراش بىر نەچچە كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ ئەمدىلا يۇرتىغا ئالدىنى قىلىۋىدى، پالەچلەر ياتىقىدا يېڭى بۇيرۇقلار ئاڭلاندى:

— كېسەلڭلار ساقايمايدۇ، دېگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ پۇلىنى ئىسراپ قىلماي، ئۆيۈڭلەرگە قايتىپ كېتىڭلار!

— ھازىرغىچە ئاۋارە بولغىنىڭلارمۇ يېتەر!

— نەرسىلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ، كارىۋاتنى تېز بىكار قىلىڭلار!

باشقا گەپنىڭ تو يېمەيدىغانلىقىغا بۇرۇنلا كۆزى يېتىپ بولغان بىمارلار قاشاڭلىق قىلماي لا كارىۋاتنى بىكارلىغان بولسىمۇ، بۇ ئۆۋەت ئۆيلىرىگە كەتمەي، يۇرتىدىن قايتىپ كەلگەن دوختۇرنى دوختۇرخانىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى سىرتىدا دەرت تۆكۈپ كۈتۈۋالدى.

پالەچلەرنىڭ بۇ ھامىسى بۇ قېتىم بۆلۈمگە كىرگەن پېتى قايناپ كەتتى:

— سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلار قانداق ئىش؟ دوختۇرخانىدا كېسەللەرگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلساڭلار بولامدۇ؟

گويا چىشلىرى كىرىشىپ قالغاندەك ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم ئىنكاس قايتۇرمىدى.

مانا شۇنداق دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلىش، دوختۇرخانىدىن چىقىرىش ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. پەقەت ئون بەش ياشلىق ئابابەكرىنىڭ ئاتا - ئانىسىلا ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالماسلىقىنى تىلەپ، دوختۇرخانىدا ئۇنى ئاخىرغىچە ياتقۇزدى.

دوختۇر ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئابابەكرىنى كۆزدىتىپ، دورىلىرىنى ۋاقتىدا يېگۈزەتتى، ئۇكۇلىنى ئۆز قولى بىلەن سالاتتى. ئۈچ ئايدىن ئاشتى. ياخشى تائاملار بىلەن بېقىلغان بىماردا سەللا سەمرىگەندىن باشقا ئالامەت كۆرۈلمەيۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى مەسخىرە گەپلەر ئەۋجىگە چىقتى:

— قاراڭلار، لوقمان ھېكىمنىڭ كارامىتىنى كۆرىدىغان بولدۇق.

— نوبېل مۇكاپاتىغا ئىلتىماس قىلىدىغان ئىش سۇغا چىلاشتىمۇ، قانداق؟

— ھىم، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆككەننى ئازدەپ، دوختۇرخانىغىمۇ ئاھانەت تېپىپ بېرىدىغان بولدى!

بەزىلەر ۋاھىت داۋۇتقا «بۇنداق ئايىغى يوق ئىشنى ئەمدى يىغىشتۇرۇۋېلىڭ!»، «پالەچ كېسىلىنى داۋالىمىسىڭىز مائاشىڭىزنى تۇتۇپ قالاتتىمۇ؟» دېيىشتى. توغرا! ئۇلارنىڭ دېگىنىنىمۇ پۈتۈنلەي خاتا دېگىلى بولمايتتى. سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىغا رىئايە قىلىپ، باشلىق «ھايىت!» دېسە «لەببەي!» دەپ قويۇپ يۈرۈۋەرسىمۇ بولاتتىغۇ. ئۇنداقلار تېخى ئىنتىزامچان ئاتىلىپ پات - پات رەھبەرلەرنىڭ ئېغىزىدىنمۇ چىقىپ تۇرىدىغان گەپ. ھەتتا ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە «مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» بولۇپ مۇكاپاتلىنىدىغان تۇرسا!..

بىر ئىزدەنگۈچىگە نىسبەتەن مۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ، ۋاقتىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىش ئاقىلانىلىق بولمىسا كېرەك.

دەل شۇ مەزگىلدە بىماردا ئۆزگىرىش بولدى. پالەچ پۇتىنىڭ سەزگۈرلۈكى، قان ئايلىنىشى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. پۇت... پۇت مىدىرلىدى!..

بىر قېتىملىق ئومۇمىي تەكشۈرۈشتە، بىر مەسئۇل يولداش ۋاھىت داۋۇتقا ئابابەكرىنى سوغۇققىنا ئىما قىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇياق بالىنىتسىغا كىرگىلى قانچىلىك بولدى؟

— بىر يۈز يىگىرمە ئالتە كۈن.

— ھە؟! شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە قىلچە ياخشىلىنىش بولمىسا! مەن سىزگە باشتىلا تەكىتلىگەنىدىم، مۇنداق كېسەلنى داۋالاشتىن ئۈمىد يوق دەپ؟!

— مېنىڭچە ئۈمىد بار، - دوختۇر ۋاھىت داۋۇت شۇ سۆز بىلەن تەڭ ئابابەكرىگە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ پۇتلىرىنى گويا بىر نەچچە تونىنا بېتون تۈۋرۈكنى كۆتۈرۈۋاتقاندەك كۆچەپ يۈرۈپ، مىلىك بىر مۇشەققەتتە كارىۋاتتىن ساڭگىلىتىپ، يەرگە دەسسىدى. رېزىنكىدە ياسالغان سىرىكولدەك لىغىلداپ قاتلىنىشىپ كېتىشكە ئاران تۇرغان پاقالچاقلىرىنى تەستە باشقۇرۇپ بىر قەدەم چامدىدى - دە، كاپىدە كارىۋاتقا ئېسىلدى.

— ھە؟! ھېلىقى كىشى ئابابەكرىنىڭ تۇرقىغا بىر ھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن، گەپ - سۆز قىلمايلا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە مۇنداق كېسەلنى دورىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بىر ئىش قىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغاچقا، كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ مۆجىزىگىمۇ دەرگۇماندا ئىدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن ئون بەش كۈن ئۆتتىمۇ، ياكى ئۆتمىدىمۇ، يەنە بىر مۆجىزە يۈز بەردى. ۋاھىت داۋۇت ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدىلا ئۆيىگە كىرىپ تۇرۇشىغا، پالەچلەرنى قايتۇرۇشتا يۈرتىغا كەتكەن ئازنىخان يوغان پومپايغان داستىخاننى قولتىقىغا قىسقان پېتى كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالام دوختۇر!

— ھە؟! - دوختۇر دەسلەپتە كۆزلىرىگە تازا ئىشەنچ قىلالمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ بىر ھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن سورىدى:

— سىلە... سىلە ئازنىخانمۇ؟!

— نېمە؟! ئۆزلىرى داۋالاپ ساقايتقان مەندەك قېرىنى تونىماي ۋاتاملا؟ ھېلىقى ئوكۇللارنى كەتنىڭ دوختۇرى سىلە ئۆگەتكەن بويىچە ئۆزمەي سېلىپ قويدى. دورىلارنىمۇ زېرىكمەي يېدىم. توقسان يەتتە كۈن بولدى، دېگەندە يەنە ئايىغىمدىن شامال ئۆتتى.

ياق، ئازنىخاننىڭ باشقا گەپلىرى توغرا بولغىنى بىلەن داۋالاش ۋاقتىنى توغرا ھېسابلىيالمىدى. ئۇنىڭ دېگىنى پەقەت يېزىدىكى داۋالاش جەريانى، ئىلگىرى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالىغان ۋاقتىنى قوشقاندا، ئۇ بىر يۈز قىرىق ئۈچ كۈن داۋالانغانىدى. مانا بۇ ئاز كەم بەش ئاي دېگەن گەپ!

ئۇ گەپنىڭ ئاخىرىدىمۇ كۆتمەيمەم ئۆزىگە رەھمەت ئېيتىپ كەلگەن بۇ مېھمانغا مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئادەت بويىچە بىر پىيالە سىنچاي قۇيۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئازنىخاننىڭ قولىدىن پېتىلگەن پېتىسىرتقا چاپتى.

— قاراڭلار! مانا قاراڭلار! ئازنىخان ساقىيىپتۇ! ساقىيىپتۇ!...

پالەچلەرگە ئۈمىد بېغىشلاپ، بۇ ناھىيە دوختۇرخانىسىنىڭ نامىنى تاراتقان ۋە بۇ ئورۇندىكى كىشىلەر ئارىسىدا يېڭىباشتىن مۇنازىرە پەيدا قىلغان ھېلىقى ئىككى پارچە ماقالە دوختۇر ۋاھىت داۋۇتنىڭ يۇقىرىدىقى كەچۈرمىشلىرىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغانىدى.

× ×

مەن يازغانلىرىمنى دەلىللەش ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم بۇ دوختۇرخانىغا باردىم.

— سىلە يېقىندىن بۇيان بالنىتسىغا قوبۇل قىلىپ داۋالىغان پالەچلەرنىڭ شىپا تېپىش ئۈنۈمى قانداقراق؟

— كېسەلنىڭ ئېغىر - يەڭگىللىكى، داۋالاشقا ماسلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، شىپا تېپىش ئۈنۈمىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ھەر تەرەپلىمە شارائىت يار بەرگەن بىمارنىڭ شىپا تېپىش ئۈنۈمى يەتمىش پىرسەنتتىن ئېشىپ كېلىۋاتىدۇ.

— ساقىيالمىغانلار يوقتۇ؟

— بار! - دوختۇر ۋاھىت داۋۇتنىڭ قارامتۇل چىرايىدا ئەپسۇسلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى، - ئۇلار ئاساسەن داۋالاش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلالمىغان ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەرداشلىق بېرەلمىگەن بىمارلار.

ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ پالەچلەرنى داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئوخشاش بولمىغان پىكىردىكىلەرنى تەدرىجىي قايىل قىلىۋاتقان ئەللىك بىر ياشلىق بۇ دوختۇر 1987- يىلدىن بۇيان « پالەچ كېسەللىكى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلى »، « ئاق كېسەلنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە ئۇنى داۋالاش » قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان. دوختۇرخانىمۇ ئۇنىڭ پالەچ ۋە باشقا كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاپ بەرگەندىن سىرت، « مەسئۇل دوختۇر » لۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن. يېقىندا يەنە « مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس » نامزاتىغا كۆرسىتىپتۇ. ھازىر تۇرپان، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەن ئون نەچچە پالەچ كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بىمار ئۇنىڭ قولىدا داۋالىنىۋېتىپتۇ، باشتىن - ئاخىر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان دوختۇرخانا مەسئۇلى ياقۇپ ھەسەن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ پالەچلەرنى داۋالاش ئىشىغا كۆڭۈلدىكىدەك شارائىت يارىتىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن پەيدىنپەي ياخشىلاپ بېرىشكە تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن خېلى يېنىكلەپ قالدىم. لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئىشلار بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ چۈنكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ كەچۈرمىشىدە ئوڭۇشلۇق پۇرسەت ئاز، ئوڭۇشسىزلىق كۆپ بولىدۇ. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان سىرلىق تۈگۈنلەر يەنىلا بارلىقىنى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئىزدەنگۈچىلەرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە!

1988- يىل 8- ئاينىڭ 10- كۈنى

ھاجى ئەخمەت



# كەچكى تاماق

(ھېكايە)



كەچكى تاماققا ئولتۇرۇشتى. باياتىن بىرى كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك چىرايلىق ۋە زېرەك نەۋرىسىگە ھەييار تۈلكىنىڭ تاۋار قوشقاچنىڭ بالىلىرىنى ئالداپ يەۋالغانلىقى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىۋاتقان بوۋاي سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر پەس دېمىنى روسلىۋالدى-دە، قورۇپ كەتكەن ئېغىزىنى نەمدەش ئۈچۈن ئالدىدىكى چەينەكتىن پىيالىغا چاي قۇيدى.

— بوۋا، چاينى ئازراق ئىچكىن جۇمۇ، بولمىسا سىگەك بولۇپ قالىدىكەنسەن...

بوۋاي ئەمدىلا لېۋىگە تەككۈزگەن پىيا-

لىنى ئاغزى كۆيگەن كىشىدەك ئىتتىك ياندۇرۇۋېلىپ، داستىخانغا قويۇپ قويدى.

— تولىمۇ ئەقىللىقسەن‌دە، بالام، ھى... ھى... ھى... ئادەم قېرىغاندا مىجەزى ئۆزگىرىشچان بولۇپ قالىدىكەن.

بوۋاينىڭ كېلىنى تەخسىگە دۈۋىلەپ ئۇسسۇلغان ئاشنى داستىخانغا قويدى. دىماققا گۈپپىدە ئۇرۇلغان قەلەمپۇر، زىرە ۋە بىھىنىڭ خۇشپۇرىقى ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى.

ئوغلى بوۋاينى ئاشقا تەكلىپ قىلدى:

— دادا، قېنى ئاشقا باقسىلا.

بوۋاي «بىسمىللا...» نى پىچىرلاپ، قولىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاشتىن بىر كاپام ئالغاندىن كېيىن، ئەمدىلا ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىۋىدى، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى ئارىسىدىن بىر نەچچە تال گۈرۈچ داستىخانغا تۆكۈلدى.

— بوۋا، بوۋا، ئاشنى چاچماي يەڭ جۇمۇ، بولمىسا ئانام سىزنى «ئۆلمەيدىغان قېرى!» دەيدىكەن...

تېخى ئاشنى ئاغزىغا سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن بوۋاينىڭ قوللىرى لاسسىدە بوشىشىپ كەتتىدە، چاڭگىلىدىكى ئاش تىترەپ كېتىۋاتقان بارماقلىرى ئارىسىدىن تورۇكلاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۆي ئىچى بىردەم سۈكۈتكە چۆكتى. بوۋاينىڭ ئاغزىغا يىغىلغان سېرىق سۇنى «غۇرت» تىدا يۇتۇلغىنى، ئوغلىنىڭ جىددىيلەشكەن ئېغىر تىنىشلىرى قۇلاققا ئاشكارە ئاڭلاندى.

بوۋاينىڭ كېلىنى ئوغلىنىڭ «چاينى ئازراق ئىچىڭ، بولمىسا سىيگەك بولۇپ قالىدىكەنسىز» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك سېلىپ، مېيىغىدا كۈلۈپ قويغانىدى، ئەمما بۇ قېتىم ئۆزىدىكى ئوڭايسىزلىقنى بېسىش مەقسىتىدە بالىنىڭ ئاغزىغا يېنىككىنە بىر تەستەك سالدى:

— ھۇ شۇم ئېغىز، نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەي، قاچاڭدىكى ئېشىڭنى يە...

بىكاردىن - بىكار تاياق يېگىنىنى ھار ئالغان بالا قىقىراپ يىغلىغان پېتى ئۆزىنى ئارقىغا تاشلىدى. بوۋاينىڭ ئوغلىنىڭمۇ سەۋرى قاچىسى يېرىلدى:

— ھوي، بۇ قانداق قىلىق، ئاش ئۈستىدە بالىنى ئۇرۇپ يىغلاتقىنىڭىز نېمىسى؟!

— سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن! — دېدى بوۋاينىڭ كېلىنى ئۆپكىلەپ، — ئۆزۈم تۇغقان بالا بولغاندىكىن ئۇرامدىمەن، ئەركىلىتەمدىمەن، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى!

— ھە، مۇنداق دەڭ تېخى، نومۇسسىزلىقىڭىز ئاشكارىلىنىپ قالغاندا، مۇشۇنداق بىشەملىك بىلەن ئۇنى ياپىدىكەنسىز-دە!؟

خىجالەتچىلىكتىن يەرگە پېتىپ كېتىۋاتقان بوۋاي ئوغلىغا «ئاچچىقىڭغا ھاي بەر» دېمەكچى بولۇپ، ئەمدىلا ئېغىز ئۆمەللىۋىدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەن دەردى تېشىپ، غەزەپتىن دىر - دىر تىترەۋاتقان ئوغلى:

— ھۇ نومۇسسىز...! دېدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. بوۋاينىڭ كېلىنى «ھۇ» تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— نەچچە يىلدىن بېرى خەقنىڭ غالچىلىقىنى قىلىپ، سېسىپ ياتقاندا، پوق - سۈيدۈكىنى تۆكۈپ، تارتقان جەۋرى - مۇشەققىتىم ئاز كەلگەندەك، ئەمدى مەن ئاڭلىمىغان خەقنىڭ سېسىق گېپى قاپتىكەندە! ھۇ... ھۇ...

بوۋاينىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەن تىلى ئاران گەپكە كەلدى:

— مەن خۇش بولاي قىزىم، ئۆمرىڭىزگە دۇئا قىلاي، خاپا بولماڭ، ھەممە گۇناھ مەن قېرىدا، ھەي...

كېلىن بوۋاينىڭ سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالماي، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، ھۆ-
كۈرۈپ يىغلىغان پېتى ياتاقخانىسىغا كىرىپ
كەتتى. بوۋاي گويا قىش كۈنى ھەممە كىيىم-
كېچەكلىرى سالدۇرۇۋېلىنىپ، سىرتقا ھەيدەپ
چىقىرىلغان ئادەمدەك ئۆز - ئۆزىدىن قورۇ-
نۇپ، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك
شۈركۈنۈش ئىچىدە مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى.
ئاتىلىق مېھرى، سېغىنىش، پۇشايمان، خور-
لۇق ۋە يەنە ئاللىقانداق مۇرەككەپ، چىگىش
تۇيغۇلاردىن ھاسىل بولغان بىر خىل سېزىم
ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ئازابلاشقا باشلىدى.

ئاھ ئۆتكەن كۈنلەر... تۇسۇن تايدەك
ئويمۇ - دۆڭ كېزىپ يۈرگەن غەمسىز بالى-
لىقى، شورا ئاتلاپ، تۆكلۈكتىن سېرىلىپ چۈ-
شۈپ، قىزلار بىلەن مۇھەببەت ھوزۇرىنى سۈ-
رۈپ يۈرگەن يىگىتلىك چاغلىرى، «ئاللا-ئاللا»
دەپ نەرە تارتىۋاتقان تەڭتۇشلىرى ئارىسى-
دا خورازدەك گېدىيىپ، توي كۈنى قىز كۆ-
چۈرۈشكە بارغىنى، ئۆمۈرلۈك ھەمراھىسى بىلەن
بىر ياستۇققا باش قويغان چاغدىكى ئۇنتۇل-
ماس كېچە، تۇنجى قېتىم ئوغۇل پەرزەنت
كۆرگەن چېغىدىكى ئىچ - ئىچىدىن قايناپ-
تاشقان خۇشاللىقى، ئوغلىنى بويىغا مىندۈ-
رۈپ تۆگە - تاتاڭ قىلغانلىرى، ئوغلىنىڭ
بۇرتى خەت تارتىپ، قىزلىرىنىڭ سېرىق تۈك
بىلەن قاپلانغان يۈزلىرىنىڭ پارقىراپ-رەڭ
تۇزۇشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، قەدىناس
ئايالى بىلەن خۇشاللىق، ھەيرانلىق ئىچى-
دە غۇرۇر بىلەن كۈلۈشكەنلىرى، ئوغۇل ئۆي-
لەپ، قىز چىقىرىپ، نەۋرە كۆرگەندىن كې-
يىنكى سۆيۈنۈشلىرى... بىر - بىرلەپ كۆز
ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەم-
مىسى كىشىنى سېغىندۇرىدىغان ئەسلىمىلەر،
ھاياتنىڭ ئۇنىڭغا سېخىيلارچە بەخش ئەتكەن
خۇشاللىقى. ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە
قەدىرلەيدىغان كىشىگىلا ھاياتنىڭ خۇشال-
لىقى كۆپرەك نېسىپ بولىدۇ. ئەنە شۇنداق
قايغۇسىدىن خۇشاللىقى، رەزىللىكىدىن گۈ-
زەللىكى، مۇشەققەتتىن ھالاۋىتى كۆپرەك بول-
غانلىقى ئۈچۈنلا، ھايات كىشىلەرنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىدۇ، ياخشىراق ياشاشقا ئىنتىل-
دۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھايات تولىمۇ
رەھىمسىز. ئۇ سان - ساناقسىز خەتەرلىك
ھەم تىك داۋانلىرى بىلەن ئىنسانلاردىن
ئىبارەت ئۆز كارۋانلىرىنى سىنايدۇ. سەللا
بىخەستەلىك قىلغان ياكى يېرىم يولدا بەل
قويۇۋەتكەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇلار ئە-
جەلگە ئوخشاش قورقۇنچلۇق ئاغزىنى ئېچىپ
تۇرغان چوڭقۇر ھاڭغا غۇلاپ تۈگىشىدۇ، خا-
لاس. لېكىن ھوشيارلىق ۋە سەۋر - چىدام
بىلەن ئۇ قاتمۇ - قات ئېگىز داۋانلارنى بې-
سىپ ئۆتكەن غالىپلارمۇ غەلىبە خۇشاللىقىنىڭ
تەمىنى تېتىپ ئۈلگۈرمەستىنلا، ھەددىدىن
زىيادە كۈچىنىش نەتىجىسىدە ھارغىنلىق
ھېس قىلىپ، ئۆزىگە قېرىلىقنىڭ ئىلدام يې-
تىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەندىشە ئىچىدە كۆ-
رىدۇ. بوۋاي كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇ كېيىنكى
خىلىغا مەنسۇپ. ھايات داۋانلىرىدىن تىرى-
شىپ - تىرمىشىپ ئۆتۈپ كەتتى-يۇ، لېكىن ياش-
لىقتىكى كۈچ جاسارىتىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ
قالالمىدى. بولۇپمۇ قەدىناس ئايالىنىڭ
ئۆلۈمىدىن كېيىن، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا
ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەنلى-
كىنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران بولۇپ قې-
لىشتى. شۇندىن تارتىپ ھاياتنىڭمۇ ئۇنچە-
ۋالا قىزىقى قالمىدى. بوۋاي ئىشتىن باش
كۆتۈرۈپ، قولۇم - قوشنىلار قاتارى تۇرمۇش

قايىنىمدا ئۈزۈشكە باشلىغانىدى، لېكىن ئانچە ئۇزاققا بارمايلا تۇرمۇش ئېقىمى ئۇنى شاللاپ قىرغاققا چىقىرىپ قويدى. بوۋاينىڭ تىزى پۈكۈلۈپ، بېلى مۈكچىيىپ، قولى تىترەيدىغان، كۆزلىرى خىرەلىشىپ، يىراق - يېقىندىكى نەرسىلەرنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەپسۇس!... ئۇ ھېلىمۇ يەنە بۇرۇنقىدەك تاپقان-تەرگىنىنى بالىلىرىغا ۋە ھاجەتمەن كىشىلەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىدىن ھوزۇرلانسا، باشقىلارغا ئېغىرىنى سالماي، ئۆز كۈنىنى كۆن ئېتەلىسە، قانداق ياخشى بولاتتى- ھە!... لېكىن ئەمدى ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى.

بوۋاي قۇرۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىنىڭ نەملىشىپ، قورۇق باسقان مەڭزىدىن دومىلاپ چۈشكەن بىر تامچە ياشنىڭ شالاڭ ساقاللىرى ئارىسىدا قانداق غايىپ بولغانلىقىنى سەزمەي قالدى. قاچاندۇر قۇچىقىغا چىقىۋالغان مۈشۈكنىڭ مىياۋلىشى بوۋاينى ئۆزىگە كەلتۈردى. نەۋرىسى يىغلاپ ياتقان ئورنىدا ئۇخلاپ قالغان، ئالا - پۇچماق ئاسلان بوۋاينىڭ قوللىرىنى پۇراپ، گويا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىۋاتقاندەك كېتىپ - كېتىپ مىياۋلاپ قوياتتى. بوۋاينىڭ كۆزى داستىخاندا يېيەلمەي شۇ پېتى تۇرغان ئاشقا چۈشتى. ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولو سوۋۇپ قېتىپ قالغان، بوۋاينىڭ كېلىمۇ غىدىققىدە بولۇپ، ئىشتىيى ئاشقا تارتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

كەچكى تاماق... ھەي، تاماق ۋاقتى دېگەن ئائىلىدىكىلەر ھەممىسى بىر داستىخانغا جەم بولۇپ، خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتىدىغان، بۈگۈن ئەجەبمۇ كېلىشمىگەن بىر ئىش بولدى، - ھە!... كەچكى تاماق دېگەن راستىنلا شۇنداق كۆڭۈلسىز بولامدىغاندۇ-يا؟ ياق، بۇنىڭدىنلا ئەمەس، ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كەچكى ۋاقتىلىرى يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك، بايىقى خاپىلىق شۇنىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ؟!

بوۋاي دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، گۇگۇم چۈشۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە تۇغۇلۇپ - ئۆسكەن يېزىسى كېلىپ، كۆز ئالدىدا يېڭى بىر دۇنيا ئېچىلغاندەك بولدى. يېزا دېگەن قۇچىقى كەڭرى زېمىن، ئۇ بۇ يەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئۆز قۇچىقىغا ئادەملەرنىمۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە دەرت - قايغۇسىنىمۇ سىغدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ئادەم ئۇ يەردە بۇ جايدىكىدىن ئەركىنرەك نەپەس ئالىدۇ، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يەرنىڭ ھاۋاسىمۇ ساڭا ئۇزۇق بولىدۇ...

بوۋاي بىر ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ، قېتىپ قالغان گەۋدىسىنى ئاران - ئاران قوزغاتتى-دە، مۈكچەيگەن پېتى ئۆزى ياتىدىغان تارغىنا قازناق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ پەرۋا قىلمىغانلىقىدىن قېيىداپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا خورۇلداپ ياتقان ئاسلان قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ داستىخانغا يېقىنلاشتى. ئۇ دەسلەپتە بوۋاينىڭ چاڭگىلىدىن چېچىلغان گۈرۈچ دانلىرىنى تېرىپ يېدى، ئۆزىنى داستىخاندىن قورۇيدىغان ئادەم بولمىغاچقا، تەخسىدىكى ئاشقىمۇ تۇنجى بولۇپ ئېغىز تەككۈزدى. ئاخىرى ئاش ئۈستىگە بېسىلغان بىر پارچە سېمىز گۆشنى تالىۋالدى- دە، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

ئەتىگەنلىكى ئۆيدىكىلەر ئۈن - تىۋىشسىز ناشتىغا ئولتۇرۇشتى، لېكىن بوۋايدىن ھېلىغىچە دېرەك يوق ئىدى. قازناققا كىرىپ قاراشتى. ئورۇن - كۆرپىلەر رەتلىك يىغىپ قويۇلغان، بوۋاينىڭ دائىم ئۆزىدىن ئايرىمايدىغان ھاسا تايىقى كەچقۇرۇن ئېسىپ قويىدىغان ئورنىدا كۆرۈنمەيتتى.

1987 - يىل




(ھېكايە)

«تا ـ تا ـ تات!...»

بۇ ــ جىلغ ناھىيىسىنىڭ تويلا سازلىقىغا جايلاشقان دۈشمەن ئىستىھكامىدىن دۆڭلۈككە قارىتىپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى ئىدى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ كېچىدىن بېرى ئاشۇ دۆڭلۈكتە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئالىي رازۋېتچىكى سۇلتانىقىزنى ئەمدىلا سېزىپ قېلىشقانىدى.

تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن، قىسىمنىڭ جىڭغا ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاشتىن بۇرۇن ئۇ يەردىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە رازۋېتچىك ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتانىقىز شىتاب رازۋېتكا باشقارمىسىغا كىردى ـ دە، باشقارما باشلىقىنىڭ ئۈدۈلىدا توختاپ:

ــ باشلىق، جەڭچى سۇلتانىنەم ۋەزىپە ئۆتەشنى تەلەپ قىلىمەن، ـ دېدى ئۇنىڭغا چاس بەرگەندىن كېيىن.

باشلىق سۇلتانىقىزنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە زوقلىنىپ قارىغىنىچە: «ئەگەر ئۇرۇش مەزگىلى بولمىغان بولسا، بۇ قىز ھەرگىزمۇ مىلتىق كۆتۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك بۇنداق خەتەرلىك كەسىپنى تاللىمىغان بولاتتى...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى. چۈنكى ئۇ، سۇلتانىقىزنىڭ بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇشنى تاشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە قاتناشقانلىقىنى بىلەتتى.

ــ سىزنى بۇ قېتىمقى ۋەزىپىگە ئەۋەتەلمەيمىز، ـ دېدى باشلىق كېسىپ، ـ ۋەزىپە مۇشكۈل. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز...

ــ باشلىق، سىز مېنىڭ قىز بالا بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈنلا، بىخەتەرلىكىمگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ ـ دېدى قىز تىترەك ئاۋازدا. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خورلۇق ياشلىرى ياltىرايتتى، ـ بىراق گومىندالڭ

www.uyghurkitap.com



جاللاتلىرىنىڭ ئەڭ قاتتىق خورلاۋاتقىنى،
دەپسەندە قىلىۋاتقىنى ئالدى بىلەن بىز
ئاياللارغۇ!... ئۇلار ھېچقاچان بىزنى «سە نـ
لەر ئاياللىكەنسەن» دەپ ئاياپ قويغىنى يوقـ
قۇ؟! مەن ئاشۇ خورلانغان ئاياللارنىڭ ئىنـ
تىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەربىي كىيىم كېيىپ،
قولۇمغا قورال ئالغان. ئەگەر سىزمۇ مېنى
«ئەرلەر قىلالىغان ئىشنى قىلالمايدۇ» دەپ
قارىسىڭىز، ماڭا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خورلۇق
بولمامدۇ...

باشلىق سۇلتانەمنى قايىل قىلغۇدەك
سۆز تاپالمىدى ھەم ئۇنى سىناپ بېقىش قاـ
رارىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپـ
شۇردى. ئۇنى بەلگىلىگەن جايغا ئاپىرىپ
قويۇشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلىدى...

مانا ھازىر سۇلتانىقىز دۈشمەننىڭ قورـ
شاۋىدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردىن ساق ـ
سالامەت كېتىشى ۋە پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك
قاقماي، جانپىدالىق بىلەن ئىگىلىگەن ئاخـ
باراتنى شتابقا يەتكۈزۈپ بېرەلىشىمۇ بىر
گەپ بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ قىلچە بوـ
شاشمىدى. ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆـ
زەتمەكتە، چېكىنىش يولى ئىزدىمەكتە ئىدى.
«تا ـ تا ـ تات!»

دۈشمەن پۈتۈن ئوت كۈچىنى بارغانسېرى
سۇلتانىقىز يوشۇرۇنۇپ ياتقان جايغا مەركەزـ
لەشتۈرمەكتە، ئۇنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن
ئوققا تۇتماقتا ئىدى. ئەمدى داۋاملىق يوـ
شۇرۇنۇپ يېتىش پايدىسىز. دۈشمەن ئۆزمەي
ئوق ئېتىپ، ئۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن
قورشاپ كەلمەكتە؛ قورشاۋ دائىرىسى
بارغانسېرى تارايماقتا؛ دۈشمەن
ئون نەچچە، سۇلتانىقىز يالغۇز ئىدى.
ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلىق بۇ قىز شۇنچە
كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلەرمۇ؟ قارىغاندا،

سۇلتانىقىزغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغاـ
نىدى. ئۇ بۇنى ئېنىق سېزىپ تۇراتتى. لېـ
كىن ئۆلۈشنى خالىمايتتى. كۆزلىرىمۇ، كالـ
لىسىمۇ ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن ئىشلەۋاـ
تاتتى. ئەتراپنى كۆزەتتى: دۈشمەن پەستەـ
ئوچۇقچىلىقتا، ئۇ ئېگىزدە ـ دالىدا ئىدى.
ئەگەر تەمتىرىمەي دۈشمەنگە ئەڭ ئاخىرقى
بىر پاي ئوقى قالغىچە زەربە بېرەلىسىلا،
ئۆلگەن تەقدىردىمۇ قېنى بېكارغا ئاقمايتـ
تى. ئۇ مۇشۇ مەقسەت بىلەن قولىغا قورال
ئالغان ئەمەسمىدى؟ ئەمدى بۇ پۇرسەت كەلـ
دى، قېنى، سۇلتانىقىز كارامىتىڭنى كۆرسەت!

مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سۇلـ
تانىقىز ئاپتوماتىنىڭ تەپكىسىنى كۈچەپ باسـ
قانىدى، بىر نەچچە دۈشمەن كەينى ـ كەيـ
نىدىن يەر چىشلىدى. جېنىدىن جۇدا بولمىـ
غانلىرى ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يېتىۋېلىشتى
ۋە يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ، تىنىمسىز ئالغا
ئىلگىرىلەيتتى. سۇلتانىقىزنى تېخىمۇ شىدـ
دەتلىك ئوققا تۇتماقتا ئىدى. سۇلتانىقىزمۇ
بوش كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، دۈشمەن ئىلـ
گىرىلەشتىن توختىمىدى. ئارىلىق بارغانـ
سېرى يېقىنلاشماقتا؛ سۇلتانىقىز ئەڭ ئاخىرـ
قى بىر دىسكا ئوقىنى ئاتماقتا ئىدى. كۆـ
تۈلمىگەندە، ئۇنىڭ يېنىدىلا بىر تال گىـ
رانات پارتلىدى. سۇلتانىقىز بېشى قايغانـ
دەك بولدى ـ دە، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ،
يەر ئاستىدىن چىققان قانداقتۇر بىر غايىپ
كۈچ ئىتتىرگەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرـ
دى ـ يۇ، ھايال ئۆتمەي يېقىلدى.

ـــ ئوق چىقارماڭلار! تېرىك تۇتىمىز!

بۇ ئاۋازدىن سۇلتانىقىز ئاستا ـ ئاسـ
تا ئېسىگە كەلدى ـ دە، بېشىنى تەسلىكتە
كۆتۈرۈپ، پەسكە نەزەر تاشلىدى:
دۈشمەنلەر ئېھتىيات بىلەن ئالدىغا قاراپ

Altun0q

سىلجىۋېتىپتۇ. سۇلتانىقىز ھەتتا دۈشمەننىڭ شەپكىسىدىكى ئۇن ئىككى شولىنى ئېنىق كۆردى!

«دۈشمەن قولىغا ھەرگىز تىرىك چۈشمەيمەن!- دېدى قىز ئىچىدە پىچىرلاپ،- قېنى، كېلىشە!...»

قىز يېنىدىكى قورام تاشقا تايىنىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ شۇ تاپتا گىرانات پارچىسى ئۇزۇۋەتكەن سول قولىقىنىڭ قاتتىق ئاغرىشىنىمۇ ئۇنۇتقانىدى. ئۇ:

— ئازادلىق ئۈچۈن!... يوقالسۇن گومىنداڭ جاللاتلىرى! - دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغىنىچە، ئاپتوماتنى يېڭىباشتىن سايراتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئېلىشىۋاتقىنىنى قانداقتۇر تەڭداشسىز قەھرىمانلار بولماستىن، بەلكى دېھقان قىزلىرىغا خاس كېيىنگەن، ئۇستىبېشى قېپقىزىل قان بىلەن بويالغان، غۇنچە بوي، ياش ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر ھاڭ-تاڭ بولغىنىدىن ئەس-ھوشلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى. چۈنكى، ئۇلار بۈگۈنگە قەدەر كۆرگەن ئۇيغۇر قىزلار-باشقىلار تەرىپىدىن خورلانغان ھامان ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلىۋالىدىغان؛ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن قامچا ئاستىدا ئۈن-تىنسىز ياش تۆكىدىغان؛ دادىسى دېمەتلىك پۇلدار بايلارنىڭ ئۆزلىرىنى مەجبۇرلاپ خوتۇنلۇققا ئېلىشىنى خالىمىسىمۇ، ھايات قېلىش ئۈچۈنلا يىغلاپ تۇرۇپ ھەممىگە سۈكۈت قىلىدىغان بىچارە-ئاجىز قىزلار ئىدى. ئۇلار مۇنۇ كۆز ئالدىدىكىدەك قولىغا قورال ئېلىپ، ئۆز رەقىبلىرى بىلەن تىغمۇ-تىغ كۆرەش قىلىدىغان؛ بىر ئۆزى ئون نەچچە نەپەر قوراللىق دۈشمەن بىلەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئېلىشالايدىغان ئۇيغۇر قىزىنى كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ بېقىشمىغانىدى. شۇڭا ئۇلار تۇرغان جايىـ

دىن قىمىرلىشالمىدى. قىزمۇ ئېتىشنى توختاتتى. ئەمدى ئۇ يوشۇرۇنۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، گېگانت ھەيكەلدەك ئۆرە تۇراتتى.

خېلى يىراقتا-يولدا، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن بىر دانە «جىپ» توختىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى كىشى چۈشتى. بىرى، گومىنداڭنىڭ جىڭنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن يارىدەمچى تۈەنىنىڭ باشلىقى خۇ بولۇپ، يەنە بىرى، گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىنىڭ كىيىمىنى كەيگەن ياش ئۇيغۇر يىگىت ئىدى. ئىككىلىسى قولىغا دۇربۇنلىرىنى ئېلىپ، جەڭ بولۇۋاتقان جاينى كۆزىتىشكە باشلىدى. خۇ تۈەنجاڭ بىر قىزنىڭ ئون نەچچە نەپەر ئەسكەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. ئەكسىچە، ئۇيغۇر ئوفىتسېرنىڭ دۇربۇن تۇتقان قوللىرى تىترەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى.

«شۇ، دەل ئۆزى شۇ،- دەيتتى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ،- ئۇنى مەن مىڭ ئادەم ئارىسىدىنمۇ تونۇۋالالايمەن...»

— بېرىڭلار!- دېدى خۇ تۈەنجاڭ ئۇنىڭغا كەسكىن بۇيرۇق قىلىپ،- ئۇ قىزنى تىرىك تۇتۇپ قېشىمغا ئەكېلىڭ!...

ئوفىتسېر قىلچە ئىككىلەنمەستىن قىز تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ قىزغا ئەللىك قەدەمچە يېقىنلاشقاندا، ئىككى پاي ئوق بېشى ئۇستىدىن ئۆتۈپ كەتتى. قىزنىڭ ئاپتوماتىمۇ زۇۋاندىن قالدى. ئۇنىڭ ئوقى تۈگىگەنىدى. بۇنى دۈشمەنمۇ پەملىگەن بولسا كېرەك، يېتىۋالغانلىرى ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغانلىرىمۇ يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن چىقىپ، سۇلتانىنەم تەرەپكە سىلجىشقا باشلىدى. مانا، دۈشمەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقى پەقەت بەش مېتىردەكلا قالدى. ئوفىتـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سىر تېخى خېلى يىراقتا. سۇلتانەم ئاپتوماتنى يەرگە تاشلاپ، ئەڭ ئاخىرقى گىراناتنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ يىپىنى بارمىقىغا ئېلىپ، جەڭگىۋار ھالەتكە كىرگۈزدى: «ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغان تەقدىردىمۇ، دۈشمەن قولىغا ھەرگىز تىرىك چۈشمەيمەن!...»

ئۇ گىراناتنى كۆكرىكىگە تاقىغىنىچە، دۈشمەننىڭ تېخىمۇ يېقىنراق كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى، قىرىشقاندەك دۈشمەنلەرمۇ ئالدىغا ئىلگىرىلىمەي، قەدەممۇ قەدەم كەينىگە چېكىنىشكە باشلىدى...

— سۇلتانقىز، سۇلتانقىز!

قىز ئەجەبلەنگەن ھالدا، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى.

— ئەخمەت!... — قىزنىڭ تېنى ياپراقتەك تىترەپ، كۆزلىرى غەزەپتىن ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ، گىراناتنىڭ يىپىنى تارتىشقا تەييارلىنىۋېتىپ، — ھۇ، مۇناپىق غالمپالا — دەپ ۋارقىرىغانىدى، ئۇ ئېيتتى:

— سۇلتانقىز توختاڭ! مەن قېشىڭىزغا يېقىنراق بېرىۋالاي... ئۆلسەك، ئىككىمىز بىللە ئۆلەيلى، — دېدى.

سۇلتانقىز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى...

× ×

— سۇلتانقىز، سۇلتانقىز! توختاپ تۇرۇڭ، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاڭ! — ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچى ساقچى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى ئاخىرقى سۆھبىتى مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز باشلانغانىدى.

— بولدى، ئەمدى مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىيالمايمەن! — قىز ماڭماقچى بولدى. يىگىت ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، — ھە، يەنە نېمە دەيسىز؟

— سۇلتانقىز، بىزنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈشىمىزگە بىر نەچچە ئاي قالدى، ئىككىمىزنىڭ ئوقۇش نەتىجىمىز ياخشى بولغا-

دىكەن، ھۆكۈمەت بىزنى چوقۇم ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ، شۇ چاغدا بىز...

— ھىم... سىز تېخى ھۆكۈمەتتىن شۇنچە چوڭ ئۈمىد كۈتۈۋېتىپسىز-دە!... يۇرتىمىز چۆچەكتە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، مەن ھەرگىزمۇ سىز ئۈمىد باغلىغان ھۆكۈمەتنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى بوغۇزلايدىغان پىچاقنىڭ دەستىسى بولۇشنى خالىمايمەن! سىز خالىسىڭىز، مۇشۇ يەردە قېلىپ، كاتتا مەنسەپكە ئېرىشىڭ!... مەن ئەمدى بۇ يەردە بىر كۈنمۇ تۇرمايمەن، يۇرتۇمغا بېرىپ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قولۇمغا قورال ئالىمەن... بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق ئەنە شۇنداق ئايرىلىشقانىدى. تەقدىر بۈگۈن ئۇلارنى تار يەردە ئۇچراشتۇردى: بىرىنىڭ قولىدا بەتلەگلىك تاپانچا، ئىككىنچىسىنىڭ قولىدا گىرانات...

— سۇلتانقىز، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ! ئۆلىدىغان ئادەم سىز ئەمەس، ئۇلار! گىراناتنى ئۇلارغا ئېتىڭ!...

ئەخمەت قىزغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. قىز ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقناۋاتقان پۇشايمان ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت ئۇچقۇنىنى كۆردى. ئاھ... مۇشۇ كۆزلەر نۇرغۇن قېتىم مۇھەببەت زەخمىكى بىلەن ئۇنىڭ نازۇك يۈرەك تارىسىنى تىترەتمىگەنمىدى!؟ مانا ئەمدى يەنە شۇ كۆزلەر قىزنىڭ ئاجىز يۈرىكىگە كۈچ-قۇۋۋەت، ياشلىق ھاياتىغا ئۈمىد ئېلىپ كەلمەكتە. قىز نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ يىگىتكە دېلىغۇللۇق ئىچىدە تىكىلگىنىچە تىكىلگەنىدى.

— بۇ سىزمۇ؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتمايدىغاندىمەن؟

— مەن شۇ، سۇلتانقىز! ئەمەلىيەت سىزنىڭ گېپىڭىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

تۇرپان، توقسۇن، پىچاندىكى چوڭ قىرغىنچىلىق مېنى غەپلەت ئۇيقىدىن ئويغاتتى. مېنىڭ خۇتۇەنجاڭغا تەرجىمان بولۇپ بۇ يەرگە كېلىشتىن مەقسىتىم ـ سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېتىشكە پۇرسەت تېپىش ئۈچۈن ئىدى...

— ئەخمەت، مەن ئەمدى تىرىك قالمايمەن. ئەگەر مۇشۇ گېپىڭىز راست بولسا، مەن ئىگىلىگەن ئاخباراتنى بىر ئامال قىلىپ بىزنىڭ قىسىمغا يەتكۈزۈپ بېرىسىز...

— ياق، بىز بىللە كېتىمىز، ئۆلسەممۇ سىز بىلەن بىللە بولىمەن! تېز بولۇڭ، گراناتنى ئۇلارغا ئېتىڭ!

قىز ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىدى. بىر نەچچە گومىنداڭچى جەھەننەمگە ئۇزىدى. قىزمۇ ھۇشىدىن كەتكەنىدى. يىگىت ئۇنى كۆتۈرگىنىچە خۇتۇەنجاڭ تەرەپكە ماڭدى.

— ها ـ ها ـ ها... مېنىڭ يېنىمغا كۆمۈلگەن خەتەرلىك بومبىنىڭ ۋاقتىدا پارتلىغىنى ياخشى بولدى، ها ـ ها ـ ها!...

يىگىتنىڭ يوغان كۆزلىرى خۇتۇەنجاڭغا تىكىلدى، ئۇنىڭ ھېسسىياتقا باي كۆزلىرىدىن شۇ تاپتا ھېچقانداق ئالامەت سېزىلمەيتتى، ئۇنىڭ قىزنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر قولى قىزنىڭ بېقىنىنى بويلاپ ئاستا يېنىدىكى تاپانچىسىنى چىڭ تۇتتى. بۇنى خۇتۇەنجاڭ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەقدىم قىلغانىدى، خۇتۇەنجاڭ ھېلىمۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ئەخمەت، راستىڭنى دېگىنە، بۇ قىز سېنىڭ نېمەڭ؟

خۇتۇەنجاڭ ئەخمەتنىڭ تاپانچىسىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى-دە، تاپانچىسىنى ئەخمەتكە تەڭلىدى.

«تاڭ! تاڭ»

قىزىق ئىش، يىقىلغىنى ئەخمەت ئەمەس، خۇتۇەنجاڭ ئىدى.

«بۇ ئوقنى كىم ئاتقاندۇ؟»

— ئەخمەت، ئىتتىك ماشىنىغا چىقىڭ! ئىتتىك...

خەنزۇ شوپۇر شياۋتاڭنىڭ قولىدىكى تاپانچىدىن ئىس چىقىۋاتاتتى، خۇتۇەنجاڭنى شۇ يىگىت ئاتقانىدى. خۇتۇەنجاڭ بۇلتۇر ئۇنىڭ ئاچىسىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغانىدى، يېقىندا، ئىككى ئەمەلدار بىلەن ھاراق ئىچىپ قىمار ئويناپ، ئۇنى ئۇتتۇرۇۋەتتى ۋە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئەمەلدارنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇشقا قىستىدى، ئۇ، قەتئىي رەت قىلغانىدى، خۇتۇەنجاڭ ئۇنى ئۆلگىدەك ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويىدى.

«بەلكىم مەن ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگىچە، ئاچام تاياق ۋە خورلۇق ئازابىدا ئۆلۈپمۇ كېتەر»

شياۋتاڭ يول بويى مۇشۇ ئويىنىلا ئويلاپ كەلگەنىدى، ئويلىغانسېرى، زالىم يەزنىسىگە بولغان نەپرىتى قايناپ تېشىپ، قىساس ئوتلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيتتى، دوستى ئەخمەت تىلماچ بىلەن بىگۇناھ سولتانىقىزنىڭ ھاياتى يەنىلا شۇ زالىم يەزنىسىنىڭ قولى بىلەن ئاخىرلىشىشى جەزملىشىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، شياۋتاڭنىڭ تاقىتى چېكىگە يەتتى. ئەخمەتنىڭ خۇتۇەنجاڭ بىلەن ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش پىلانىمۇ كۆڭلىدىلا قالدى.

— ئەخمەت، ماشىنىغا چىقىڭ! ـ دېدى شياۋتاڭ ئەتراپىغا ئەنسىز نەزەر تاشلاپ ۋە ئەخمەتنىڭ ھەيران بولۇپ قاراشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ئۇنىڭ بىلەن سولتانەمنى ماشىنىغا چىقاردى. يىراق ـ يېقىندا تۇرۇپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋاقان ئەسكەرلەر ئېسىنى يىغىپ بولغىچە، «جىپ» ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يوللار بىلەن تۈنۈگۈن سولتانىقىز كەلگەن تەرەپكە ـ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى كونتروللۇقىدىكى ئازاد رايونغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

# ئىككى شېئىر



مۇكەررەم ئەبەيدۇللا پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شېئىر ئىجادىيىتىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئايال شائىرلاردىن بىرى. ئۇ، 1942 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ تاقىچىلىق مەھەللىسىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق چاغلىرى قەشقەردە ئۆتكەن. ئۇ، 1949 - يىلدىن 1953 - يىلىغىچە قەشقەر شەھىرىدىكى دوغىبەگ كۆلبېشى، توبېشى مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان، كېيىنچە ئائىلە شارائىتى تۈپەيلى، يۇقىرى مەكتەپلەرگە بارالمىغان بولسىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان قىزىقىشى كۈنسېرى كۈچىيىپ بارغان. ئۇنىڭ «ۋەتەن» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1959 - يىلى دۆلەت بايرىمىنىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردە بېسىلغان «قىزىل ناخشىلار» دېگەن توپلامدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇ بىر قانچە يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا بىر مۇنچە ياخشى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. 1984 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان، شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ «بۇلبۇللار نەزمىسى» ناملىق كوللېكتىپ توپلامدا ئۇنىڭ 45 پارچە شېئىرى «كۆكلەم جىلۋىسى» ماۋزۇسىدا ئېلان قىلىندى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىلى ئۇنىڭ «سۆيگۈ گۈللىرى» ناملىق مەخسۇس شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىرمۇنچە شېئىرى ئەسەرلىرى «تويي تەنتەنىسى»، «ئانىلار قەلبى» قاتارلىق كوللېكتىپ شېئىر توپلاملىرىغا ئېلىندى. ئىككى پارچە ھېكايىسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنە «گۈل لىرىكىسى»، «ئەقىدە» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىنى نەشرىياتلارغا سۇندى.

شائىر مۇكەررەم ئەبەيدۇللا گەرچە ئائىلە ئايالى بولسىمۇ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، داۋاملىق ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلماقتا.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

— تەھرىردىن

## مارت چېچەكلىرى

## ياشلىق كۈيى

ياشلىق، ئاھ ياشلىق نۇرجۇلا پەسىل،
بولارمۇ گۆھەر، سېنىڭچە ئېسىل؟!
گۈزەللىك سۆيگۈ ئۇرغۇغان ۋەسىل،
ئايمۇ ئالدىڭدا بولغۇسى خېجىل،
شۇنداق پەسىلسەن، شۇنداق بىر ئېسىل.

مەزمۇت باقۇۋۋەت مەردۇ - مەردانە،
يۈرەك تېنىمسىز، ئوتقا پەرۋانە،
ھايات بەيگىسىدە ئۈزۈپ جەۋلانە،
ئىشەنچ ئۈمىدتە سۈرۈپ دەۋرانە،
شۇنداق پەسىلسەن، شۇنداق بىر ئېسىل.

تاغنى يۈلىسەن تۇتساڭ قامالاپ،
قىسىسەن گۈلنى، چېكەڭگە تاللاپ،
كۆزلىسەڭ نېمىنى ئارزۇ ئىشالاپ،
مەنزىل سېنىڭ، گەر ئۆتسە ئاي يىللاپ،
شۇنداق پەسىلسەن، شۇنداق بىر ئېسىل.

تاڭ سەھەر ئاتقان كۈنىڭ تېگىسەن،
ھەر نېمە مۇشكۈلات بولسا يېڭىسەن،
دىلبەرلەر ئىشقى - پىراق جېنىسەن،
تۇرغان پۈتكۈل ئۈلۈك ئالتۇن كېنىسەن،
شۇنداق پەسىلسەن، شۇنداق بىر ئېسىل.

دەرىخا! كۈز بىلەن ئالمىشىپ بىر كۈن،
كۆپ ئۆتمەي قىشقا ھەم يانىدىشىپ بىر كۈن.
ياستۇق كۆرپىگە سۇڭدىشىپ بىر كۈن،
كېسەللىك بىلەن مۇڭدىشىپ بىر كۈن،
تۇزۇيسەن باھارسىز ئەي ئېسىل ۋەسىل،
شۇنداق پەسىلسەن، شۇنداق بىر پەسىل.

## ياشلىق سۈرىتى

سەرۋى سانا بەر بويلىرى زىبا،
تۆرەلگەن، سەدەپ، مەرمەردىن گويا.
تۇرغان سىياقى چېچىپ نۇر زىيا،
باققانچە تويماي بولغان مەھلىيا،
بۇ گۆھەر ياشلىق، ياشلىق سۈرىتى.

قالغاچ قاناتى قايرىلما قاشلەر.
يەلپۈنگەن بەلدە، سۇمبۇلدەك چاچلەر،
ئاھۇ كۆز يېنىپ، چاچار ئوتقاشلەر،
بېزىگەن شۇنداق ئۇستا نەققاشلەر،
بۇ گۆھەر ياشلىق، ياشلىق سۈرىتى.

يۈزلىرى بىر گۈل، ئېچىلغان غۇنچە،
لەۋلىرى گىلاس، چىشلىرى ئۈنچە،
خال بىلەن زىناق ياراشقان شۇنچە،
بىر - بىرىدىن ساز، ماس كېلىپ مۇنچە،
بۇ گۆھەر ياشلىق، ياشلىق سۈرىتى.

دىلغا ئوت ياققان قىيا بېقىشى،
رىشتىنى چاتقان، كىرپىك قېقىشى،
ياراشقان مۇھەببەت گۈلى ئېچىشى،
جىسمىدا سۆيگۈ فونتان ئېتىشى،
بۇ گۆھەر ياشلىق، ياشلىق سۈرىتى.

بۇ، بۈيۈك سۈرەت، شۇنداق جەلىپكار،
جۇشقۇن ۋە مەغرۇر، قەۋەت بەختىيار،
گۈزەللىك ياققان، ۋەسلى بىغۇبار،
كۆڭۈل ئارزۇسى، تويماس ئىنتىزار،
بۇ گۆھەر ياشلىق، ياشلىق سۈرىتى.

يىل ئۆتكەنسېرى پەسلى ئۆزگىرىپ،
بۇ گۈزەل سۈرەت بىردىن يۈز ئۆرۈپ،
بۇرۇن باققانلەر، تويماي تەلمۈرۈپ،
ئەپ قاچار كۆزىنى، بۇ ھالنى كۆرۈپ،
ئاھ... پەسلى قىسقا، ياشلىق سۈرىتى.

رەشىدەم سېيىت

# شېئىرلار

## ئۈجمە

يازنىڭ ئۆتمەي ئاقىرىپسەن ناۋاتتەك،
ناۋات ئەمەس، خۇددى ياقۇت ھەر مېۋەڭ.
شاخ ياپىسەن سېخىلىقتىن ئەتراپقا،
ئەل دىلىدا چاقنار سېنىڭ مەرتىۋەڭ.

ھەر سەھەردە ئەتراپىڭنى ئايلىنىپ،
بوي ئۈزۈم يەتكەن شاخلىرىڭنى ئېگىمەن.
ھوزۇرلىنىپ تەنگە شىپا مېۋەڭدىن،
شاخلىرىڭغا ئەسىر بولۇپ كېتىمەن.

تۇۋا، دەيمەن مېۋىلىرىڭ تۈگىمەس،
داستىخان تۇتۇپ ئېغىتسامۇ نەچچە رەت.
قوۋزاقلىرىڭ دورا ئىكەن، ئاڭلىسام،
سەن بار يەردىن قاچار ئىكەن كېسەل-دەرت.

ھەيرانلىقىم ئاشار باقسام غولۇڭغا،
شاخلىرىڭ ئاق، ياپراقلىرىڭ ياپ-يېشىل.
لېكىن مېۋەڭ قارا بىلەن ئاق كەلگەن،
شەربىتىدىن سۆيۈنىدۇ ھەر-بىر تىل.

ھەر كۈنلىكى نەچچە بېرىپ قېشىڭغا،
مېھرىڭ تارتىپ ئاش-تاماقتىن قالىمەن.
لىق تولدۇرۇپ تېرىپ جانان چىنىگە،
دوستلۇرۇمغا يېگۈلىق دەپ تۇتىمەن.

تۆھپىكارلىق ۋۇجۇدۇمدا بىخ سۈرسۇن،
ئەل دىلىدا شاخلاي ئەبەت جىسمىڭدەك.
سېخى بولاي ئەل ئىشىغا يارامىلىق،
مەنمۇ ئەلگە مېۋە بېرەي سېنىڭدەك.

## تونۇر

قۇياش بىلەن تىركىشىدۇ لاۋالار،
ئۈندەش بېرىپ ئۇچقۇنلاردىن ئاسمانغا.
چوقالاردىن تىزلىرىنى پۈكۈشۈپ،
چۈشتى ئاخىر تونۇر دېگەن قاپقانغا.

تىپىرچەكلەيدۇ، يالتىرايدۇ، تۈتەيدۇ،
غالجىرلىشىپ گەزنىلەرگە يامىشار.
نەچچە يىللاپ ئوتتا كۆنىك بىر جۈپ كۆز،
يالقۇنلارغا قاراپ-قاراپ قامىشار.

ئاق چاچلىرى پېژىلدايدۇ تولغىنىپ،
ھەر بىر نانىنى قىسقۇچ بىلەن ئالغىچە.
ئوت شورايدۇ، يۈكۈنگەن شۇ تىزلىرى،
قېتىپ قاخشال بولار تاڭدىن تۈنگىچە.

قېرىلىقتىن گۆشى قاچقان بىلەكلەر،
كۆيىك دېغى بىلەن پۈتۈن قاپلانغان.
شەلۋەرىگەن قورۇق باسقان يۈزلىرى،
ئاچچىق دۈتتا قاپاقلىرى قاتلانغان.

تاللاپ يەيدۇ چىرايلىقنى بالىلىرى،
قالار كۆمەچ، چىشى يوق شۇ ئانىغا.
بەزى تېخى قاتتىق-قۇرۇق نانىكىن دەپ،
قالار ھەتتا تۈمەنلىگەن تاپىغا.

## ئەزىزە

(يازغۇچى مۇھەممەت ئېلى زۇنۇننىڭ شۇ ناملىق دىرامىسىنى كۆرگەندىن كېيىن)

قىمىش، قىراۋ زەربىدىن تىترەيدۇ دەرەخ،
ئاقارغان دالىنى كۆردۈم، ئەزىزە.
بېشىنى ئېگىشكەن ئاق باش تاغلارمۇ،
بىر ماتەم تۈسىنى بىلدىم، ئەزىزە.

گۈل ئەمەس غۇنچىنىڭ جەزبىلىك ئاچايىپ،
يۇرتۇمنىڭ باغرىدا كۈلگەن، ئەزىزە.

مېھنەتتە ياشاشنى دوستلىرىڭ بىلەن،
سەنمۇ ھەم دەسلەپتە بىلگەن، ئەزىزە.

قاي بوران قۇيۇنلار ئويناپتتى سېنى،
باغرىڭنى ھەسرەتلەر تىلدى، ئەزىزە.
ياق، بوران ئەمەس ئۇ، نادان- تەلۋىلىك،
سېنى بىر ئويۇنچۇق قىلدى، ئەزىزە.

نېمىشقا توۋلىماي بەختىڭگە چۇقان،
جىمغىنا ۋەتەندىن كەتتىڭ ئەزىزە؟
داداڭغۇ پۇلنى دەپ مەستانە بولدى،
سەن قايسى مەقسەتكە يەتتىڭ ئەزىزە؟

قاي زامان، قايسى چاغ، قايسى دەۋر بۇ؟
ئۈمىدسىز ئاپتاپتەك ئۆچتىڭ، ئەزىزە.
ئاپتاپمۇ پارلايدۇ كۈن چىقسا يەنە،
كەلمەسكە جاھاندىن كەچتىڭ، ئەزىزە.

يۈرىكىڭ قېتىدا قەھرىمان نوزۇك،
ئەرك دەپ قىلغان جەڭ يوقمۇ، ئەزىزە؟
دىلىڭدىن كەچمىدى ئانا ئەل ئۈچۈن،
رىزۋانگۈل ياغدۇرغان ئوقمۇ، ئەزىزە.

ياراتتى بىر مەشھۇر قەلەم ئىگىسى،
ۋەتەندە كۆچمەس بىر قەبرە، ئەزىزە.
كۆچۈپ كەل، يات ئەلدە قويما روھىڭنى،
قەبرەڭنى ئۆرىگىن — تەۋرە، ئەزىزە.

**تۇنسا ئوسمان**

# ئىككى شېئىر

## ئىتتىپاقلىق ناخشىسى

ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىق دەۋرىمىز كۆركى جۇلاسىدۇر،
بۈگۈن ئەل ئىتتىپاق ھەر جايدا توي، نەغمە ساداسىدۇر.

ئىناقلىق باغىدا كۆركەم ئېچىلدى رەڭمۇ رەڭ گۈللەر،
مۇقام مەرغۇل غەزەلخان بۇلبۇلىنىڭ شوخ ناۋاسىدۇر.

زامانلاشماق ئېلىم خەلقى ئۈچۈن بىر كەۋدە - جان بولسا،
ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق دەل ئۇنىڭ جۈپ كۆز قاراسىدۇر.

سەپەردە بۈيۈم قوشۇنغا تاغ بىلىنمەس چالما - داڭگالدەك،
ئىناقلىق زېمىنى چەكسىز، ئىجادكارنىڭ ساماسىدۇر.

كىمىكى بولمىسا غاپىل ئىناقلىققا كۆڭۈل بەرگەي،
ئىناقسىزلىق ئىشى ئاقىل كىشىنىڭ زور خاتاسىدۇر.

ھەسەتخورلۇق ئوتى قوزغايدۇ تار دىلدا پاسات - پىتنە،
شۇ ۋەجىدىن دوستقا تاش ئاتماق كۆڭۈلنىڭ داغ - ئالاسىدۇر.

ئەقىل، ھوش بولسا ھەر كىمدە قازاننى چاقمىغاي ئاش يەپ،
ۋاپاغا قىلسا تۈز كورلۇق، ساقايماس دىل ياراسىدۇر.

بولۇشماي ئىنتىلىپ چىقماس ۋۇجۇتقا چوڭ ئۇلۇغ ئىشلار،
قالاقلىق، كەمبەغەللىك ھەم ئىناقسىزلىق بالاسىدۇر.

ھەزەر ئەيلەيلى ھەر دائىم نىزا، جاڭجال، ئاداۋەتتىن،
ئىناقلىق رەنجىگەن دىلنىڭ شىپا مېھرىگىياسىدۇر.

## مۇھەببەت دەمسەن، مەنپەئەتمۇ؟

يۇرەتتىڭغۇ ھەممىشە يار ئۈچۈن جاندىن كېچەرمەن دەپ،
جۇدا بولماي ئەبەت — مەڭگۇ نىگار بىرلە ئۆتەرمەن دەپ.

ئىشەنچتىن چىڭ كەمەر باغلاپ بېلىڭگە ئۇ نىگارىڭمۇ،
نىيەت قىلدى ئوقۇشتىن كەلگىچە جەزمەن كۈتەرمەن دەپ.

مۇھەببەتتىن تېپىپ غەيرەت، ئىشىڭدا شان قۇچۇپ سېختا،
مېداللار ئاستى كۆكسىگە سېنى شادىمان ئېتەرمەن دەپ.

كېتىپ بىر يىل ئۆتە — ئۆتمەي خېتىڭ قالدى جىمىپ بىردىن،
ئىشى جىددىي... دېدى يارىڭ بۇ ھىجراننى يېڭەرمەن دەپ.

كېلىپ بىر كۈن خېتىڭ تەگدى، ئوقۇپ تاڭ قالدى ئۇ دىلبەر،
يېزىپسەن: «بەس، مېنى كۈتمە، ساڭا ئىقبال تىلەرمەن» دەپ.

سەۋەبىڭ بوپتۇ داشۆدىن چىقىپ بولغانىدا «چوڭ كادىر»
ئۆزى ئىشچى، ماتاشى ئاز كىشىنى مەن نىتەرمەن، دەپ.

مۇھەببەت ئىشىكىدىن كىرگەن يىگىت دەسلەپتە سەن قايدىن؟
ھېسابات چوتىنى سوققان نى مەقسەتكە يېتەرمەن دەپ.

ئەمەس جان بەلكى پۇل، نامدىن كېچەلمەيسەنغۇ ئۈشبۇ كۈن،
تەۋەككۇل قىپمىدىڭ ياردىن دەپى — دۇنيا ئۇتارمەن دەپ؟

نۇرگۈل مىجىت

## ئىككى شېئىر

### سۆيگۈ — كوكۇم ئاخشىمى

ئاچچىق شامال بەرمەكتە بەلگە،
يوپۇرماقنىڭ ھەسرەتلىرىدىن.
قوڭۇر رەڭلىك غۇۋا بۇ كوكۇم،
سۆزلىمەكتە قىسمەتلىرىدىن.

نىگاھلىرىڭ شۇنچە بىتاقەت،
چېھرىڭ شېئىر، بىلمەيسەن ئوماق.
ئىسسىنكىرەپ قارايسەن گاھى،
كوكۇم سىڭگەن يوللارغا ئۇزاق.

كۆزلىرىڭدە يالتىرار شەبنەم،
مۇڭلىرىڭنى قىلىپ نامايەن.
موماق كەبى ساماۋى چۆچەك،
سۆزلەرمىكىن ساڭلا ئاسمان.

چاچلىرىڭدىن رەڭ ئالغان كېچە،
بۇ تۈن ئالدى شەپەقسىز كوكۇم.
ئەقىدەڭگە بېغىشلاپ نىگار،
بۇ سەن ئۈچۈن ياراتقان كۈيۈم.

× ×

كۈي كۈيلەيدۇ ئاداققى قۇشلار،
باسقىنىڭدا ئالەمنى كوكۇم.
قەدىم ئورمان مۈگىدەر بىھوش،
چۈش كۆرىدۇ ياپراقلار كۆجۈم.

ھۈركىنگەندەك لاچىنىدىن كەپتەر،
پالاقلار قۇش قاناتىنى ئۇرۇپ.
چۆچۈيدۇ گاھ قەدىمى ئورمان،
شامال يانداپ ئۆتىدۇ ئۇچۇپ.

ئاھ، خىياللار تاتلىق شۇ قەدەر،
ناخشىسى بۇ كونا ئورماننىڭ.
چۈشەكەيدۇ يادلايدۇ تىنماي،
بەگباش ئارزۇ ئەسرى ماناننىڭ.

قاخشال دەرەخ ئۈستىدە چاڭگا،
يوق ئۇنىڭدا نە توخۇم، نە قۇش.
شامال گاھى شىۋىرلىغاندا،
ئورمانلاردا يەنە ھودۇقۇش.

× ×

قارىغىنا بوشلۇققا نىگار،
بولۇپ قاپتۇ بۇلۇت ئايسمان.

ئېيتىپ بېرەر سىرلىرىنى ئۇ،
يالغۇزسىراپ قالغاندا ھامان.

پۇچىلانما، مۇڭلانما، ئوماق،
تىڭشا ئورمان ناخشىسىنىمۇ.
چۈنكى ئۇ ھەم ناخشامدۇر مېنىڭ،
سۆيگۈ — كوكۇم ئاخشىمىدىمۇ.

**ئىزدىنىش**

ئاڭلىمىغان سۆيگۈدىن قوشاق،
بىلمەس ئىدىم، ناخشا تۇۋلاشنى.
ئۆگەتتىڭمۇ ناخشا دەپ ماڭا،
كېچىلەردە ئەنسىز ھوۋلاشنى؟

ئۆزۈڭ كىمسەن؟ بىلمەسمەن ئەسلا،
چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىدىڭ.
مەۋجۇتمىسەن يا ئالدامچى روھ،
پۈتمىشىڭ ياخىيالمۇ سېنىڭ؟

قارچۇقۇمنى كەتتىڭ يېتەكلەپ،
سۇرەتلەردىن ئاڭلايمەن ئاۋاز.
ئۇ شۇقەدەر مەۋھۇم بىر نىداھ،
ئاشۇ نىداھ سېنىڭكىدەك ساز.

قوغلىشىمەن ھەر كەچ، ھەر سەھەر،
نىداھلاردىن سۇرىتىڭ سىزىپ.
يېتەلمىدىم، يېتەلمىدىم ھېچ،
شەيتانمۇ سەن، قالدىمغۇ ئېزىپ؟!

پىنھاندۇرسەن، گۈزەلسەن، گۈزەل،
تاپالماسمەن بەلكى تا ئەبەد.
پۈتمىشىڭدىن شورلۇقمىدىڭسەن،
ۋاپاسى يوق سارىڭ ھەقىقەت!

**ئامىنەگۈل ھېكىم**

## تەبىئەت لىرىكىلىرى

### سېھىرلىك كېچە

ئايدىڭ كېچە، سېھىرلەرگە باي،
زەنجىرسىمان چۈشلىرى تالاي.
تۈڭلۈكىدىن ساماغا بېقىپ،
ئۇلۇغ كىچىك تىنىدۇ موماي...

ئۇ سۆزلەيدۇ مۆڭلۈق پىچىرلاپ،
«ئەجەب ئوبدان ئادەمتى بوۋاڭ»
نەۋرىسىچۇ، نەۋرىسىنىڭ بىراق،
چۈشلىرىدە يېڭى بىر ئاھاڭ.

بەرگىنىدەك سۈبھى ئارىيە،
كىرپىكلەردە ئوينىسا شەبنەم.
ئۆكسۈشلەرگە ئەيلىسە سۈكۈت،
دېگۈلىكمۇ نەۋرىنى بېغەم.

### سەيلىگاھتا تارتىلغان سۈرەت

زىناقلانغان زەڭگەر رەڭ ئاسمان،
جىيەكلىرى ساھىلغا تۇتاش.
دولقۇنلاردا يۇيۇنغان ئېكران،
تىمتاسلىقتا ئىز سالار قۇرداش.
سۆيۈپ ئۆتسە بەگباش، شوخ شامال،
قىز سىلكىتەر دۆڭلۈكتە رومال.

ئويچان تاغلار ھەيكەلسىمان ۋاھ،
بوي كۆرسىتەر يىراقتىن خىرە.
ئاقۇش مانان قونغان سەيلىگاھ،
قۇچاق يېيىپ تارتقان مەنزىرە.
ئالتۇن قۇياش تالالىرىدا،
جىلۋىلىنەر ھەر تال گۈل ـ گىياھ.

### قىرغاقتىكى لىرىكا

ئۇپۇقىدا قىزىل چاچقۇ، كۆك جىلۋىدار،
سىزىملىرى دەريا تامان كەتكەن تاراپ.
بېلىقچىلار پىلتىلىك ئېتىپ گاھ شۇڭغۇيدۇ،
يېنىك دولقۇن نازلىنىدۇ قىرغاق يالاپ.

ئاسمانغا بويسوزغان مەغرۇر ئاقچوققىلار،
بۇلۇتلارنى دولىسىغا ئەتكەن ھاپاش.
غەمسىز ياتار ئۆگىدەكتە ساھىل ھامان،
ئۇپۇق بىلەن گىرۋەكلىرى تۇرار تۇتاش.

ھېسسى دۇنيا ئاسمىنىدا پەر قاقىدۇ،
ئاققۇسىمان، ئاققۇلارغا مىنگەن خىيال،
شىرىقلىشىپ سىر ئېيتىشار ياپراقمۇ ھەم.
ئەركىلىتىپ قاچقىنىدا ئويناق شامال.

× ×

ئۇپۇقىدا قىزىل چاچقۇ، كۆك جىلۋىدار،
سىزىملىرى دەريا تامان كەتكەن تاراپ،
دولقۇنلارغا نۇر تۆكىدۇ يىگانە ئاي،
مەستۇرلىك ئۇپۇقىدىن ئاستا ماراپ.

**خانىئايىم ياقۇپ** (ئۆزبېك)

## مېھرىم كەڭ دېڭىز

ئادەممەن سەزگۈ بار ئۆلمىگەن تېرىك،
تۇپراقتىن ياسالغان ھەيكەل ئەمەسمەن.
ئادەممەن، تېتىغان ھايات قەدرىنى،
ئىنسانغا بەھرى يوق بىر خەس ئەمەسمەن.

ئىنتىلىش، زوقلىنىش تۇرغان پۈتكىنىم،
تارتىدۇ مەيلىمنى ھەر خىل گۈل ـ چىمەن.
جىسمىمدا ئۆزگىچە ئىسسىق ھارارەت،
قەلبىممۇ سەممىمىي، بىغۇبار، تېمەن.

AltunOq

قارىسام ھاياتنىڭ ئىللىق چېھرىگە،
ئۇ شۇنچە خۇشچىراي گۈزەل ۋە نۇرلۇق.
سەھنىسى بەختنىڭ پۈتمەس ماكانى،
تەبەسسۇم جىلۋىسى دىلىمغا ئوزۇق.

جاھانغا تۇغۇلدۇم يوقتىن بار بولۇپ،
يوقايدۇ بۇ جىسمىم يەنە بىر ئۆلسەم.
كىم مېنىڭ بارىمغا بولىدۇ گۇۋاھ،
ئىز سالماي جاھاندىن مەنىسىز كەتسەم؟!

نەزەرىم ئېگىزدە، نەزەرىم يۈكسەك،
كەچمەيدۇ دىلىمدىن ئەسلا پەس خىيال.

ئۇچسام دەپ ئاسماندا، ئۇچىمەن دېمەك،
لاچىندەك پەرۋاز قىلىپ، بولسىلا ئامال.

بورانلار ئېپ كەتسە، مەيلى دوپپامنى،
ۋە بىرسى قەددىمنى ئېگەلمەيدۇ پەس.
تەلپۈنگەن يۈرىكىم ئىجاد ئىشقىغا،
ئۇنىڭسىز بۇ ھايات قەپەز ماڭا، قەس!

ئوكيانچە مېھرىم بار گۈزەل ھاياتقا،
شۇ سەۋەب باغرىمنى ياقىمەن ئاڭا.
قەلبىمنى يورۇتسا سەھەر شەپەقى،
ھاياتتىن شادلىنىپ باقىمەن ئاڭا.

**گۈلسۈم ئوسمان**

## ئىككى شېئىر

### گۈزەل قىرغاق

گۈزەل قىرغاق، ئاھ گۈزەل قىرغاق،
مەنىز دىلىڭگە يېتەرمەن قاچان؟
كۈنلەر ئۆتتى ھىجراندا شۇنداق،
ئارزۇلىرىم تاشماقتا قىيان.

گۈزەل قىرغاق، ئاھ گۈزەل قىرغاق،
چىن ئاشىقمەن گۈل جامالىڭغا.
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيسەن پەقەت،
كۆيەر قەلبىم بولۇپ ئوت ـ لاۋا.

گۈزەل قىرغاق، ئاھ گۈزەل قىرغاق،
ئۇنتالمىدىم سۆيۈشلىرىڭنى.
چولپاشقانتى ئاتەش تىنىقلار،
ئاشۇ قىرغاق، مەجنۇنتال بويى...

گۈزەل قىرغاق، ئاشۇ مەجنۇنتال،
چىللار مېنى شىۋىرلاپ دائىم.
دولقۇن يالاپ ئۇچسىمۇ ئىزلەر،
ئوماق كۈلكەڭ چاقنار دىلبىرىم.

گۈزەل قىرغاق، ئاھ گۈزەل قىرغاق،
دىل چەشمەمدە ياشايسەن چاقناپ.
دىل غەشلىكتە ئۆتسەممۇ يىراق،
سەن بەختلىك، شۇڭا ئۆمرۈم شاد.

### يار چىللىدى

ئولتۇراتتىم تال باراڭنىڭ ئاستىدا،
ياز پەيزىدىن قەلبىم زوققا چۆمۈلۈپ.
دىل خەزىنەم جۇشقۇنلىغاچ شۇ تاپتا،
كەلدى ئىلھام سۆز ئۈنچىسى تىزىلىپ.

قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ ئەجەبخۇشخۇيسا يىرىدى،
باغدا كاككۇك يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ.
يارىم مېنى كاككۇك بولۇپ چىللىدى...
باغقا كىردىم سۆڭگۈچلاردىن ئايلىنىپ.

ئاستا كەلدىم ئەتراپىمنى كۆزىتىپ،
تۇيۇقسىزلا يارىم ئاتتى ئالمىنى.
مۇھەببەتكە ئەسىر قىلدى بىر كۈلۈپ،
تەلمۈرىمگە تاتلىق بىر ھېس تارىدى..

سىرداشتۇق بىز گۈزەل ئايدىڭ كېچىدە،
تەبرىكلىدى ئاسمانىدا ئاي نۇر تۆكۈپ.
ئالما، ئۈرۈك، بادام، شاپتۇل لېۋىدە،
شاد تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى سۆيۈنۈپ.

بىز مۇڭداشقان ئاشۇ ئالما تۈۋىدە،
قالدى يارنىڭ ھىدى، قەدەم ئىزلىرى.
شۇندىن بۇيان ئۆتتى تالاي قىش ۋە ياز،
يارىم مېنى كاككۇك بولۇپ چىللىدى…

**پاتىمە قاسىم**

## دوستۇم بار

بۇلبۇل كەبى سايرايمەن،
گۈل يېزامدا باغىم بار.
دوستلار بىلەن ئىناقمەن،
خۇشال ئۆتەر چاغىم بار.

سىغىنغاندا دوستۇمنى،
سەھرا تامان بارغۇم بار.

دوستۇم بەكمۇ ئاقكۆڭۈل،
ئەسلەپ دۇتار چالغۇم بار.

شۇ ئەمگەكچان دوستۇمنى،
كۈندە دائىم كۆرگۈم بار.
چېچەكلەيمىز دوستلۇقتىن،
ۋاپادارنى سۆيگۈم بار.

**پاتىگۈل مۇھەممەت**

## قىرىنتالماس سۆيگۈنى يىللار

يالقۇنلايدۇ قەلبىمدە بىر ئوت،
ئىنتىلىدۇرۇپ ساڭا ئامرىقىم.
قويساڭ ئەگەر كۆكرىكىمگە باش،
كېلەر بۇلبۇل بولۇپ سايرىغىم.

چۆككىنىمدە ئاھۇ كۆزۈڭگە،
غەم ـ قايغۇلار، يوقىلار تولۇق.
سادا قەتتىن ياسىدۇق توغان،
بولار شۇڭا سۆيگۈمىز قۇتلۇق.

ئالماشقاندا ئوتلۇق نەپەسلەر،
مەست بولىمەن ئىچكەندە شاراب.
سىماب كەبى تىترىتەر تەننى،
تاتلىق بىر ھېس قەلبىمگە تاراپ.

چىن ئىشقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈر،
ھاياجاندا شادلىنار دىللار.
مۇھەببەتتە ياشايمىز ئەبەد،
قىرىنتالماس سۆيگۈنى يىللار.

**گۈلبوستان ئابدىرېھىم**

## ئىككى شېئىر

### كۆزلىرىمدىن مارايدۇ باھار

نۇر قىزىمەن، يۈرىكىم ئاتەش،
ۋۇجۇدۇمدا شەپەق ئەكسى بار.
كىرپىكىمدە يەلپۈنەر چىمەن،
كۆزلىرىمدىن مارايدۇ باھار.

ئالتۇن تاڭلار كۈلۈپ قاقاھلاپ،
لەۋلىرىمگە گۈللەر تېزىدۇ.
چىرمىشىپ تۈن بوستان چېچىمغا،
چۈشلىرىمگە سۈرەت سىزىدۇ.

ۋۇجۇدۇمدا ئەجداد چوقانى،
ناخشىلاردىن تىكلەيدۇ ئەلەم.
يامراپ ئىلھام لەشكىرى شۇئان،
جەڭگاھ تامان ئىنتىلەر قەلەم.

ئۇر قىزىمەن، يۈرىكىم ئاتەش،
ۋۇجۇدۇمدا شەپەق يالقۇنى...
مېنى ئالغا يېتەكلەپ بارار،
ئەجدادلارنىڭ سۈرەن ـ شاۋقۇنى.

## ئانا ۋە بوۋاق

ياتار ئەنە غەمسىز بىر بوۋاق،
بۆشۈكىدە كۈلۈپ ـ ۋىلىقلاپ.
ئانا تويماي قارايدۇ ئۇزاق،
مېھرى بىلەن ئاڭا يېنىشلاپ.

چۈنكى بۈگۈن بوۋاق يېشىغا،
تۇنجى قېتىم بىر ياش قېتىلدى.
كەلدى ئانا ئۇنىڭ قېشىغا،
ئوتلۇق رىشتى مەھكەم چېتىلدى.

مانا شۇ چاغ تەڭداشسىز سۆيگۈ،
يېلىنجىدى ئانا قەلبىدە.
ئۆز بۇرچىنى يۈكسەك بىلدى ئۇ،
كۆيۈپ ـ پىشقاچ بالا دەردىدە.

ئانا دۇئا قىلدى بوۋاقنىڭ،
كەلگۈسىگە ئەزگۈ ـ قۇت تىلەپ.
مەقسىتىنى بىلىپ ئانىنىڭ،
تىپەچەكلىدى بوۋاق ئەركىلەپ.

شۇدەم ئانا يېشىپ بۆشۈكتىن،
بوۋىقىنى باستى كۆكسىگە.
قېنىپ ـ قېنىپ سۆيدى بۆلەكتىن،
بەخت نۇرى قونغان مەڭزىگە.

تۇرۇپ قالدى ئانا زوقلىنىپ،
يەنە بىر رەت قاراپ بوۋاققا:
دېدى شۇنى ئۈمىدۋار بولۇپ،
خىياللىرى كەتتى يىراققا:

«ئۆمىلەپ ئۇ چوڭ بولىدۇ،
ماڭىدۇ ھەم يەنە بىر يىلدا.
يىللار ئۆتۈپ كۈچكە تولىدۇ،
ئەقىدەمنى ساقلايدۇ دىلدا».

**خاسىيەت ئىمىن**

## شېئىرلار

### ھېسلىرىم ئەۋجىدە تىترەيدۇ يۈرەك

لىرىك كۈي ئويغىتىپ ئىلھاملىرىمنى،
ئىجادىيتىن قۇرلارغا ئاچقۇزدى چېچەك.
بولۇپ شوخ گارمونىنىڭ كۈيىگە تەڭكەش،
ھېسلىرىم ئەۋجىدە تىترەيدۇ يۈرەك.

ئەسلىتىپ جانانىنىڭ نۇرلۇق يۈزىنى،
ئاي ماراپ تۇڭلۇكتىن قىلىدۇ جىلۋە.
بولمىسۇن ئويقىمغا ئەسىر دېدىمۇ،
چىكىتكە چىرىلدار تاكى تاڭغىچە.

بولغاچقا دىيارىم مېھرى زور قاينام،
ھېسلىرىم جامىغا سىغمايدۇ ئەسلا.
بىتتىنىم تۆكۈلەر شۇڭا قۇرلارغا،
ھەقىقىي سۆيگۈدىن بېرىپ چىن مەنا.

ئاھ، شۇنداق لەزىز ۋە يارقىن كېچىلەر،
سوغ شامال رۆجەكتىن كىرەر سىقۇنۇپ.
ئۇچۇرتۇپ ۋەغەزنى بەڭباشلىق بىلەن،
ئوينىشار ھېسلىرىم بىلەن قوغلىشىپ.

ھېسلىرىم ئەۋجىدە تىترەيدۇ يۈرەك،
جەملەنگەچ ئۇنىڭغا ئالەمچە سۆيگۈ.
شۇ بوۋام مەخمۇتنىڭ سۆزى ئېسىمدە،
مەنزىلدىن مەنزىلگە باسىمەن مەڭگۈ.

### نېمە ئۈچۈن قەلبىمدە بىر سەن؟

يۈرىكىمنىڭ پەرىشانلىقى،
نىگاھىڭدىن تاپىدۇ پاناھ.
تېنىمدە زور ئاتەش دولقۇنى،
كۆل بولارمەن تۇرسام ئەگەر — ئاھ.

ھارغىن تۇرمان ئىزگۈ ئاھاڭدا،
مۇڭلۇق كۈيگە چالىدۇ رويال.
نېمە ئۈچۈن قەلبىمدە بىر سەن؟
ئۆز — ئۆزۈمگە قويىمەن سوئال.

### تىنىقلىرىم مىسرا پۈرايدۇ

بولدۇقلىتىپ كۆزلىرىمدىن ياش،
تۇپراق سۆيۈپ تۇغۇلغىنىمدا.
راھەتلەندىم مىسرالار بىلەن،
تۇنجى قېتىم يۇيۇلغىنىمدا.

ئاھ، ئاشۇ چاغ بارلىق كائىنات،
مىسرالاردا قۇتلىدى مېنى.
دېدى خىزىر ياغدۇرۇپ مىسرا،
بەخت تىلەپ ساق بولسۇن تېنى.

ئانا سۈتى ئاغزىمغا مېنىڭ،
مىسرا بولۇپ قۇيۇلدى ئاستا.
مىسرالارغا بولۇپ ئىشقىۋاز،
ئۆستۈم تېتىك شوخ تېمەن راسا.

يۈرىكىمنىڭ سوقۇشلىرىمۇ
مىسرالاردىن بېرىدۇ دېرەك.
تۇرسا يۇرتۇم مىسرا بولىقى،
ئىلھام ئىزدەش ئەمدى نە كېرەك.

تىنىقلىرىم مىسرا پۈرايدۇ،
ھەر تىنىقتا مىڭ تۈرلۈك مىسرا.
مىسرالىرىم كۈيلەيدۇ پەقەت،
ئەزىز تۇپراق خەلقىمنى بىرلا.

**قەلبىنۇر سايىم**

## ئىككى شېئىر

### مۇڭلانغان جۈپ كۆزلەر مىسالى بۇلاق

تولۇن ئاي ئۆزگەندە، سامادا لەرزان،
ئاچىدۇ مۇھەببەت ئەلچىسى قۇچاق.
ساماغا تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ بىر قىز،
مۇڭلانغان جۈپ كۆزلەر مىسالى بۇلاق.

كۆمۈشرەك دۇنيامۇ ئالدى قىزىلرەڭ،
گۈللەرنىڭ بەرگىدە يالتىرار مۇنچاق.
مۇڭ بىلەن گۈللەرگە قارايدۇ شۇ قىز،
مۇڭلانغان جۈپ كۆزلەر مىسالى بۇلاق.

مەجنۇنتال شاخلىرى ئېگىلىپ پەسكە،
سۆيۈشسە لەۋ يېقىپ سۇ بىلەن ياپراق.
شوخ بېلىق ئويناقلاپ چاچىدۇ فونتان،
مۇڭلانغان جۈپ كۆزلەر مىسالى بۇلاق.

كۆزلەردىن بۇلدۇقلاپ تۆكۈلەر ياشلار،
توختىماس ئاقسىمۇ تۆگىمەس بىراق؟
نەسەۋەب قىز قەلبىن شۇنچە تىترەتكەن؟
مۇڭلانغان جۈپ كۆزلەر مىسالى بۇلاق.

### ئايرىلماس قەلبىمىز ئەبەدى - ئەبەد

كۆيدۈردى قەلبىمنى ھەسرەتلىك پىراق،
بولغاچقا نىگارىم ئارىمىز يىراق،
ئەسلەيمەن، ئويلايمەن، پۈتمەس خىيالىم،
كۈلۈش ۋە شادلىق ئۇ، مەندىن بەك يىراق،
بولغاچقا نىگارىم ئارىمىز يىراق.

بولسىمۇ نىگارىم ئارىمىز يىراق،
ئايرىلماس قەلبىمىز ئەبەدى — ئەبەد،
ئۆزگىگە ئۆلسەممۇ قارىماس كۆڭلۈم،
قەلبىمدە چۈنكى سەن پەقەت ۋە پەقەت،
ئايرىلماس قەلبىمىز ئەبەدى — ئەبەد.

سالامەت ئۆمەر

# شېئىرلار

### ئويغىتىدۇ يۈرەكتە ئارمان

سۈكۈناتتا چۈككەن كەڭ دالا،
ئۇيقۇسىراپ مۈگدەيدۇ ئورمان.
پەيدىلىگەن ئىزگۈ خىياللار،
ئويغىتىدۇ يۈرەكتە ئارمان.

قارچۇقۇمدا ئوينايدۇ ھىلال،
سىڭىپ بارار جىسمىمغا نۇرى.
نەلەردىدۇر ئۆكسۈپ يىغلىغان،
ئاڭلىنىدۇ بۇلاقنىڭ ئۈنى.

يوپۇرماقتا مۈگدەيدۇ شەبنەم،
شېھىت بولغان چۈشىنى ئەسلەپ.
گاھ سېغىنىش، مۇھەببەت ھېسسى،
يۈرىكىمدە ئۆرلەر ھەسسىلەپ.

### نېمىدۇر ئىزلەپ...

ئەللەي ئېيتىپ بەزلەيدۇ ئانا،
بالىسىنى ئۇخلاشقا ئۈندەپ.
غىچىرلىغان بۆشۈك ئۈنىدىن،
بارار ئانا ئۆزىمۇ مۈگدەپ.
سىراق بالا تىكىلگەن كۆككە،
يۇلتۇزلاردىن نېمىدۇر ئىزلەپ...

### پىراق

مەن قارايمەن تولۇن ئاي تامان،
قەلبىمدە بار ئۆزگىچە سەزگۈ.
شىۋىرلايدۇ گاھ تونۇش ياپراق،
بېغىشلاپ ھەم سۆيگۈدىن ئىزگۈ.

سەن يىراقتا كۆزلىرىڭ دەم - دەم،
تىكىلگەندۇ شۇ ئايغا، پىراق -
رىشتىمىزنى باغلايدۇ ئاي دەپ،
ئالدىسامۇ ئۆرتەر بۇ پىراق.

گۈلبەھرەم توختى

# ئىككى شېئىر

### چاڭ سالمىغىن خىياللىرىمغا

چاڭ سالمىغىن خىياللىرىمغا،
ئۈزۈلمىسۇن ئۇنىڭ يىپلىرى.
ئاسمىنىمدا قىلغانىدا پەرۋاز،
سانجىلمىسۇن نىگاھ ئوقلىرى.

چاڭ سالمىغىن خىياللىرىمغا،
خىياللىرىم شۇنچىلىك ئىزگۈ.
ئۇ قەلبىمنى ئەسىر قىلغانىدا،
يامىشىدۇ گۈزەل بىر سەزگۈ

چاڭ سالمىغىن خىياللىرىمغا،
سەيلە قىلسۇن نىگاھلىرىڭنى.
بار ئۇنىڭدا لەززەت بىر تۇيغۇ،
ئوۋلىماقتا قەلبىڭ سىرىنى.

چاڭ سالمىغىن خىياللىرىمغا،
سىرداش بولغىن، ئاڭا ئەسىرلەن.
ئۇچرىشىدۇ ھامان بىر كۈنى،
سەن سالغان ئەقىدەڭ بىلەن.

### ھېسسىيات ھارپىسى — يۇلتۇزلۇق كېچە

ھېسلىرىم بەيگىگە چۈشسە سامادا،
«تەپەككۇر» ئىسىملىك ئېتىمغا مىنىپ؛
بىر قىيا باقىدۇ چولپان يۇلتۇزمۇ،
كۆكتە ئاي ئانىسىنىڭ نۇرىنى ئېمىپ.

ئاھ، شۇنداق تىنىق كۆك، يارقىن كېچىلەر،
ئويغىتىپ ئىلھامنى ئۇخلاتماس ئەسلا.
ئايدىڭدىن مەي ئىچكەندەك يېپىلىك كۆڭلۈم،
بىر چولپان سىرىنى ئۇۋلايدۇ تەنھا.

ھېسلىرىم ھارپىسى — يۇلتۇزلۇق كېچە،
بۇ غەمكىن يۈرىكىم كىشنەيدۇ ئۇزاق.
ۋە لېكىن ئىلھامىم سالىدۇ يۈگەن،
شۇ بەڭباش خىيالغا قۇرىدۇ توزاق.

**مۇنەۋۋەر ھەسەن**

## ھىجران ۋە پىراق

ئاتلاندىم سەپەرگە خەير - خوش دىلدار،
ئەل-ۋەتەن ئىشقىنى تېڭىپ يۈرەككە.
ئۇزاتقىن سەن مېنى بەخت—قۇت تىلەپ.
قەلبىمگە ئىز سالسۇن ئۆچمەي ئەبەدكە.

ھىجرانغا ھەرگىزمۇ بولما قۇل—ئەسىر،
تۆكمىگىن كۆزۈڭدىن ئۈنچە يېشىڭنى.
مەن قاناي ھۆسنىڭگە ئاخىرقى بىر رەت،
دىلدارىم ئۇستۇنرەك كۆتەر بېشىڭنى.

چىن سۆيگۈ تېنىڭگە بەرسۇن كۈچ - چىدام،
چۈشكۈنلۈك ئىللىتى بولسۇن كۆپ يىراق.
ئۈمىد ھەم ئىشەنچكە ھەمراھ بول مەڭگۈ،
ئەزمىسۇن باغرىڭنى ھىجران ۋە پىراق.

ناخشامنى سېغىنساڭ ئاڭلا بۇلاقتىن،
كۆزۈمنى سېغىنساڭ يۇلتۇزغا قارا.
بىمەھەل سېغىنساڭ جىسمىمنى مەگەر،
ئاشۇ دەم كۆز تىككىن كۆك قەھرى ئارا.

تەخىر قىل، كۆپ ئۆتمەي قايتىپ كېلىمەن،
بۇلبۇللار سايرىغان باھار بىلەن تەڭ.
سۆيگۈمىز گۈللىرى چاچسۇن خۇشپۇراق،
سىڭدۈرۈپ پاك غۇرۇر سادافەتتىن رەڭ.

**ئامانگۈل ئېلى**

## قار ئۈستىدە قالغان بىر جۈپ ئىز

جۇت - زىمىستان ئويناتار بوران،
توزۇيدۇ، قار شۇنچە يېقىمسىز،
قاقشال بولغان دەرەخ ئاستىدا،
خىياللارغا مەھكۇمدۇر بىر قىز،
توزۇيدۇ قار شۇنچە يېقىمسىز.

قىز ئەلەملىك باقىدۇ يەرگە،
قار ئۈستىدە قالغان بىر جۈپ ئىز،
مۇز بوپ قاتقان قارچۇقىدا ياش،
ئىدا قىلار يۈرىكى ئۈنسىز،
قار ئۈستىدە تۇرار بىر جۈپ ئىز.

چاچلىرىنى چۇۋۇسا بوران،
قىز تۇرىدۇ قىلغانچە سۈكۈت،
ھازىدار دەك مىسكىن قامىتى،
تاشلاپ كەتكەچ ئۇنى بىر يىگىت،
تۇرىدۇ قىز قىلغانچە سۈكۈت.

توزۇيدۇ قار شۇنچە يېقىمسىز،
كۆمۈۋەتكەن ھەسرەتلىك قىزنى،
كۆمۈۋەتكەن يىگىتتىن قالغان،
يەرگە سىڭگەن شۇ بىر جۈپ ئىزنى،
كۆمۈۋەتكەن ئەلەملىك قىزنى.

**گۈلئازاد ساقاجىيوپ**

## كېيىنكى پۇشايمان

قاچانكى بىر چاغدا سۆيدۈم دېدىڭ سەن،
تىنچ تۇرغان كۆڭلۈمدە داۋالغۇش ياساپ.
قېنى ئۇ سۆيگۈڭ نەلەرگە كەتتى؟
يۈرەمسەن ئەشۇنداق مەنىسىز ياشاپ.

كۆندۈزى يورۇيسەن شۇنچە ئالدىراش،
كېچىسى يورۇيسەن شېرىن بەزمىدە.
قانداق ئادىتىڭ، يورەمسەن شۇنداق؟
شۇ «گۈزەل قىزلار» نىڭ ھەردەم كەينىدە.

شاختىن - شاخ ئاتلايسەن ھېچ سۇنماس شېخىڭ،
ئاخىرى پۇشمانىدا قالىسەن ئۇدا.
بىلمەمسەن ياشلىقمۇ ئۆتىدۇ تېزلا،
كېيىنكى ھەسرەتكە يوقتۇر ھەم قاچا.

**گۈزەلنۇر ئابدۇرېھىم**

## بولمىسا

دوستدىمە، قايغۇڭغا يار، شادلىققا ھەمدەم بولمىسا،
چاڭقىغانىدا سۇ بېرىپ، قېشىڭدا بىردەم بولمىسا.

دوست دىمە پۇل بارىدا ئۇلپەتلىشىپ دەرقەمدە ھەسرەتكە بوپ،
باشقا كۈن چۈشكەندە ئالدىڭغا كېلىپ جەم بولمىسا.

دوستدىمە، ئالدىڭدا ماختاپ ئۇچۇرۇپ كۆككە سېنى،
گەر پالاكەت باسسا بىر كۈن زەررىچە غەم بولمىسا.

دوست دىمە، كۈلكە بىلەن ئالدىڭدا يادەك ئېگىلىپ،
ئاغزىدىن قىلغان ئېشىمغا مىننەت سۆزى كەم بولمىسا.

دوست دىمە راھەت - پاراغەت پۇل ۋە مەنسەپ قوغلىشىپ،
مېھرى دەردىڭگە شىپا، زەخمىڭگە مەلھەم بولمىسا.

**ئۈممىگۈلسۈم ئابدۇراخمان**

## تاڭ ھۆسنىدە كەڭ ئالەم گۈزەل

ئۇپۇق سۆيدى قىپقىزىل شەپەق،
بولدى ئاڭا بۇلۇتلار رەڭداش.
جۇلا بېرىپ كەڭ كائىناتقا،
نۇرىنى چاچتى زەر كەبى قۇياش.

گىياھلارنىڭ زۇمرەت بېزىكى،
ياپراق يۇدى شەبنەمدىن تامام.
كەيدى زېمىن رەڭمۇ - رەڭ لىباس،
پارات ئەھلى بەرگەندەك سالام.

باغ ئارىلاپ يۈرسەم شۇ تاڭدا،
گۈلشەن ئىچرە بۇلبۇل سايرىدى.
مەيىن شامال ئەپكەلگەن ھىدىن،
كۆڭۈل كۆكسۈم ئەجەب يايرىدى.

ئەنە دالا، كەڭ ئېتىز باغرى،
تاڭ سەھەرنىڭ چۈمدى پەيزىگە.
ئاقار بوستان ئارا زىلال سۇ،
يەر - جاھاننى سېلىپ لەرزىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنچە سۆيۈپ تاپمايدۇ تېنىم،
كەشتە كەبى كۆك چىمەن قىرغاق.
نىگارنى دەپ كۈتكەن تاڭ سەھەر،
بىلىنمەيدۇ يىگىتكە ئۇزاق.

نۇر مەشئەلى، گۈزەل سۇلماس تاڭ،
زەپەر قۇچار يىللار قويىنىدىن.
بىزنىڭ ئەلدە سانسىز يىگىت ـ قىز،
سۆيەر تاڭنىڭ قايرىپ بويىنىدىن.

**گۈھەرقىز چىنتۆمۈر**

## ئىككى شېئىر

### تەئەججۈپ

چوڭ بولۇپ سۇتىدىن ئايرىلغان ھامان،
ئادەتكەن موزايغا ئانىسىن ئۇسسۇش.
ئۇ ھايۋان نەسلىدىن، بىراق بىز ئادەم،
تەپتارتماي دورىساق بۇ قانداق بۆسۈش؟!
ۋە ياكى چىقتىمۇ شۇنداق مۆجىزە،
ئىنسانلار ھايۋانغا قاراپ ئۆزگىرىش؟

### تەنبىھ

سۆيگۈمىزدىن شاراب سېغىنىپ،
ئاقىرىپتۇ لەۋلىرىڭ جانان.
سۆيگۈ سۆيۈش ئۈچۈنلا ئەمەس،
ئالدىراپلا بولمىغىن سامان.
سېزىك بولۇپ قالساڭ سۆيۈشكە،
بۇ ئەڭ دەھشەت ھەممىدىن يامان.

**بۇخەلچەم مۇھەممەت**

## شېئىرلار

### گۈل ۋە بۇلبۇل

گۈل:
مۇھەببەت باغىدا قەددىم،
شامال سۆيگەن قىزىل غۇنچە.
چاقىلداپ ئاشىقىم بۇلبۇل،
مېنى مەپتۇن قىلار شۇنچە.

بۇلبۇل:
مۇھەببەت باغىدا جانان،
بۇ يۈك سەرۋە، ئۆزۈڭ بىر گۈل.
يۈرەككە ياقىساڭ گەر ئوت،
بولارمۇ ئاشىقىڭ بۇلبۇل.

گۈل:
غەزەلخان بولمىسا بۇلبۇل،
كىرەرمۇ جىلۋىگە شۇ گۈل.
ئاشارمۇ قىممىتى گۈلنىڭ،
قانىماي بەرگىگە بۇلبۇل.

### ... غا

سۇنىمىمۇ ھەسرەتتە زەپىرەڭ يۈزۈڭ،
خۇش تەبەسسۇمىڭغا ھەيرانتى قۇياش.
چۈنكى، پەزىلىتىڭ جاھاننامىسىغا،
تىلسىم كېلىپ بولغانىدى يولداش.

نومۇستىن ئۆلەر، دېمەيتتىم سېنى،
كۆڭلۈڭ بولغاچ قەغەزدىنمۇ ئاق.
ئۆلۈش مەنچە سېنىڭ ئۈچۈن يات،
كېرەك دەيتتىم «ئۆلمەس» دەپ ئاتاش.

لېكىن، ئىچتىڭ «ئالقىش» تىن شاراب،
نادانلىق ئىشەنچىسى پاتتى ئالدىراش.

پىتنىلەر ئىدرىكىڭنى ئۇخلاتتىمۇ يا؟
سېنى تىللاپ، يېقىنلىرىڭنى ماختاش.

دوست - يارەنلىرىڭ سوغۇق كۈلۈشتى،
بولمىدى ئۇلاردا زەررىچە ئاياش.
سېنى ئەيىبكار دېمەيمەن، چۈنكى—
چىقمىدى ساڭا كۆڭلۈڭدىكى قاياش.

شۇ سەۋەبمىكىن خىرەلەشتى، بىردىن،
ساما يۇلتۇزىدەك چاقناق كۆزۈڭ،
جىمغۇرلۇق كۈتۈپ زارىقتى، بىراق،—
سىر بوپ يۈرىكىڭدە، قالدى چىن سۆزۈڭ.

سېنى نومۇستىن ئۆلەر دېمەيمەن،
بىنومۇس نادانلار يېپىشمىسۇن قاچ!
تاشلا! ئۇ شارابنى ئىچمىگىن ئۆلمە،
مەسخىرە قىلىپ تەگلىگەنىڭ يۈزلىرىگە چاچ.

### ئاينى كۆرۈپ تىللىما مېنى

دېدى يۇلتۇز زېمىنگە بېقىپ:
ئاينى كۆرۈپ تىللىما مېنى.
نۇرۇ ئاجىز بولسىمۇ ئايدىن،
يورۇتىمەن ھامان مەن سېنى.

**شەمشەقەمەر ئابلىمىت**

### ئاي ۋە كۈن

كۈندۈزنى قوغلىشىپ كېچە تۈن كەلسە،
قۇياشمۇ ئۆتىدۇ تاغنىڭ كەينىگە.
قىزىللىق قاپلايدۇ ئاسمان يۈزىنى،
گوگۇمنىڭ سالقىنى چۈشەر بەيگىگە.

ئورىدىغا كەتسىمۇ شاھ قۇياش لېكىن،
لەشكەردەك ئاپئاق نۇر سامانى قاپلار.
چىقىدۇ تولۇپ ياش مىسكىن ئاي پەرى،
ئەتراپتا كېنىزەك ئاڭا يۇلتۇزلار.

مارايدۇ قۇياشمۇ قىسىپ بويىنىنى،
نېچۈندۇر يوشۇرۇن ھالى ۋە لېكىن.
ئايمۇ ھەم چىقىدۇ ئېغىر قەدىمى،
كەتكەنمۇ ھىجراندا ياكى ھالىدىن؟

ھە، بىلدىم بۇ سىرنى، رازىكەن ئۇلار،
سۆيگۈچۈن بىرىشكە قۇربان ئەزەلدىن.
تىڭشىدىم شۇ كېچە ۋاپا كۈيىنى،
شوخ ئېقىن شىلدىرلاپ ئېيتقان غەزەلدىن.

**رەيھانگۈل ئىسلام**

### ئىلتىجا

نۇر چاچمىسا زېمىنگە قۇياش،
كۆلمەس گۈللەر، ياشنىماس بوستان.
قۇياش بىلەن مەۋجۇتتۇر ھايات،
ئۇنىڭسىز كەڭ ئالەم گۆرىستان.

كۆڭلۈم خۇددى بىر مۇنبەت زېمىن،
ئۆتتۈنەي جان، قىل ئۇنى ئاۋات.
ئۆزۈڭ مېنىڭ ئۆچمەس قۇياشىم،
خازان بولۇر سەنسىز بۇ ھايات.

**مېھراي تۇردى**

## شېئىرلار

### كۈندەشلىك

بىز تونۇشقان شۇ كۈندىن باشلاپ،
ئۆتەلمىدۇق سەن بىلەن ھېچ ئەپ.
سەۋەبى شۇ: كۈندەشلىك ئوتى،
«ئۇ قارىدى، بۇ ھېجايدى» دەپ.

باشقا بىرسى قاراپلا قويسا،
چىدىيالماي كېتىسەن سەكرەپ.
ئۇ پىراپ كەتمەس ئىدى چىرايىم،
كەتمەس ئىدى ئۇلار مېنى يەپ.

ئۈزۈن ئۆتمەي بەزدۈردۈڭ مېنى،
ئادەم تۈگۈل سايەمدىن كۈنلەپ.
شامال قالدى سەن كۈنلىمىگەن،
«يۈزلىرىڭنى سۆيۈپ قاچتى» دەپ.

خوشە، ئەمدى رەنجىمە مەندىن،
كەتمىگىن ھەم بىھۇدە غەم يەپ.
چىقىپ قالار ساڭمۇ بىرسى،
ئۈچرىمىسۇن چىرايلىقى «خەپا»...

## نومۇس دېسە، قىزىرار يۈزۈم

«ياندۇرسامۇ كۆزۈمدىن چاقماق،
ھۆل ئوتۇندەك كۆيمىدىڭ بىراق.
—دەپ سورىدىڭ ـ چۈشەنمەك قىيىن،
ئېيتىپ باقە، بەندىسەن قانداق؟».

سىرلىق بەندىمەن مانا مۇشۇنداق،
نومۇس دېسە، قىزىرار يۈزۈم.
ئۇلار تۈگۈل سەنمۇ تۇرۇپتۇر،
چۈشەنمەيمەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم...

## تىك قارىماي، يانتۇراق قارا

كۆزۈمنىڭ ئىچىگە يېنىشلاپ بېقىپ،
ئامالسىز قەلبىمنى قىلدىڭغۇ زېدە.
خىجىللىق ئىلكىدە قالدىم مەن قېتىپ،
قىزىل بولۇپ نېمىشقا بولدۇم ئابىدە.

قىزىل بولۇپ تۇغۇلدۇم، قۇلىقىم يۇمشاق،
بىلمىدىم قالغانىنى ئانامدىن سورا!!
دۇنيادىن ئىزسىزلا يوقالغىم كەلمەس،
خۇش بولاي، تىك قارىماي، يانتۇراق قارا.

**گۈلەمبەر يۈسۈپ**

# ئىككى شېئىر

## تەنھالىق كۈيى

يىگىت چالسا دۇتارىنى مۇڭلىنىپ،
كۈي بۇلبۇل ناۋاسىدەك ئۈنلەيدۇ.
(خۇشاللىقتا بەلگە دەيتىم نەغمىنى،
نېچۈن يىگىت قولى تاردەك تىترەيدۇ)

يىگىت قوشۇپ ئەتكەنمىكىن ھەسرەتنى،
ئاشۇ مۇڭلۇق غەزىلىگە ـــ كۈيىگە.
يۈرىكىدە دەرياچە ياش ئاقمىسا،
دەردۇ ـ ئەلەم كىرەرمىدى ئۆيىگە؟

يىگىت مىسكىن ئولتۇرىدۇ يىغلانە؟
كۈيى يىراق ـ يىراقلارغا تارايدۇ.
كەلمەس ئەمما ئەكس سادا ـــ كۈتكەن ئۈن،
روجەكلەردىن ئاي كۈلگىنىچە مارايدۇ.

## دىل بەرسەم ساڭا

تەلىپىڭ رەت قىلىپ مەن دېگەندە «ياق»،
ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدىڭ ماڭا.
ئۈمىدىم گۈلىدىن تۆكۈلەر ياپراق،
سۆيگۈدە مەن ئەسىر بوپ قالسام ساڭا.

كەشپىيات ئىشقىدا كۆيىدۇ تېنىم،
شۇ سەۋەب قەلبىمدىن ئورۇن يوق ساڭا.
دىل بەرسەم بۆلەككە، دەھشەت نەقەدەر،
چىن سۆيگۈ پەيمانى بولىدۇ قازا.

قەلبىمنى سەن ئۈچۈن ئەيلىسەم گۈلزار،
باغ ئىچرە ئاڭلانماس جۇشقۇن كۈي-ناۋا.
بۇلبۇلمۇ گۈلباغدىن كۆچەر يامانلاپ،
نىگارىم مەن ئۈچۈن تۇتىدۇ ھازا.

ماھىگۈل پەخىردىن

# سۆيۈنچە

(ھېكايە)

— ئالىيە خېنىم، خۇش خەۋەر، ھوي، ئالىيە خېنىم! خۇش خەۋەر، سۆيۈنچە تەييارلىسىلا.

گىرىم ئەينىكىنىڭ ئالدىدا خېلىدىن بېرى ئولتۇرغان ئالىيە خۇددى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك پىلتىكۆچنى سۈرمىدانغا تىقتى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ناشتا قىلىشتىنمۇ ۋاز كېچەتتىكى، قانداق زۆرۈر ئىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچبولمىغاندا يېرىم سائەت ئەينەك ئالدىدىن قوپمايتتى.

— ئالىيە خېنىم، قاق سەھەردە «خۇش خەۋەر!» دەپ سايراپ كەتسەم ئۈنچىقمايلىغۇ، تاۋىلىرى يوقمۇ نېمە؟

زەينۇرە شۇنداق دېگىنىچە تاقىلداپ كىرىپ كەلدى.

— دېسەم-دېمىسەم ئوغلۇمدىن خەت كەلگەندۇ ھەقچان.

ئالىيە ئالدىرىماي قېشىنى ھىمىرىپ تۇرۇپ سۈرمە تارتىۋاتاتتى.

— يوقسۇ، بۈگۈن مەن كۆڭۈللىرىنى ئويىنىتىپ، يۈرەكلىرىنى يايرىتىۋېتىدىغان كاتتا خۇش خەۋەر ئەكەلدىم دېسىلە، — دېدى زەينۇرە ئالىيەنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراپ قاش-كىرپىكىنى سۈزۈپ، ئاۋازىنى سوزۇپ، — ياقۇپجاننى چوڭ ئاڭلىققا ئۆستۈرۈش ھەققىدە تەستىق چۈشۈپتۇ.

— ھە؟!

ئالىيە گويا قاڭقىپ چىققان توپتەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قولىدىكى پىلتىكۆچ كۆزىگە سانجىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

«ئاھ، راستىنلا شۇنداق بولسىغۇ» ئالىيە زەينۇرەنىڭ ئىككى بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ «چاقچاق ئەمەستۇ؟» دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى-يۇ، يەنە قولىنى ئاستا بوشىتىپ، قاشلىرىنى چىمىرىپ-چىمىرىپ تۈزەشتۈرگەچ:

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، ھېلىمۇ ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى. «كاللا ئۆكلەپ قۇلاق يەپتۇ، پاچاق ئۆكلەپ تۇۋاق يەپتۇ» دەپ چەككەن جاپاسىنىڭ دەردىنى ئۆزى تارتتى، مېغىزىنى كىشى چاقتى. ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئېگىدىغان يېرى، كىشىنىڭ ھۆ بولغىنىنى كەلتۈرۈدىغان نەدىكى بىر سالپاسايا قىلار، تېخى تۈنۈگۈنكى سويىملار ئۇنى بېسىپ تۆرگە چىقىشتى ئەمەسمۇ!؟

زەينۇرە ئالىيەنىڭ بىسمىللا دېمەستىن گېدىيىۋاتقان بوينىدىن ئۆزى ئېيتقان خۇش خەۋەرنىڭ قۇدرىتىنى سەزدى. كىچىكىدىن بىر ئىشىك، بىر بوسۇغىدا ئويناپ ئۆسۈشكەن، بىر-بىرىنى «سەن» دەپ كۆنۈشكەن جان ئاداشنىڭ يېڭى ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر كېچە كىرپىك قاقماي «ئاداش» نى «خېنىم» غا،

«سەن» نى «سىلە» گە ئۆزگەرتىشتەك زېھنىي مېھنىتىنىڭ گەپ-سۆزدىكە شۇنچە تەبىئىي ئۆزلىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۆز ئەقلىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇ دوستى ئالىيەنىڭ ياق، چۇجاڭ خانىمنىڭ بۈگۈن چوقۇم ئايدەك ياسىنىپ غالىبانە قىياپەتتە نە ۋاقتىن بۇيان كۆز-كۆز قىلىپ دېمىنى سىققان دوست - دۈشمەنىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئۆرلەش پەشتىقىغا خىش تىزىلىۋاتقان بەختىيار پەيتتە ئارتۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنى ھارامھېس قىلدى.

— ئالىيە خېنىم، مەن چىقاي، سۆ...

— ھە، راست، خۇش خەۋەر بىلەن سۆيۈنچە دېگەن جان قوشماق، بۇغۇسېنىڭلا يېقىڭدا ئەمەس، - دېدى ئالىيە ئۆزىنىڭ بېشىدىكى سوۋېتنىڭ تاغقىسىنى ئېلىپ زەينۇرەگە قىستىپ قويۇپ، - دەمەللىققا قۇرۇق چىقىپ كېتىشىگە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئىشتىن قايتقانىدا ئوبدان رازى قىلىمەنجۇمۇ!

زەينۇرە ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقىپ تۇرۇۋېدى، ئالىيەنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— ئاپا، دولقۇنلار بۈگۈن كەچتە دادىسىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ يېزىدىغا بارىدىكەن. مەن مەكتەپتىن كەلگىچە ئۇ قوشۇپ قويغىن، چوڭ دادام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، بەكلا سېغىنىپ كەتتىم.

— توۋا دېگىن بالام، ئۆزىمىزنى بىر چىشلەم قىلىپ كىشىگە يالۋۇرغىلى بىز كەش بازىرىدىكى ئادەممىتۇق.

— نېمە دېگىنىڭ ئاپا، ئۆزۈڭمۇ دائىم شۇلارنىڭ ماشىنىسىنى ئۇ قوشۇپ يېزىدىغا باراتتىڭغۇ.

— قاچانقى بىر گەپنى قىلماي بالام، ماڭ، مەكتىپىڭگە بېرىۋەر.

— چوڭ دادامنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتكەن تۇرسا.

— مەنچۇ، مېنىڭ كۆرگۈم كەلمىدى دەمسەن، شۇنداقتىمۇ ئۆزىمىزنىڭ كەملىكىنى تونۇپ تەخىر قىلىپ تۇرايلى. بىز مىچۇ، ھۆرمىتىمىز بىلەن خۇدا نېسىپ قىلغان ماشىنىدا ئازادە ئولتۇرۇپ بارىمىز.

ئالىيە ئوغلىنى ئىتتىرگەندەك ئۆيدىن چىقىرىپ، ئۇنى-بۇنى دەپ ئالداپ مەكتەپكە يولغا سېلىۋەتتى.

ئادەتتە كىشى ئۈچۈن بىر تەڭگىنىڭ تۆشۈكىدىن نەچچە ئۇيان، نەچچە بۇيان ئۆتىدىغان بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ئىشتىن چۈشۈپ شاڭگاڭ بازىرىدىن يىگىرمە يۈەنگە بىر ھېلىلە شارپا ئېلىپ ئۆيگە قايتتى. شۇ تاپتا ئۇ يىللاردىن بۇيان چۈشىدە بولسىمۇ بىرەر قېتىم ئاڭلاشقا تولىمۇ ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن «خۇش خەۋەر» نىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چوڭراقنى ئېلىشقىمۇ رازى ئىدى.

ئالىيە ئۆي بىلەن ئىدارىنىڭ ئارىلىقىنى بۈگۈن ئىنتايىن ئۇزۇن ھېس قىلدى. «ئەمدى بۇ يولنىڭ جاپاسىغا چىدىغۇچىلىكىم يوق» دەپ ئويلىدى ئۇ، كىشىلەر بۈگۈنكى ئۆزىگە قانداق نەزەر تاشلاۋاتقاندۇر دەپ قىيا باقماي، «بۇنىڭدىن كېيىن كەلدى - باردى كۆپىيىدۇ، سورۇن چوڭىيىدۇ، ئىش قىلىپ ھەممە ئىش بۇرۇنقىدىن ئۆزگىچە بولىدۇ. ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ

خوتۇن دەپتىكەن، ئەمدى يا چۇجاكنى ئالاھىدە كۆتۈشۈم، ئۇنىڭ قىبيا پىتىدىن مېنىڭ ئەقلىم ۋە مېھرىمنى ئۇرغىتىپ تۇرۇشۇم كېرەك.»

— تووا، — دېدى ئالىيە ئۆيگە كېلىپ، زەڭگەر ھېلىلە شارپىنى بوينىغا سېلىپ ئۇيان — بۇيان ئۆرۈلۈپ كۆرۈپ، — سوۋېتنىڭ تاغىقىنى قىسىڭ، يەنە تېخى پاكىستانىڭ شارپىسىنى ئارتتىڭمۇ، تېرت! «ھەر كىشى ئۆز غېمىدە، كور كىشى كۆز غېمىدە» دەپ، ئۇ خېنىمىنىڭ خۇش خەۋىرى ئۆز چوتىنىڭ ئۇرۇقى، «بىگىم ئۇچۇن خىزمەت، ئۆزۈم ئۈچۈن ئوقەت» نىڭ ئۆزىدە بۇ.

.ئۇ ئويلىنار — ئويلىنار ئاخىرى ئۈچ يىل ئىلگىرى قوشنىسى سابىر كېچاكنىڭ مەنسىپى ئۆسكەندە ئايالىغا خۇش خەۋەر ئېيتىپ سۆيۈنچە ئالغان لوڭقىنى ئەمدى ئەتېۋالاپ ساقلاشنىڭ قىممىتى قالمىدى دەپ، زەينۇرەگە سۆيۈنچە قىلىپ بېرىۋەتمەك بولۇپ بۇلۇڭ ئۇستىلىدىن ئېلىپ ئېيتىشتۇرۇۋاتاتتى، كىچىك ئوغلىنىڭ سىرتتىن:

— ئاپا، دادام كەلدى! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ياقۇپجان يېزا خىزمىتى بىلەن ناھىيىگە كەتكەنىدى. ئالىيە لوڭقىنى چاي ئۇستىلىگە قويۇپلا، كىيىم چوتكىسىنى ئېلىپ:

— خۇش خەۋەر ياقۇپجان، بۇ دورام راستىنلا چوڭ سۆيۈنچىگە بوغۇللا جۇمۇ، — دەپ ھويلىغا چىقتى.

ئاق سېرىق، سۇلغۇن چىراي بۆلۈم باشلىقى ياقۇپجان ئالىيەنىڭ كىيىملىرىنى چوتكىلىۋېتىشىنى رەت قىلىپ، ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ ئۆيگە كىرىپ كىرېسلوغا تاشلىنىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. ئۇ ياپما قاپاقلىق كىچىك كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىدە، سارغايغان چىشلىرىنى چىك كىرىشتۈردى.

— ئەجەب چارچاپ كېتىپلا، سىلە خۇددى بىر ئېيتىپ ئوينايدىغان توپتەك، ھېلى ئۇ ناھىيىگە، ھېلى بۇ يېزىغا بۇيرۇپ تىنىشمايتتى. خۇدايا، پاكا پەرۋەردىگارا، ئەمدى ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كېتەر.

— ئالىيە خېنىم بەك ئوبدان گەپ قىلدى چۇجاك، — زەينۇرەنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن سۆزى كىردى. ئۇ «يا چۇجاك» نىڭ يۆتىلىپ قويغىنىغا ئېرەن قىلماي، ئېگىلىپ تۇرۇپ، گېلىنى قېقىۋېتىپ، ئاۋازىنى سىلىقلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ۋەسىيەي ماۋۇ ئەقلىمنى قارا، ئالدى بىلەن مۇبارەكلىشىم كېرەك ئەمەسمىدى، مۇبارەك بولغاي، چۇجاك.

— چۇجاك، خېنىم، ھا، ھا، ھا...

— بەس! «داپچىنىڭ دېپى سۇنسا، گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بولۇپتۇ» دەپ، مەن نېمە ئويدا، ھەر قايسىڭ نېمە كويدا!؟

ياقۇپجان ئەسەبىيلەرچە چاي ئۇستىلىگە غەزەپ بىلەن بىرنى ئۇرۇۋىدى، لوڭقا قاڭقىپ يەرگە چۈشۈپ چۇل — چۇل بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئېڭىشىپ بىر ئۇچىنى تۇتۇۋىدى، ئالىيە يۇلۇپ تارتىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئەلەملىك تىكىلدى. زەينۇرە «تەستىقلانماپتۇ» دېگەننى قانداق قىلىپ «تەستىقلاپتۇ» دەپ ئاڭلاپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ ئالىيەنىڭ ھەسرەت ئۇچقۇنى چاچراپ تۇرغان كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، دېرىزىنىڭ تاكچىسىغا يۆلىنىپ، سىرتقا قاراپ تۇرغان ياقۇپجاننىڭ تىترەۋاتقان گەۋدىسىگە قاراپ — قاراپ قويۇپ سولىشىپ ئاستا چىقىپ كەتتى...

ئادالەت ھېبىبۇللا

## ئىككى نەسر



ئادالەت ھېبىبۇللا (ئۆز بېك) 1962 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قاغىلىق ناھىيە بازار ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇق خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1981 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىي سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا قالدۇرۇلغان. 1983 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغا قەدەر قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئېرىشكەن. 1989 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تولۇق كۇرسى سىنىپىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

ئادالەت ھېبىبۇللا «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1981 ـ يىل مارتتا ئېلان قىلىنغان «ئالتۇن بولاپكا» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللاردا «ئاھ، مېنىڭ تەنتەكلىكىم»، «ھاياتقا مەدھىيە»، «مېنىڭ ئۇستازىم»، «ئۇ نېمىشقا ياش تۆكۈدۇ؟»، «مۇقەددەس قەبرە»، «خاسىيەتلىك كۆڭۈلەر» قاتارلىق ئوتتۇز پارچىدىن كۆپرەك ھېكايە، نەسرلىرى كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1987 ـ يىل «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى سانلىرىدا ئۇنىڭ «قىقمنۇسنىڭ تويى» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى. 1988 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھاياتقا مەدھىيە»، («ئاچقۇچ» ناملىق بىرلەشمە توپلام ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن) ھېكايە، نەسرلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا تاپشۇرغان «قايتا تۆرەلگەن ئادەم» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى پات ئارىدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئادالەت ھېبىبۇللا ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك تىل ـ ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ياش يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ، ھازىر «يىگانە كارۋان» ناملىق پوۋېستى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

— تەھرىردىن

## بەختىم

هەر كىم ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىدۇ. بەلكى ئۇنى ھاياتىدىكى بەخت قاتارىدا ئەزىزلەيدۇ. مەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتقۇچىلىق ئۆمۈرلۈك كەسپىم. ئۇنىڭغا سۆيگۈم، بارلىقىم ئەقىدەم ئېتىلگەن. چۈنكى، ئوقۇتقۇچى—بىر كىشى، بىر قەۋم، بىر مىللەت. ھەتتا بىر دۆلەتنى ھالاكەت گىردابىغا سۆرەپ كېلىدىغان ئىلمىسىزلىك، نادانلىقتىن ئىبارەت زۇلمەت قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقۇچى. ئوقۇتقۇچى — ئىنسانىيەتنىڭ قەلب ئېتىزلىقىغا ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقۇچى، ئەۋلاد ئىشقىدا كۆيۈپ يانغۇچى. مەن ئەنە شۇنداق شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولغان بۈيۈك كەسپنىڭ ئەھلىمەن. ئۇنىڭغا مېنىڭ پۈتۈن ئەسلى ۋەسلىم ئاتا قىلىنغان. بۇ يولدا ئاققۇزغان قان - تەر، سىڭدۈرگەن ھالال مېھنەت بەدىلىگە ھاياتىمنى ئەڭ مەنىلىك ئۆتكۈزەلەيمەن. مانا بۇلار مېنى ھەقىقىي خۇشاللىققا، بىر ئۆمۈر چىن بەختكە مۇيەسسەر قىلالايدۇ.

قاراڭ، كۆڭۈل ئېكرانىمدا ھەر دائىم ئەۋلادلارنىڭ سىماسى، قەلبىمدە ئەۋلاد سۆيگۈسى. مەن مانا مۇشۇ سۆيگۈنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھايات يولۇمدىكى توسالغۇلارنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ كېتىۋاتىمەن. تۈن نىسپىگىچە دەرس تەييارلاپ، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ ئولتۇرغانلىرىمدا، مۇنبەردە سائەتلەپ ئۆرە تۇرۇپ، ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئىلىم تەشنالىقىدا يانغان سەبىي دىللارغا تونۇتۇۋاتقىنىمدا، قارا دوسكا ئالدىدا ئاپئاق بور توزۇندىلىرىغا كۆمۈلۈپ، تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدىن ئەجدادىمىزنىڭ كۆمۈلمەس ئىزلىرىنى كۆرسىتىۋاتقىنىمدا، جاھاننىڭ ئەينىكى بىلەن بۈگۈن ۋە ئەتىنى روشەن نامايەن قىلىۋاتقىنىمدا ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ پەخىرلىك كىشى ھېساپلايمەن. مەندە نە زېرىكىش، نە چارچاش، نە ھال ئېيتىشتىن قىلچە ئەسەر يوق. بەلكى، ئۆزۈمنى شۇنچە خۇشال، ئازادە، تېتىك ھېس قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ئەۋلادلىرىم ئۈچۈن قىلغان ئۇلۇغ كۈرىشىم. ئېھ سۆيۈملۈك ئەۋلادلىرىم! سىلەرنىڭ قەلبىڭلار بىلەن مېنىڭ قەلبىم يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، مېنىڭ كۆڭۈل رىشتىم سىلەرگىلا باغلانغان. سىلەر مېنىڭ شېرىن سۆيگۈم، ئەڭ زور بايلىقىم. ۋۇجۇدۇمدىكى جىمى نەرسىنى ۋۇجۇدىڭلارغا سىڭدۈرۈۋېتىش مېنىڭ بەختىم!

## كۆزۈم رەقەملەر توپلىمىدا

يېڭى چىققان سۈرەتلىك كالېندارلار بەس - بەس بىلەن سېتىۋېلىنماقتا. كىشىلەر شەھلا كۆزلۈك گۈزەل قىزنىڭ سۈرىتىگە، رەڭمۇ رەڭ گۈل - گىياھلار، يېشىل مەخمەلگە ئورالغان تاغلار، بۈك - باراقسان ئورمانلارنىڭ جىمجىت ۋە سېھىرلىك مەنزىرىلىرىگە

قىزدىقىشىۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى بىر يىلنىڭ رەقەملىرىدىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە ۋە خىزمەتلىرىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئويلىشىۋاتامدىغاندۇ؟ بەلكىم بۇ ھەر كىمنىڭ ئارزۇ ھەۋىسىگە يارىشا ئوخشاش بولمايدىغاندۇ. كۆزۈم يېڭى يىللىق كالېندارنىڭ رەقەملەر توپلىمىغا تىكىلىشى بىلەن ئېڭىمدا ئاجايىپ بىر تەسەۋۋۇر ئېكرانى پەيدا بولدى - دە، ئۆتكەن ئىشلار، تارىخ سەھىپىسىگە ئۆچمەس بولۇپ بېسىلغان ئىزلار ۋە ئېچىلغان يوللار، تۈرلۈك - تۈمەن ۋەقە - ھادىسىلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار ئوخشاش بولمىغان ۋەقەلەر ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ باردى ۋە بارماقتا. رەقەملەر بىردىن ئىككىگە، ئىككىدىن ئۈچكە… كۆپىيىپ، ھايات ۋاقىت ئىچىدە، ۋاقىت رەقەملەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ ئۆتۈپ كېتىۋەردى. مانا بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخلىرىنى ياراتتى. بۇ بىر مۆجىزە ئاددىي شەرتلىك بەلگە ۋە سان-سىفىرلار بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلدى، ئۇ بارغانسېرى ئاۋۇپ سان - ساناقسىز توپلاملارغا ئايلاندى.

كۆزۈم يېڭى يىللىق كالېندارنىڭ رەقەملەر توپلىمىغا تىكىلگەن ھالدا، ئېڭىم بۇنىڭدىن كېيىن قوشۇلماقچى بولغان رەقەملەرنى تەسەۋۋۇر قىلماقتا. ئېلىمىز نىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاكچېنىنىڭ زەپەر مارشى كىشىلەرگە يېڭى بىر يىلدا ئىلىم - پەن ۋە ھەر قايسى ساھەلەردە يەنە ئاجايىپ مۆجىزىلەر، بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەنە شۇ مۆجىزە، مۇۋەپپەقىيەتلەر يەنىلا ئاددىي رەقەملەر بىلەن جۇغلىنىپ كېيىنكىلەرگە تارىخنىڭ يادىكارى سۈپىتىدە قالدۇرۇلۇشى مۇقەررەر. گەرچە رەقەملەر ئاددىي سان - سىفىرلاردىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ ھاياتنىڭ، تارىخنىڭ جۇغلانمىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، تېخىمۇ يىراق ھەم ئىستىقباللىق مەنزىللەرگە ئات سېلىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ نۇرلۇق ماياكى ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ۋاقىت — كۈرەش، كۈرەش — بەخت، بەخت — جىمىكى ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسى!

كۆزۈم يېڭى يىللىق كالېندارنىڭ رەقەملەر توپلىمىغا تىكىلمەكتە. چۈنكى مېنىڭ ھايات - پائالىيىتىممۇ شۇ رەقەملەر توپلىمى ئىچىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. لېكىن مەن ۋەتەن، ئەل ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن قانچىلىك قىلىپ بېرەلەيمەن؟

مەن يېڭى قوشۇلغان رەقەملەر توپلىمىدىن نۇرغۇن ئارزۇ ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتىمەن. يۈرىكىم شادلىق، ئىنتىلىش ۋە زور ئۈمىد ئىچىدە ئوقچىماقتا.

كۆزۈم يېڭى يىللىق كالېندارنىڭ رەقەملەر توپلىمىغا تىكىلمەكتە. بۇ توپلام جەڭگىۋار ھاياتنىڭ يېڭى چەك سىگنالى، ئۇ مېنى غەلىبىگە ئۈندىمەكتە,

بۇخېلىمچە ئىمىن

# «مۇسلىمىيان»نىڭ سىرى

(ھېكايە)

ھاشىم قارىنىڭ داخانلىق «داڭقى» قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يۇرتقا تېزلا تارقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرى توغرىسىدا كىشىلەر ھەيران بولۇشقان ھالدا بىر - بىرىگە سۆزلىشەتتى.

مەسچىت ئالدىغا يىغىلىشقان كىشىلەر ئارىسىدىن كەكە ساقال، ۋىجىككىنە بىر ئادەم كۆپچىلىككە قاراپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سۆزلەيتتى:

— تۆۋەن مەھەللىدىكى خالىقكامنىڭ ئوغلى سابىرجان تۇنۇگۇن يەڭگىپتۇ. ئۇنى ئانىسى يوتقانغا چىڭ يۆگەپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارنى باققاندەك بېقىۋاتقانمىش، — بۇ گەپ بىلەن تەڭ كىشىلەر توپى ئىچىدە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئارىدىن بىر يىگىت ئاچچىقلانغان تەلەپپۇزدا:

— ئاكاۋوي كېپىم بار، دەپ ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىدىكەنسەن. ئوغۇل بالىنىڭ تۇغقىنىنى سەن نەدە كۆرگەن؟ - دەپ دىۋەيلىۋىدى. كەكە ساقاللىق ھېلىقى كىشى ئالدىراپ چۈشەندۈردى:

— ھوي ياشلىق قىلما! ھاشىم قارىم يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن مەزگىلدە ئاللانى دىلىغا پۈكۈپ، دەشتۇ - باياۋانلارنى كېزىپ، چىنچا غوجام مازارىغا بېرىپ، قىرىق كۈن يېمەي-ئىچمەي ئېھتىكاپتا ئولتۇرغانىكەن، قىرىق بىرىنچى كۈنى بولدى، دېگەندە ئۇنىڭغا غايىپتىن بىشارەت بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يىغىن ئىچىپ، دەم سېلىپ، كۆرەك كۆرۈپ قىلغان كارامەتلىرى ئاز ئەمەس، بولۇپمۇ ئۇ زاتنىڭ تۇغماس ئاياللارغا دەم سېلىپ ھامىلدار قىلغانلىق خەۋىرى يۇرتنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن كۈنلەردە، سابىرجان ئۇنىڭ بۇ كارامەتلىرىدىن دەرگۇمان بولۇپ، قارىمنى سىناپ بېقىش نىيىتىدە، ئۇستىگە ئانىسىنىڭ ئەتلەس كۆينىكىنى كېيىپ، بېشىغا رومال ئارتىپ، ھاشىم قارىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئالدىدا يىغلامسىراپ تۇرۇپ: «مەن ياتلىق بولغىنىمغا ئون يىل بولۇپ قالدى، تېخىچە بالىلىق بولمىدىم، ئېرىم ئەمدى تۇغماسلىق خېتىڭنى بېرىۋېتىمەن دەۋاتىدۇ، جېنىم قارىم، مېنىڭ ھالىمغا يېتىپ، دەردىمگە داۋا، رەنجىمگە شىپا ئاتا قىلىشلىرىنى سورايمەن» دەپ تۇرۇۋالغانىكەن، قارىم ئۇنىڭ قورسىقىغا «سۇپ» دەپ قويۇپتۇ.

كەكە ساقال كىشى بۇ سۆزلەرنى ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ، بويىنىنى كىلدىڭشىتىپ تۇرۇپ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ تۇرۇپ ئېيتتىكى، ئەتراپتىكى كىشىلەر قاھ - قاھلاپ كۈلگىنىدىن كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

باياگەپ قىلغان ھېلىقى يىگىت ئاچچىقلانغان ھالدا ئالدىغا چىقىپ يەنە سورىدى:

— ئاكاۋۇي، سەن بۇ قارىمنى شۇنچە كارامەتلىك دەيسەن، ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتىمۇ؟

كەكە ساقال كىشى ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھە، بايا مەن ياشلىق قىلما دېسەم، يەنە مەمەدانىلىق قىلغىلى تۇردۇڭغۇ؟ مانا ئاڭلاپ تۇر، قارىم قەستەن ئۆزىنى سىناش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئايالچە ياسىنىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش نىيىتىدە ئۇنىڭ قورسىقىغا سۇ پۈلەپ قويغانىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن سابىرجاننىڭ قورسىقى يوغىناشقا باشلاپ، كۆڭلى ئېلىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ ... — ئۇ، سۆزىنى تۈگىتىپ غالىبانە ھالدا ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويدى، بەزى كىشىلەر «توۋا» دەپ ياقىلىرىنى چىشلەشسە، بەزىلىرى كۈلگەنلىرىچە تارقاپ كېتىشتى.

سەۋرىخان ئاچىنىڭ يالغۇز قىزى ئارزۇگۈلنى ياتلىق قىلغىلى ئۈچ يىل بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ بولماي يۈرۈۋېرىشى، ئانىنىڭ تاقىتىنى — تاق قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ، ھەر كۈنى سەھەر قوپۇپ جاينامازدا قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاللادىن پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ دۇئا — تەلەپ قىلسا، ھەر جۈمە كۈنى ئازنا مەسچىت يېنىغا جامائەتنىڭ جۈمە نامىزىدىن يېنىشىغا ئولگۇرۇپ بېرىپ، كىچىككىنە چەينەككە تولدۇرۇلغان بۇلاق سۈيىگە دەم سالدۇرۇپ كېلەتتى — دە، قىزىغا ئىچكۈزەتتى. ئۇ ئارزۇگۈلنى قوشنىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر قانچە دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ بېرىپ دورا، ئوكۇل قىلدۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا مەنپەئەتى بولماي قېلىۋەردى. سەۋرىخان ئاچىنىڭ سەۋرى-تاقىتى تۈگەپ شۇنداق رەللى بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يۈرگەن كۈنلەردە، ھاشىم قارىمنىڭ ئاجايىپ؛ كارامەتلىرى توغرىسىدىكى داڭقىنى ئاڭلاپ قالدى — دە، قىزىنى ئېلىپ جابدۇپ قارىمنى ئىزدەپ يولغا چىقتى.

يېزىنىڭ ساپ ھاۋاسى، گۈزەل مەنزىرىسىدىن كۆڭلى يايراپ كەتكەن ئارزۇگۈلنىڭ خۇشال كەيپىياتىنى، ئۈستەڭنىڭ ئۇ قېتىدا يالغۇزلا شۇمشىيىپ تۇرغان قاپقارا كەپە بۇزۇۋەتتى. ئۇلار تاملىرى كاللەك-كاللەك چالما بىلەن قوپۇرۇلغان تارغىنە ھويلىغا كىرگەنىدە، ئۇدۇلدىكى قارا ئىشىكلىك قاراڭغۇ ئۆيدىن ھە-ھۇ قىلىپ جەرەسالغاندەك غەلىتە ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر چوكان بىلەن چوڭراق ياشتىكى ئىككى ئايال ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئېگىز بوسۇغىدىن ئاتلاپ، پاكار ئىشىكتىن باشلىرىنى ئېگىپ ئىڭىشىپ ئۆيگە كىرىشتى. تام — تورۇسلىرى قاپقارا ئىسلىنىپ كەتكەن بۇ ئۆيگە ھويلا تەرەپتىن ئېچىلغان كىچىككىنە كۆزنەك ئارقىلىق غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرغاچقا ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تەستە پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئۇدۇلدىكى تام تۈۋىگە قويۇلغان كونا كات ئۈستىگە يوغان بىرلا قورچاق يۆگەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قانچە تاۋاقتا چالما، تىزەك، قۇم، دان قاتارلىق نەرسىلەر سېلىنغان، يەنە بىر ئەسكى تۇڭكا قاچىدىكى قوقاستىن پۇرقىراپ ئىس چىقىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قېقىلىپ تورۇس بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، يوغان قىل ئارغامچا تارتىلغان

بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋىنىدىن يۇقىرىغىچە ھەر خىل رەڭدىكى پارچە - پۇرات لاتا، رەخت قاتارلىق نەرسىلەر ئۈستى - ئۈستىلەپ چېگىۋېتىلگەن. قاچىدىن چىقىۋاتقان بەدبۇي پۇراق ئۆينى بىر ئالغان بولۇپ، كىشىگە سېھرى - ئەسنا خارابىسىغا كىرىپ قالغاندەك سەل قورقۇنچ تۇيغۇسىنى بېرەتتى. تامغا قاراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان قارىم گويا ئۆيگە كىرگەن كىشىلەرنى كۆرمىگەندەك قىياپەتتە قوللىرىنى قوينۇشتۇرۇپ، بېشىنى سەل ئېگىپ پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دەپ ئولتۇرۇۋەردى. سەۋرىخان ئاچا يەر بىلەن بىر لىشىپ توپا بولۇپكەتكەن كىگىز ئۈستىگە ئاۋايلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مۇددىئالىرىنى ئېيتتى.

— قارىم، - دەيتتى ئۇ، يىغلىغان قىياپەتتە - ئۆزلىرىنىڭ داڭقىلىرىنى ئاڭلاپ ئىزدەپ كېلىشىم. كۈيئوغلۇم ئوبدان يىگىت ئىدى، قىزىمنىڭ بويىدا قالماي، ئۇلارنىڭ ئۆيى بۇزۇلۇش دەرىجىسىگە بېرىپ قالدى، شاپائەت قىلىپ بىر ساۋاب قىلىپ قويسىلا ئىكەن.

— بۇ ھاجەتلىرىدىن چىقىش پېقىرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، - دېدى ھاشىم قارىم ئۆزىگە سۈرلۈك تۈس بېرىپ، - بىراق بۇنداق مۇشكىلاتنىڭ تۈگۈنىنى يېشىشتە خېلى كۆپ چىقىم بولىدىغان گەپ، قېنى بۇنىڭغا نېمە دەيلا؟

شۇ تاپتا سەۋرىخان ئاچىنىڭ قۇلىقىغا «بىجا كەلتۈرۈش قولۇمدىن كېلىدۇ» دېگەندىن باشقا ھېچقانداق گەپ كىرمەيتتى. ئۇنىڭدىن چىققان بۇ جاۋاب پەرزەنت پىراقىدا نەچچە يىلدىن بېرى ھەر تەرەپكە قاتراپ تىتىلدىغان ئانىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرغانىدى. شۇڭا ئۇ، ئالدىراپ سۆز باشلىدى:

— ۋاي قارىم، قىزىم پەرزەنتلىك بولىدىغانلا بولسا بۇنىڭ ئۈچۈن نېمەم كەتسە مەيلى، ئۇ تەرەپلەردىن ھەرگىز ئەنسىرىمىسىلە.

سەۋرىخان ئاچىنىڭ جاۋابى دەل جايىدىن چىققانىدى. كۆڭلى ئىمىن تاپقان داخان كۆزىنى يۇمۇپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇغان بولۇپ ئويلانىدى: خۇدا بەردى دېگەن شۇ، بۇنداق ئامەت ماڭا كۈندە كېلىۋەرمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار پۈتۈشتى، ئىشنىڭ بېشى قان ئاققۇزۇش بىلەن باشلىنىپ، بازاردىن ئاق قوچقار سېتىۋېلىندى. ئەتىسى سەھەردە قان قىلىنىپ، قوچقارنىڭ گۆش - ياغلىرى پاكىزە قىرىۋېلىنغاندىن كېيىن قارىم يوغان بىر تەڭلىگە تاشلانغان گۆشكە قاراپ يىركەنگەن قىياپەتتە:

— بۇ مالنىڭ قېنى ساۋابلىق ئىش ئۈچۈن ئاقتى، تېرىسىگە ماۋۇ خېنىمنى ئېلىپ داۋا قىلىمىز. پەرزەنت يولىدا سەدىقە قىلىنغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ، بۇنى ئېلىپ چىقىپ ئارقىدىكى مېۋىلىك دەرەخنىڭ تۈۋىنى كولاپ كۆمۈۋەت! - دېدى ئۇ ئالغاي كۆز شاگىرتىغا قاراپ. شاگىرت تەڭلىنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋېتىپ شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئىچ - ئىچىدىن كۈلەتتى.

تېرىگە ئېلىپ ئوقۇش، كۆرەك كۆرۈش، دەم سېلىش دېگەندەك ئىشلار ئۈچ كۈن داۋام ئەتكەندىن كېيىن، ئورۇن يۆتكەپ ئوقۇغاندا شىپا بولىدۇ دەپ، قالغان سەۋەبنى سەۋرىخانىنىڭ ئۆيىدە قىلماقچى بولدى.

بۇلۇڭ كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كەڭرى ھويلا يەتتە كۈندىن بېرى كېچە - كۈندۈزلەپ تىنىمسىز ھەرىكەتكە چۆمگەن.

سەۋرىخان ئاچا ئىشىكنى چىڭ تاقاپ قويۇپ، ھاشىم قارىمنىڭ دېگەنلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ پاي - پېتەك بولماقتا.

— پەردازلار بۇ خېنىمنىڭ تېرە پوستىدىن ئورۇن ئېلىپ، بەدەن - بەدەنلىرىنى چىرمىۋالغانىكەن، ھامىلدار بولماسلىقنىڭ سەۋەبى شۇلدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئېسىل يىپەك رەخت بىلەن ئۈچ قېتىم كېپەنلەپ ئوقۇش زۆرۈر، — دېدى قارىم سەۋرىخان ئاچىغا.

ئۇ، سەۋرىخان ئاچا تەييارلاپ بەرگەن تۆت مېتىردىن ئۈچ خىل يىپەك رەختكە ئارزۇگۈلنى ئوراپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقۇزۇپ، «سەۋەب» قىلىنىپ بولغىچە مىدىرلىماي جىم يېتىشنى جېكىلەپ، دەۋر قىلىپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ، بىر قولىدا ئىسرىقدانىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاپىنىنىڭ سول يېڭىنى ھەدەپ پۇلاڭشىتىپ، بىر تورۇسقا، بىر يەرگە قاراپ، ئۈنلۈك ۋارقىراپ ئارزۇگۈلنى ئايلىنىپ چۆرگىلەيتتى: ئەزا مازا كازۇنى، ھازا پازا تازۇنى.

........................................ .........

ئۇ، بۇنداق چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ كۆچەپ توۋلاپ چۆرگىلىگەندە، ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پەشلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، بەئەينى بىر ئالۋاستى قىياپىتىگە كىرىپ قالاتتى. ئۇ، خىرقىراق ئاۋازى بىلەن ھەر تەرەپكە ئىغاڭلاپ، قوللىرىنى يۇقىرىغا سوزۇپ ۋارقىرايتتى: «كېلىڭلار، كېلىڭلار! مېنىڭ سادىق خەلقلىرىم تېزدىن كېلىڭلار! مۇشكىلاتنى يېشىڭلار، جاھىللارنى قوغلاڭلار، كويىقا پىقا ئېلىپ بېرىپ، جاللات قولىغا بېرىڭلار! قىرىق توغلۇق ئالتۇن باشلىق، يەتتە سەپلىك دىۋە-پېرىلەر! كېلىڭلار! ئەينەك كۆزلۈك، ئوتقاش يۈزلۈك شايتۇنلار كېلىڭلار، ھولۇقماستىن كېلىڭلار! سەپ - سەپ بولۇپ كىرىڭلار!»

ئۇ، ئاسمانغا قاراپ نالە قىلاتتى، غايىپ قول ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋالغاندەك خىرقىرايتتى، ھاسىرايتتى. ئۇ، تۇيۇقسىزلا ئورنىدا چىچىپىدە توختاپ: «ھەي - ھەي، ئاستا - ئاستا!» دەپ توۋلاپ، بۇ «كارامىتىنى» كۆرۈشكە كىرگەن سەۋرىخان ئاچىنىڭ يېقىنلىرىغا قاراپ جىددىيلىك بىلەن: «خانلىرىم دەرھال يول بوشىتىپ چەتتە ئولتۇرۇشسىلا! مېھمانلار كېلىۋاتىدۇ» دېدى. شۇ چاغ ھېچقانداق شەپە ياكى سايە كۆرۈنمىگەن بولسىمۇ، قورقۇپ ئولتۇرۇشقان ئاياللار بىر نەرسە بېسىۋېتىشتىن ئەنسىرىگەندەك تېزلىك بىلەن چەتكە ئۆتۈشتى.

بۇ خىل ئوقۇش ئۈچ كۈن داۋام قىلىپ، كېپەنلىگەن رەختلەر قارىمنىڭ خۇرجۇنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئارزۇگۈلنىڭ تېرە پوستى ئارىسىغا كىرىۋالغان جىنلارنى ھەيدەش «ئەمەلىي» باشلاندى. قارىم ھويلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قۇرۇق ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ، بازاردىن يېڭى سېتىۋېلىنغان ساپسىز كەتمەننى ئوتقا تاشلىدى - دە، كەتمەن قىپقىزىل چوغ بولغاندىن كېيىن قىسقۇچ بىلەن تۇتۇپ ئېلىپ يەرگە قويدى ۋە «بىسمىللاھى رەھمانىر رەھىم» دېگىنىچە، يالاڭئاياغ پۇتى بىلەن چوغلانغان كەتمەنگە دەسسىدى، ئۇنىڭ پۇتىدىن پۇر قىراپ ئىس كۆتۈرۈلدى، ئەتراپتىكىلەر چىقىراپ كېتىشتى، قارىم ئىس چىقىۋاتقان پۇتىنى تېزلىك بىلەن كۆتۈرۈۋېلىپ، يېنىدىكى كۆرپە ئۈستىدە دۈم ياتقان ئارزۇگۈلنىڭ كىيىملىرىنى قايرىۋېتىپ ئىنچىكە بەل، قازانلىرىغا دەسسىدى. ئۇنىڭ پۇتى تەككەن ھامان ئارزۇگۈل كۆيۈك ئازابىدىن ۋارقىرىۋەتتى. قارىمنىڭ پۇتىنىڭ ئىسسىق تېرىسىگە شۇنداق ئېنىق چىققان بولۇپ، ئورنىغا ۋىلىلداپ سۇ

يىغلاپ قالدى. قارىنىڭ قورقماي ئوتقا دەسسىگەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەر مەھەللىگە تېزلا تارقىلىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئارزۇگۈلنىڭ بەدىنىدىكى پۈت ئىزىمۇ بۇنىڭغا ياخشى گۇۋاھچى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بەل ئاغرىقى، پۇت ئاغرىقى دېگەندەك كېسەللىرى بار بىر مۇنچە كىشىلەر سەۋرىخان ئاچىغا يالۋۇرىشىپ، بۇ ئۆيگە كىرىشىپ ئۆزلىرىگە «داۋا» قىلدۇرۇۋېلىشتى. ھاشىم قارىمۇ بوش كەلمەي، ھەر بىر دەسسەش ھەققى ئۈچۈن ئەللىك يۈەندىن پۇل ئۇندۇرۇۋالدى. قارىم بۇ ئۆيگە كېلىپ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى سەۋرىخان ئاچا پۇشۇرۇپ بەرگەن قوي گۆشىنىڭ شورپىسىنى ئىچىپ، گۆشىنى نان بىلەن قوشۇپ يەپ ھوزۇرلىنىپ ئولتۇراتتى، سەۋرىخان ئاچا سۆز باشلاپ:

— قارىم، قىزىمنىڭ تومۇرلىرى ئەمدى ئېچىلغاندىمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

شۇ ئان قارىنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى. چۈنكى ئۇ، سەۋرىخان ئاچىنىڭ بىئاقەتلەنگەن روھىي ھالىتىنى ئوبدان ئىگىلىۋالغانىدى.

— مەن سىلىگە دېدىمغۇ؟ قىرىق كۈن ئەمەل قىلىمىز — دەپ، سەۋەب دېگەننى بىلىشنى چىڭ باغلىغان، كۆڭلىدە گۇمانى يوق، ئېتىقادى چوڭ ئادەم قىلالايدۇ، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

— خاپا بولمىسىلا قارىم، — دېدى سەۋرىخان ئاچا دەرھال ئۆزىنى ئوڭلاپ، — بۇ يولدا مېنىڭ نېمەم كەتسە مەيلى، چىدايمەن.

— ھەببەللى، مانا ئەمدى ئەقىل تاپىلا.

يەقىر كېچە خىلۋەت ئۆيدە ئېھتىكاپتا ئولتۇرۇپ يېقىن قىلغانىدىم، خەلقلىرىمىنىڭ ئېيتىشىچە، ئارزۇگۈلنىڭ تېرە پوستىنى قاقسىۋالغان پەرىزاتلار ئاجراپ چىققىپ كېتىپتۇ.

بىراق، قورساق قىسمىغا ئورۇنلىشىۋالغان ناھايىتى يامان بىر زىيانداش بار ئىكەن، — قارىم سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، چىرايىنى غەلىتە قىلىپ پۈرۈشتۈرەتتى. ئۇدۇلدا روبىرو ئولتۇرغان سەۋرىخان ئاچا تاتارغان ھالدا، بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك دېمىنىمۇ ئالالماي ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن قارىم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ مىسلىمىيان دەپ ئاتىلىدىغان شۇنداق يامان زىيانداشكى، قان تومۇرلار ئېچىلسا ھامىلە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ، ئەگەر بۇ زىيانداشنى تۈۋى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ يوقاتمايدىغان بولساق، ھەر قانچە ھامىلدار بولغان بىلەنمۇ پەرزەنت يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچالمايدۇ، قورساقتىكى بالىنىڭ بېشىنى كولاپ يەپ بولۇپ، تا سۆڭەك - پۈكەكلىرىگىچە ھېچنەرسىسىنى قويمايدۇ، — قارىم كۆزلىرىدىن غەلىتە ئۇچقۇنلارنى چاچرىتىپ سۆزىنى تۈگەتتى. سەۋرىخان ئاچا تىترەپ بوقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ۋاي خۇدايىم، ماڭا نېمىشقا ئوڭ كۆزۈڭدە قارىمايدىغانسەن؟ دۇنيادا ھەممە ھۇشكۇلچىلىك مېنىڭلا بېشىمغا كېلەمدۇ؟ نېمە گۇناھ قىلغان بەندە بولغىنىمەن.

سەۋرىخان ئاچىنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلىغان ھاشىم قارىم يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا قاراپ، شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر شۇم ئامالنى پۈككەندەك، كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قورساقتىكى زىيانداشنى چۇشۇرۇش ئىشى قىلغان «ئەمەل»لەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇشەققەت بىر «ئەمەل» بولغانلىقى ئۈچۈن يېزىغا بېرىپ ئازراق تەي-

يارلىق قىلىپ كېلىش لازىم ئىدى. ئۇ شۇكەپ بىلەن كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. سەۋرىخان ئاچىنىڭ ئۆيىگە «زىبياندىش»نى چۈشۈرەلەيدىغان ھۈنىرى بار «كاتتا» قارىمنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يىراق-يېقىندىكى بىر مۇنچە تۇغماس ئاياللار ئىزدەپ سورىشىپ يىغىلىشقانىدى. بۈگۈن ھويلا چوڭ سورۇن تۈزۈلگەن، يوغان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىلىپ، ئەتراپىغا چۆرىدەپ يەتتە-سەككىز ئاياللار تىزىلىشقان بولۇپ، ئۇلار ھاشىم قارىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە گۈلخان ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ھاسىراپ-ھۆمىدەپ يۈرمەكتە. قارىم ئەڭ ئالدىدا يۈگرەۋاتقان ئايالنىڭ يېنىدا تۇرۇپ «ھە يەنە يۈگۈرسەڭلە! ھە يەنە» دەيتتى. ئايال يۈگرەپ ھېرىپ ھالىدىن كېتە يازدى-دەپ قالغاندا، بىلىكىدىن كاپلا تۇتۇپ، «كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئاغزىلىرىنى ئاچسىلا، بۇ ئىشتا ھەرگىز كۆڭۈلگە باشقىچە ئوي كەلمەسلىك، دىلىغۇل بولماسلىق كېرەك، بولمىسا ئايەتكە شەك چۈشۈپ، قىلغان ئىشىمىز بىكارغا كېتىدۇ» دەپ، قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق ئۇچى ئىلمەك قوشۇقسىمان ھىيتالنى ئايالنىڭ كېكىرتىكىگە تىقىپ، كىچىك تىلىنى كۆچەپ سىردى ۋە «ھەببەللى مانا چىقتى» دەپ تۇخۇمدەك چوڭلۇقتىكى ئۈستىنى ئۇششاق يۇمران تۈك قاپلىغان شىلىق قان ئارىلاش كىچىككىنە ئەتلىمە گۆش بىر جانىۋارنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، ئاياللارغا لاپپىدا كۆرسىتىپ قويۇپلا كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىدى. شۇئان ئوت ئىچىدىن يېشىل ئۇچقۇنلار چاچراپ، سېسىق گۆشنىڭ پۇرىقى كەلدى. بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇشقان ئاياللار «يا ئاللا نېمە دېگەن كارامەت بۇ» دېيىشىپ چۇقان سېلىشتى. ئۇ ئۆز ئىچىدىن چىققان بۇ جانىۋارنى كۆرگەن ھېلىقى ئايال قان يۇقى ئاغزىنى ئالدىراپ ئېيتىشۋېتىپ، قارىمغا ھەشقاللا، رەھمەت ئېيتتى.

— قورساقلىرىدا بۇ مەسلىمىيان زىبياندىش تۇرۇۋەرسە، كۈندىن-كۈنگە يوغىناپ قورساقلىرىدىكى بالىنى يېگەندىن تاشقىرى بارا-بارا ئۈچەي باغىرلىرىغىمۇ ھۇجۇم قىلاتتى، مانا بۇ ئېلىستىن خالاس تاپىلا، — دېدى قارىم غالىبانە ھالدا باشقىلارغا نەزەر سېلىپ. ئۇ، ھەممە ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى مەسلىمىيان زىبياندىشنى ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىر-بىرلەپ ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ئاياللاردىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالاھىدە كۆپ ھەق ئۇندۇرۇۋالدى.

ئارزۇگۈل ئالاھىدە سەۋەب قىلىنىۋاتقان كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئەتە بامدات نامىزىدىن بۇرۇن يۇلتۇز تارقىماستا «ئەمەل» قىلماقچى بولۇپ، بۈگۈن ئىشنى يىغدى. كەچقۇرۇن قارىم ياتار ۋاقتىدا ئۆزىگە سېلىپ بەرگەن تاۋار يوتقانىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، مەيسىنىڭ قونجىغا، ئۇزۇن چاپىنىنىڭ قوينى يانچۇقلىرىغا تىققان پۇللارنى تۆكۈپ ساناشقا باشلىدى. ئۈچ كۈن ئىچىدىلا يىغىلغان پۇل 500 يۈەن. بۇ نېمە دېگەن ئامەت! ئۇ، پۇللارغا قاراپ ھوزۇرلىناتتى، ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كۈلەتتى، ئويلىناتتى. بىر قانچە كۈندىن بۇيان يېگى قوينىڭ گۆشىدە مېزىلىك پۇشۇرۇلغان تەييار تاماق، ئاچچىق دەملەنگەن چاي، يۇمشاق، ئازادە ئورۇن-كۆرپە، كۈنلىكى بايىقىدەك ئاياللار ئەكېلىپ تۇرىدىغان ھەر خىل سوۋغا-سالاملار، رەخت، پۇل بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى. ئۇ شۇنداق خىياللار ئىچىدە ئۈزۈپ بەھوزۇر ئۇخلاپ قالدى. تاڭ سەھەر يۇلتۇز تارقىماستا ئىشنى باشلىغان قارىم گۈلخان

ئەتراپىدا پىقىراپ ئايلىناتتى. ئۇ، سەرپۇش تۇمىقى ھەم ئۇزۇنچاپىنىنى تەتۈر كىيىۋېلىپ ئاسمانغا قاراپ جەرە سالاتتى، تەرلەپ پىشاتتى، خىرقىرايتتى:

كەلدىم ساڭا ئوت ئىچىپ، مۇھەببىلىرىم پەرىلەر،
كۆيدۈرگىلى زىبانداش، بولۇر ماڭا چىن يولداش.
ئەفئى① لەھەڭ چايانلار، تۇرار جايىڭ بۇ ئەمەس،
بولۇر ساڭا ماكانداش، چىق مەسلىمىيان زىبانداش.

ئۇ، تۇۋلىغاچ ئارىلاپ سەۋرىخانلارغا بۇيرۇق قىلاتتى:

— ھە تېزرەك، تېزرەك يۈگۈرۈڭلار!

سەۋرىخان ئاچا ئارزۇگۈلنى باشلاپ بىرلىكتە ئوتنى چۆرىدەپ يۈگۈرۈشەتتى. ئۇلار يۈگۈرە - يۈگۈرە ئاخىرى ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە، قارىم ئارزۇگۈلنىڭ قولىدىن كاپىلا تۇتۇۋېلىپ:

— مەسلىمىيان زىبانداش چىقاي دەپىلا قاپتۇ. خېنىم ئاغزىلىرىنى يوغان ئاچسىلا، — دېدى ۋە ئۇچى ئىلمەك تۆمۈرنى ئۇنىڭ كېكىردىكىگە تىقتى. ئۇ سول قولىدىكى يوشۇرۇپ تۇرغان نەرسىنى ئانىسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، جىددىيلىك ئىچىدە ئوڭ قولىدىكى ئەسۋابىنى كۈچەپ بىر تارتىۋىدى، «ئا...ا» دېگەن خىرقىراق ئاۋاز بىلەن تەڭ قىپقىزىل قان ئارىلاش بىر پارچە گۆش ئىلىنىپ چىقتى. ئارزۇگۈل ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى. قارىم ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئانىسىنىڭ ئاھ ئۇرۇپ، قىزى ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، خورجۇنىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ غىپپىدە تىكىۋەتتى.

① ئەفئى — زەھەرلىك يىلان

دوختۇرلارنىڭ ئەستايىدىل داۋالىشى بىلەن ئارزۇگۈلنىڭ كانايي يارىسى ساقايغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كېچىك تىلى يۇلۇۋېلىنغاچقا، گەپ قىلالماس بولۇپ قالغانىدى. بۇ پاجىئە قولۇم - قوشنىلارنى بەكمۇ غەزەپلەندۈردى. مەھەللە باشلىقى سەۋرىخان ئاچىدىن ھاشىم قارىمنىڭ ئادرېسىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلدى.

بۈگۈن ئېچىلىدىغان ئوچۇق سوت ئېلانىنى ئوقۇغان نۇرغۇن كىشىلەر سوت زالىغا يىغىلىشقان بولۇپ، ئۇلار ئازادە، كەڭ زالدا سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشماقتا. ئۇدۇلدىكى سەھنىگە سوت كوللېگىيىسى ئورۇنلاشقان. سەھنە قارشىسىغا قويۇلغان ئۇزۇن شىرە ئالدىدا باش سوتچى ۋە سوتچى ئولتۇراتتى. ئوڭ ۋە سول تەرەپتە خەلق زاسداتېللىرى ئورۇن ئالغان. ئالدىدىكى جاۋابكار ئۈچۈن راسلانغان مەخسۇس ئورۇندا بولسا، ھاشىم قارىم گۆشۈرۈپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئېيىپلىگۈچى خادىمى دۆلەتكە ۋاكالىتەن جاۋابكار ھاشىم قارىمنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئېيىپلاپ بولغاندىن كېيىن، باش سوتچى جاۋابكارنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. جاۋابكارنىڭ ھەر بىر بەرگەن جاۋابىنى كاتىپ تېز - تېز خاتىرىلىۋالاتتى.

— ئىسمىڭ كىم؟

— ھاشىم تالىپ.

— مىللىتىڭ قايسى؟

— ئۇيغۇر.

— قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— 50 ياشقا كىردىم.

— يۇرتۇڭ قەيەردە؟

— گۈلباغ يېزا قۇمباغ مەھەللىسىدە.

سوتچى سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە سوراشقا باشلىدى:

— سەن داخانلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقىنىڭغا قانچە ئۇزۇن بولدى؟

— ئون يىل ئەتراپىدا.

— كىشىلەرنى ئالداشتىكى «ئەمەل» دېگەنلىرىڭ قايسىلار؟

— رەنىنامە ئوقۇپ ھورلاندۇرۇش، كېپەنلەپ ئوقۇش، ئوتقا دەسسەپ جىن قوغلاش، قورساقتىكى زىيانداشنى چۈشۈرۈش.

— سۆيلەپ ئەرلەر قورسىقىدا «بالا پەيدا قىلىش» قانداقلارچە چىققان گەپ؟

— كىشىلەر مەندىن سەل يىراقلىشىپ تاپاۋىتىم كېمىيىپ كەتكەندە، يېقىنلىرىمغا ئازراق پۇل خەجلەپ، شۇ گەپنى تارقاتقانىدىم.

— سەن قانداقلارچە چوغلانغان تۆمۈرگە دەسسىيەلەيسەن؟ بۇنىڭدىكى سىر قەيەردە؟

— بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئوڭ پۇتۇمنىڭ ئالقىنىغا ئۆرۈك يېلىمىنى ئېرىتىپ، قويۇق سۈركەيمەن، قۇرۇغاندا ئۈستىگە يەنە سۈركەيمەن، شۇنداق قىلىپ تۆت-بەش قېتىم سۈركىگەندىن كېيىن قېلىن چەم بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چىڭ بولغاچقا، دەسسىسەمۇ ئاجراپ كەتمەيدۇ. كېسەل ئىگىلىرىنىڭ دىققىتىنى بۇراپ تۇرۇپلا كەشمىنى سېلىپ چوغ ئۈستىگە دەسسەيمەن. يېلىمدىن چىققان ئىسنى كۆرۈپ كىشىلەر ھەيران قېلىشىدۇ. بىراق تېزلىك بىلەن كېسەلنىڭ بەدىنىگە دەسسەيمەن-دە، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ پۇتۇم ئارام تاپىدۇ، كېسەلنىڭ بەدىنىدە كۆيۈك ئىزى قالىدۇ.

— ئۇ، سەل ھېجىيىپ سۆزىنى توختاتتى. پەستىكى ئامما ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. باش سوتچى «تىنچلىنىڭلار» دېگەندىن كېيىن، يەنە سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— زىيانداش چۈشۈرۈشتىكى سىرلىرىڭنى سۆزلە. نېمە ئۈچۈن ئاياللارنىڭ قورسىقىدا زىيانداش بار دەيسەن؟

— غوجام، بۇمۇ مېنىڭ بىر خىل «ھۈنىرىم». ئاياللارنىڭ ئوتنىڭ چۆرىسىدە يۈگۈرۈپ، تازا ھېرىپ كۆزلىرى ئالا-چەكمەن بولغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، قولۇمنى ئاغزىغا سالىمەن-دە، مانا چىقتى دەپ زىيانداشنى كۆرسىتىمەن. بۇ باشقا نەرسە ئەمەس، قولاقتەك گۆش پارچىسىغا كەپتەرنىڭ يۇمران تۈكلىرىنى يېپىشتۇرىمەن، بۇ دەمال قارىماققا كىچىككىنە نىۋاردەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ.

— بۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن قانچىلىك ئادەملەرنى ئالداپ، زىيانكەشلىككە ئۇچراتتىڭ؟

— بۇ، بۇ...

ئۇ دۇدۇقلايتتى، پەستە ئولتۇرغان ئاممىنىڭ غەزەپ-نەپرەتكە تولغان چىرايلىرىغا قاراپ تىترەيتتى.

باش سوتچى ئاممىغا قاراپ، سوت ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېيتىپ، ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى.

جاۋابكار ھاشىم تالىپ 1977-يىلدىن 1987-يىلغىچە × × × ناھىيە تەۋەسىدە داخانلىق قىلىپ، 200 نەپەر كىشىنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ ئاتتە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مال-مۈلكىنى ئىگىلىۋالغان. يەتتە كىشىنى جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەندۈرگەن. مەھكىمىمىزنىڭ قارىشىچە، مەزكۇر جاۋابكارنىڭ ئالدامچىلىق ۋە زەخىملەندۈرۈش جىنايىتىنىڭ پاكىتى ئېنىق، دەلىل-ئىسپاتلىرى تولۇق، جىنايىتى ئېغىر، ئۇسۇلى قەبىھ، كەلتۈرگەن زىيىنى چوڭ، تەسىرى يامان. مەھكىمىمىز پۇقرالارنىڭ مال-مۈلكى ۋە جىسمانىي ھوقۇقىنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 134-، 165-ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم قىلىدۇ:

ھۆكۈم:

جاۋابكار ھاشىم تالىپنىڭ ئالدامچىلىق ۋە زەخىملەندۈرۈش جىنايىتىگە قانۇن بويىچە مۇددەتلىك ئون ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

گۈلجامال دەلۋەت



# «ئوغۇل بالا»

(ھېكايە)

خەلق باغچىسىنىڭ خىلۋەت بۇلۇڭىدا ئېگىز بوي، ئورۇقتىنا بىر يىگىت غەمكىن ئايلىنىپ يۈرەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى چىڭ تۈرۈلگەن، تۇمشۇقلىرى ئۈچلىنىپ كەتكەنىدى. نويابىرنىڭ ئىزغىرىن سوغۇق شامىلى دەرەخلەرنىڭ ئاخىرقى يوپۇرماقلىرىنى تېنىدىن ئايرىپ، ھەر تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ، يېقىمسىز شىرىقشىتىپ ئۇنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ بۇزاتتى. ئۇنىڭ ھەسرەت، مۇڭ يېغىپ تۇرغان قاپقارا، لېكىن سەل كىچىكرەك كۆزلىرى ئېرىقلاردا، كىچىك ئايلانما يوللاردا قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ساپ-سېرىق غازاڭلارغا، غادىيىپ تۇرغان يالىڭاچ دەرەخلەرگە غەمكىن تىكىلەتتى، تۇرۇپلا ئەتراپقا ئەنسىز نەزەر تاشلايتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ بۇرنى ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە ياش پەردىسى تارتىلدى. ئۆزىنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىگە قارىماي، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، لېۋىنى چىشلەپ ياشلىرىنى يوشۇردى. ئەمما يەنىلا ئىككى تامچە ياش يۈزلىرىگە ئېقىپ چۈشتى. ئەمدى ئۇ ئاسمانغا قارىۋالدى، ئۆز توپىدىن ئايرىلغان، توڭۇپ تۈكلىرى تەتۈر يانغان بىر قۇشقاچ ئازار يېگەندەك ئازابلىق ۋىچىرلاپ ئۇچۇپ يۈرەتتى..

«ھەي بىچارە، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش بەڭباش، ئەخمەق ئوخشايسەن. بولمىسا، بۇنداق سوغۇقتا ئۆزۈڭ يالغۇز تىنەپ يۈرمەي ئۇۋاڭنى تاپار ئىدىڭ؟!»

يىگىت ئاسمانغا قارىغىنىچە پىغانلىق ئۇھ تارتتى. ئۇ، ئۆتكەن كۈنلىرىنى، نامەلۇم كەلگۈسىنى ئويلايتتى. ئويلىغانچە ئويلىرى چېگىشلىشىپ، ئۆتمۈشى ئازابلىق، كەلگۈسى خىرا بىلىنگەندەك كۆڭۈلسىز تۇيۇلاتتى. كونىلار: «بالدۇر ئېچىلغان گۈل، بالدۇر توزۇيدۇ» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن. يىگىت بۇ سوئالنى ئىچىدە نەچچە قېتىم تەكرارلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئۇنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ئاللىقانداق ئويغۇلارغا ئەسىر بولۇپ، شىكەستىلەنگەن يۈرىكى: «شۇنداق، بۇ

ھەقىقەت» دەپ جاۋاب بېرەتتى. يىگىت: «ھەي-ي-ي، نېمىشقا بالدۇرراق دېمىدىڭ؟ نېمىشقا بالدۇرراق مېنى بۇ ئىشتىن توسمىدىڭ؟» دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. «يىگىت ئالدىرىما، — دەيتتى يۈرىكى، — ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ چاغدا ئۆزۈڭنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدىڭ. باشقىلارنىڭ سەندىن پايدىلىنىش ئۈچۈنلا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ يېتەلمىدىڭ، ئۆز خاھىشىڭغا قارشى ئىشلارغا قولىقىڭ گاس، كۆزۈڭ كور ئىدى، ساڭا نە مەسلىھەت، نە نەسىھەتكار قىلالمايتتى. يۈگەنسىز ئاتنىڭ ئۆزى ئىدىڭ، مانا ئەمدى بەختىڭ قولدىن كېتىپ پۇشايمانغا قالغىنىڭدىلا بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى سېزىۋاتىسەن. ساڭا مەسلىھەت شۇكى، بەختىڭنى تاپاي، ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاي دېسەڭ، ھاياتىڭنى باشقىدىن باشلا، سەن تېخى كىچىك...»

«توغرا، ھاياتنى يېڭىدىن باشلاپ، قەدەمنى باشقىدىن بېسىشىم كېرەك. لېكىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىم مۇمكىنمۇ؟»

يىگىت ئەمدى ئاچچىق، ئەلەملىك ئەسلىمىلەر ئىچىگە چۆككەن ئىدى:

ھەۋەسنىڭ قايىنىمىدا چۆرگىلەپ، ئەلەم قىرغىقىغا چىقىپ قالغان، پۇشايمان — ھەسرەتتىن پۇچۇلىنىۋاتقان بۇ يىگىت — شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بۇ يىل ئوتتۇرا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىسى ئىرفان ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۆزىنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئىدى. بۇندىن بىر يىل ئىلگىرىلا ئۇ تېخى غەمسىز، كەپسىز، شوخ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلگەن بالا ئىدى. ئەپسۇسكى ھازىر...

بولتۇر يېڭى ئوقۇش يىلى باشلانغاندا، ئاينۇر ئىسىملىك قىز ساۋاقدىشى ئۇنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇ غۇنچە بوي، چىرايلىققىنا قىز ئىدى. ھەمىشە رەتلىك، پاكىز كېيىنىپ يۈرەتتى. ئىرفان بۇ قىز بىلەن ئانچە يېقىنلاردىن بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلمىدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە يېرىم يىل ۋاقىت قالدى. ئوقۇغۇچىلار جىددىي دەرس تەكرارلىماقتا، ئۆگىنىمەكتە، ئىزدىنىمەكتە ئىدى.

پەقەت ئاينۇرلا بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەردەك غەمسىز يۈرەتتى. مۇئەللىم قىزغىن دەرس سۆزلەۋاتقاندا، بۇ قىز دېرىزىدىن يىراقلارغا، ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. كونسىپىك يازدۇرسا، پارچە قەغەزگە بىر نېمىلەرنى چىجىلاپ، كونسىپىك يازغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. دەسلەپتە بۇ چۈشىنىكسىز قىزنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ، ئىرفانىنىڭ ئىچى پۇشتى، ئاچچىقىمۇ كەلدى، كېيىن ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى، ئۇزۇن، قايرىما كىرپىكلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يوغان خۇمار كۆزلىرىدىن بىر خىل مۇڭ ۋە غەمكىنلىكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى بىر سىرداشما قىچى بولدى.

— ئاينۇر، — دېدى ئۇ بىر كۈنى مەكتەپ بېغىدا دەرس تەكرارلاۋېتىپ، — ئۆيىڭىز نەدە؟ دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ئاينۇر قورۇنغان ھالدا ماۋۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

ئۇنىڭ دادىسى خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. كېيىن ئانىسى بىر سودىگەرگە تېگىپتۇ. ئاينۇر ھازىر ئۇلارنىڭ قېشىدا تۇرىدىكەن.

ئىرفان ئۆز سوئالىدىن تولىمۇ ئوڭايسىز ھالغا چۈشكەن، ئەپسۇسلانغان ئىدى. لېكىن

سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ يۈزىدىكى شۇنى خالايتتى.

— ئۆيدە ئىشىڭىز كۆپمۇ؟

— ئانامنىڭ خىزمىتى يوق، ئۆيدىكى ئىشقا ئۆزى يېتىشىدۇ.

— ئەمسە نېمىشقا ئۆگىنىشكە تازا تىرىشمايسىز؟!

— راستىمنى ئېيتسام، ياخشىراق ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئېلىشقا ئىشەنچەم يوق.

شۇنچىلىك چىرايلىق قىزنىڭ بىلىم ئېلىشقا بولغان سۇسلىقى ئىرفاننى خاپا قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئوچۇق پىكىر، راست سۆزلىكى ئۆزىگە مايىل قىلماي قويمىدى. ئىرفان سوراشنى داۋام قىلدى:

— مەن ياردەم بەرسەمچۇ؟

ئاينۇرنىڭ كۆزىدە غەلىتە بىر نۇر چاقناپ كەتتى. چىرايىدا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ ئىرفاننىڭ قاپقارا چاچلىرىغا، كۆزلىرىگە قارىدى. نەزەرى سەل يوغىنىراق ئېغىز، خۇددى نېمىشقىدۇر قاڭشىدىن ئايرىلغان بۇرۇنغا چۈشكەندە، ئاغزى پۈرۈشتى-يۇ، تېزدىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

ھاياتىدا ئۆز تەڭتۇشىدىن، بولۇپمۇ قىز بالىلاردىن بۇ خىل «ئىمتىھان»غا ئۇچراپ باقمىغان ئىرفان ئىزا تارتقىنىدىن قولىدىكى كىتابقا قارىۋالدى. خېلىدىن كېيىن ئاينۇر سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى:

— سىز ماڭا راستىنلا ياردەم بېرەمسىز؟—

ئۇ ئىرفاننىڭ كۆزلىرىگە شەلتە نەزەردە تىكىلدى. ئىرفان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ:

— بىز بىلمىگەننى ئۆز ئارا سوراپ، ياردەملىشىپ ئۆگىنەيلى. قانداق دەيسىز؟!— دېدى كېسىپلا.

— ئېيتماق ئاسان، بىراق سىز...؟

ئۇلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىللە ئۆگىنىش قىلىدىغان بولدى. توغرىسى، ئىرفان ئاينۇرغا دەرس ئۆگىتەتتى، چۈشەندۈرەتتى. لېكىن ئىرفان تۇرۇپلا ئاينۇرنىڭ ئۆزىگە ماسلاشماي قېتىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىنى، كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە مەنىلىك تىكىلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى...

«بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ نېمىشقا ماڭا بۇنداق قارايدۇ؟»

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئىرفان ئۆزىنىڭ ئاينۇرغا يېپيېڭى باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇنى كۆرگۈسى كېلەتتى. كۆرسە ئۆزىنى ئەپسىز سېزەتتى، قىلغان گېپى قوللاشماي، ئالدىدىن ئۆتسە پۇتلىرى تىترەيتتى، دەرس ۋاقتىدا دىققىتى چېچىلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاينۇر نېمىشقىدۇ ئىرفاندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى، ھەتتا پارتىدا ئولتۇرغاندىمۇ، ئىمكانقەدەر ئىرفاندىن نېرىراق ئولتۇرۇشقا تىرىشاتتى، بۇ ھال ئىرفاننى گاڭگىرىتىپ قويدى. سەۋەبىنى سوراشقا پېتىنالماي تىت-تىت بولاتتى، ئاينۇرنىڭ ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر يەردە تۇرغىنىنى، گەپلەشكىنىنى كۆرسە كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولاتتى.

بىر كۈنى چۈشتە ئاينۇرنىڭ، سىنىپ بويىچە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي يۈرىدىغان قاسىم بىلەن چاقچاقلاشقىنىچە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئىرفاننىڭ غۇرۇرىدە ئاچچىقى كېلىپ لېۋىنى چىشلىدى.

قاسىم مائارىپ باشقارما باشلىقىنىڭ ئوغلى ئىدى. دەرستە «يۆلەنچۈك»كە تايـ

نىسپىجان بېقىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۆزىنى چوڭ تۇتاتتى، ھېچكىم بىلەن ئېپ ئۆتمەيتتى. ئىرفان ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشمايتتى. شۇڭا ئاينۇرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىشى ئىرفاننىڭ كۆڭلىگە زادىلا ياقمىدى…

تاللاش ئىمتىھانى ۋاقتى يېقىنلاشتى، ئىرفان ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئەسلىدىن ئوقۇش ئىشتىياقى كۈچلۈك بۇ يىگىت كىتابقا ئېڭىشكەندە، كاللىسىدا باشقا نەرسىگە ئورۇن بەرمەيتتى. بۇ كۈنلەردە ئاينۇر كۈتۈلمىگەندە يەنە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قالدى.

— ئىرفان، ئىمتىھان ۋاقتىدا بىزنىمۇ ئويلاپ قويارسىز — ھە؟ — دېيىتتى ئۇ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئىرفانغا ئۈمىدلىك تىكىپ.

— مەنمۇ يالدام بېرىمەن، — دەيتتى ئىرفانمۇ قورۇنۇپراق، — ئەگەر بىزدىن ئولتۇرغۇزۇپ ئالسا…

— ۋايەي، كۆڭلىدە يالدام قىلىش نىيىتى بولسىچۇ، بىر سىنىپقا ئىككى ئوقۇغۇچىنى ئەكىرىپ، بىرنى ئالدىدا، بىرنى كەينىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويسىمۇ يالدام قىلغىلى بولىدۇ؟

ئىرفاننىڭ ئۆزىگە بولغان مايىللىقىنى سەزگەن، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ قەلبىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئورۇن ئالغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن بۇ قىز ئۇستىلىق بىلەن ئوقىنى چەنلەپ ئېتىۋاتاتتى.

— ئاينۇر، خاتىرجەم بولۇڭ، پەقەت قولىڭىز بىلەن قۇلىقىڭىزنىلا ئىشتىك قىلىپ، قالغىنىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ! — ئىرفان مەرتلەرچە ۋەدە بېرىۋەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئىرفان ئۆزىدىن تولا ئاينۇرنىڭ غېمىنى يەيتتى. ئۇنى بىردەم كۆرمىسىمۇ سېغىناتتى. بىرەر كۈن كۆرمىسە، ئۆيىگە ئىزدەپ باراتتى-دە بىللە دەرس تەكرارلايتتى، مۇڭدىشىپ كېچە ئۆتكۈزەتتى. ئىرفان كۈندىن — كۈنگە ئېغىر-بېسىق، تەمكىنلىشىپ كېتىپ باراتتى. ھەر قانداق دەرسنى بىر قېتىملا ئوقۇۋالسا ياددا قالاتتى. چۈنكى سىنىپتا (ياق، ئۇنىڭ پارتىسىدا) دائىم ئۇنىڭغا يانداشىپ ئاينۇر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بوش، بىلىنمىگۈدەك تىنىشلىرى، ئاپئاق بۇدرۇق قوللىرىنى پارتا ئۈستىگە قويۇپ، كىتاب ياكى قەلىمىنى ئويناپ ئولتۇرۇشلىرى، بەزىدە قويۇق چاچلىرىنى پارتىغا يېيىپ بېشىنى قويۇپ يېتىشلىرى، يېتىپ تۇرۇپ يوغان كۆزلىرىنى، چاقماق كىرپىكلىرىنى دېرىزىگە قارىتىپ، خىيالچان بېقىشلىرىنى كۆرۈش — ئىرفان ئۈچۈن خىيالىي جەننەتنىڭ راھىتى ئىدى…

كۈنلەر ھەپتىلەرنى، ھەپتىلەر ئايلارنى قوغلىشىپ، ئالىي مەكتەپنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. ئاينۇر بۇ كۈنلەردە باشقىچە ئوماق ھەم مۇلايىملىشىپ كەتتى. ئىرفاندىن سەھەررەك مەكتەپكە كېلىپ پارتىنى سۈرتەتتى. ئىرفان سىنىپقا كىرسە كۈلۈپ تۇرۇپ تىنچلىق سورايتتى. ئىرفان «مۇھىم» دەپ قاراپ كۆرسىتىپ بەرگەن جايلارنى زېرىكمەستىن ئالقاندەك دەپتەرگە كۆچۈرەتتى.

— ئىرفان، مەن تاللاش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلەرمەنمۇ؟ — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئىرفانغا نازلىق بېقىپ.

— ئۆتىسىز، نېمىشقا ئۆتەلمىگۈدەكسىز؟

— سان بەك ئاز ئىكەن دەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن دەرستە تازا ياخشى ئەمەس… ئائىلە شارائىتىم ياخشى بولسىغۇ، مەنمۇ…

— بولدى، ئۇ گەپلەرنى قىلماڭ. مەنلا تىرىك بولىدىكەنمەن چوقۇم ئۆتىمىز... — ئىرفان ئاينۇرنىڭ بويۇن قىسىپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چوڭقۇر يەردىن ۋەدە قىلىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدى؛ ئاينۇرنىڭ ئالماقچى بولغان جاۋابىمۇ شۇ ئىدى. شۇڭا ئۇ خۇشلۇقىدىن ھەممە ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئارقىدا ئۆزلىرىگە قارايدىغان ئادەمدىن باشقا كۆز يوقلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئاستا قولىنى پەسكە چۈشۈردى. ئىرفان تىزىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان قولىغا ئىسسىق بىر ئېقىمنىڭ تېگىشىدىن خۇدىنى يوقىتىپ ئاينۇرغا قارىدى. ئاينۇر ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن قاراپ، ئىللىق تەبەسسۇم قىلىۋاتاتتى. بۇ تەبەسسۇم ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىماپتەك ئېرىتىۋەتتى. ئۇ ئاينۇرنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى ئاۋايلاپ ئالقىنىغا ئالدى، سىلىدى...

شۇندىن كېيىن، بۇ بىر جۈپ قول ھەر كۈنى پارتا تېگىدە مەخپىي ئۇچرىشاتتى. بارماقلار تىل ھەم كۆزگە ئايلىنىپ مۇڭدىشاتتى. بۇ كۈنلەردە ئىرفاننىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە پاتمايتتى. كېچە - كېچىلەپ ئۆگەنسىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى...

تاللاش ئىمتىھانى بەكلا چىڭ ئېلىندى. ئىرفان يەتتە پەننىڭ ئىككىسىدە ئاينۇرغا پەقەتلا ياردەم قىلالمىدى. كومىسسىيە ئۇنى «مىت» قىلدۇرمىغانىدى. ئاينۇرنىڭ قاپىقى چۈشۈپلا كەتتى، ئۇ تاللاشتىن ئۆتەلمىگەنىدى. باك ئېلان قىلىنىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن، قەمەر مۇئەللىم ئىرفانغا بۇ سۆزنى ئېيتقاندا، ئىرفان ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى.

— جېنىم ئانا، بۇ بىر يېتىم قىز، ئىنچىك ئاغرىسۇن... بىر ئامال قىلغىن! — ئىرفاننىڭ ئاغزىدا شۇنىڭدىن باشقا سۆز كەلمەيتتى، ئۇ ئاخىرى يىغلاپ تاشلىدى. نەتىجىدە، قەمەر مۇئەللىم مەكتەپ تەشكىلىگە قىزنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ، بىر سان ھەل قىلىنىدىغان بولدى، باك ئېلان قىلىندى. ئاينۇر ئاخىرقى قاتاردا بولسىمۇ تاللاشتىن ئۆتكەنىدى. «ئاينۇر» دەپ ئۇنىڭ ئىسمى چاقىرىلغاندا، ئىرفان شادلانغان چولپان كۆزنى ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئەتراپىغا قارىدى. ئەپسۇسكى، ئاينۇر تاللاشتىن ئۆتەلمىگەن قاسىمغا كۆڭۈل ئېيتىپ، تەسەللى بېرىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ ئۆتۈشى تەبىئىي ئىشتەك، بۇرۇنلا خەۋىرى باردەك ھېچ خىيالىدا يوق ئىدى.

دەرسكە يېتەكچىلىك قىلىش باشلىنىپ كەتتى. ھەممە ئوقۇغۇچىلار جىددىي ئۆگىنىشكە بېرىلگەن، ھەممە ۋاقىت ئۇلار ئۈچۈن ئالتۇن بىلەن باراۋەر ئىدى. پەقەت بىر ئايلا ۋاقىت قالغان. ئون بىر يىلدىن بۇيانقى ئۆگىنىشنى سىنايدىغان، تاللايدىغان چوڭ ئىمتىھان ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. ئىرفانمۇ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا كىتاب - دەپتەر ئىچىگە چۆككەنىدى.

بىر كۈنى، تومۇز ئىسسىقىدىن جاق تويغان ئىرفان بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مەكتەپ بېغىغا چىقتى. فورمۇلىلارنى يادلاپ كېتىۋېتىپ، كۆزى تونۇش كۆينەككە چۈشتى. «شۇمىدۇ؟ شۇ ئىكەن. ئاينۇر قانداق قىراق تەييارلىق قىلىدىكىن؟ قېشىغا بېرىپ سوراپ باقايچۇ؟» ئىرفان ياپراقلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، قىزىل كۆينەك تەرەپكە ماڭدى. ئۇ تۇيدۇرماي بېرىپ، ئاينۇرنىڭ كۆزىنى ئېتىۋالماقچى، ئاندىن ئۆزىنى تاپتۇرماقچى بولدى - دە، تىنىۋىش چىقارماي ماڭدى. ئون قەدەم، بەش قەدەم، مانا كەلدى... ۋاھ، نېمە ئىش بۇ؟ ئاينۇرنىڭ يېنىدا قاسىم چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇراتتى.

«ئاينۇر ياڭغۇز نېمە مەسكەندە؟!» ئىرفان ئازاب بىلەن تولغاندى. ئۇلارنى خىجىل قىلماسلىق، توغرىسى ئاينۇرغا بۇ ئەھۋالدا يۈزلەنمەسلىك ئۈچۈن بەنە تىۋىش چىقارماي كەينىگە ياندى. ئەمما بەش قەدەم مېڭىشىغا، جەينىكى دەرەخ شېخىغا تېگىپ، شەپە چىقىپ كەتتى، ئىرفان ئارقىغا قاراپمۇ قويماي، گۈس-گۈس دەسسىگىنىچە بۇ يەردىن يىراقلاشتى. ئەللىك قەدەمچە مېڭىۋېدى، ئارقىسىدىن ئاينۇرنىڭ:

— ئىرفان! — دەپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى، ئىرفان گويا مۇقەددەس بىر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندەك چىپپىدە جايىدا توختىدى. ئاينۇر ھاسىراپ، تەرلىگەن ھالدا ئۇنىڭغا يېتىشتى، — ئىرفان، نېمىشقا مېنى كۆرۈپ تۇرۇپ كېتىسىز؟

— كۆرمەپتىمەن!

— قارىڭا سىزنى! يالغان گەپنى قاملاشتۇرالمىسىڭىزچۇ كاشكى... سىزنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ، دەرس ئۆگەنگەچ ساقلاپ ئولتۇرسام قاسىم كېلىپ قالدى. بىچارە تالاش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگىنىگە بەكمۇ ئۆكۈنىدىكەن...

— ئۇنداق ئادەم ئۆز ۋاقتىدا ياخشى ئوقۇيدىغان!... — ئىرفان مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن دەردىنى چىقارغاندەك بولدى.

— ۋىيەي گېپىڭىزنى قارا!... بەكمۇ ئىچىڭىز يامانكەن جۇمۇ! — ئاينۇر بۇ گەپلەرنى كۈلۈپ، چاقچاقتەك دېسىمۇ، ئىرفاننىڭ يۈرىكىگە تەگمەي قالمىدى، لېكىن ئۇ گەپ قىلمىدى.

— ئىرفان، دۆلەتلىك ئىمتىھاندا ئالدى-ئارقا ئولتۇرايلى جۇمۇ، ئانىڭىزغا دەپ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇڭ! — ئاينۇر ئەركىلەپ تۇرۇپ، ئەتراپقا بىر قاراۋېتىپ، دەرەخكە يۆلەنگەن ھالدا خىيال سۈرۈۋاتقان ئىرفاننىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى.

ئىرفان كۈتمىگەن بۇ ئىلتىپاتتىن باياقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ، ئاينۇرنىڭ قاپقارا ھىدلىق چېچىنى پۇراپ، ئۆزىگە تارتتى.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن، ئاينۇر ئۇنىڭ باغرىغا قىستالدى.

ئىش ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى، ئىرفاننىڭ ئانىسى ھەر قانچە كۈچىگەن بولسىمۇ، ئىرفان بىلەن ئاينۇر يېقىنراق ئولتۇرۇپ ئىمتىھان بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك ئورۇن نومۇرى ئالدىن بېكىتىلمەي، چەك ئارقىلىق بەلگىلەندى. ئۇلار ئىككىسى ئالدىن پۈتۈشۈپ، ئىمتىھان مەيدانىغا بىللە كىرگەن، چەكنى بىللە ئالغان بولسىمۇ، بىرسىنىڭ ئورنى ئەڭ ئالدىدا، بىرسىنىڭ ئەڭ كەينىدە بولۇپ چىقتى. بىر پەندىن ئېلىنغان ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندا، ئاينۇر ئىرفاننىڭ قېشىغا كېلىپلا ھوقۇيتۇپ يىغلىۋەتتى، ئۇ سوئالنىڭ يېرىمىغىمۇ جاۋاب بېرەلمىگەنىدى. ئىرفان ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى. بىر چەتكە تارتىپ، قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغانىدى، ئاينۇرنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، كۆزلىرىدە كۈلكە ئوينىدى.

— راستمۇ؟ — دەپ يىگىتنىڭ قولىنى مەھكەم قىستى ئاينۇر، — راست شۇنداق قىلامسىز، ئىرفان!؟

— راست شۇنداق قىلىمەن! — ئىرفان مەغرۇر تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، — ئەگەر كېيىمدە تۇرمىسام، مېنى ئوغۇل بالا دېمەڭ! — ئۇ سەل توختىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — سىزمۇ ئوبدانراق ئىمتىھان بېرىشكە تىرىشىڭ...

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىزلا كېچىكمىزدە تۇرسىڭىز...

ئىمتىھان ئاخىرلىشىپ بەش كۈندىن كېيىن، ئاينۇر ئۇشتۇمتۇت غايىپ بولدى. سۈرۈشتۈرسە، ئۆگەي دادىسىنىڭ يۇرتىغا سەيلىگە كېتىپتۇ.

ئىرفان ئۆزىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا بىر يىل قايتا ئوقۇشقا تەييارلىنىپ قويدى. ئەمدى ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن ئاينۇرغا كېلىدىغان چاقىرىقنى كۈتۈۋاتاتتى. «چاقىرىق كۈتۈش زېرىكەرلىك ئىش، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — ئادەم زارىقىپ ئۆلەيلا دەيدۇ. ئاينۇر ئۇيەردە كۆڭۈل - كۆكسىنى ئېچىپ كەلسۇن، ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ئالاقىلىشىپ، ئىز - دېرىكىنى ئېلىپ تۇرسام ئوخشاش ئەمەسمۇ؟!»

ئىمتىھان بېرىپ قىرىق كۈن بولدى دېگەندە، ئاينۇرغا شىنجاڭ داشۆدىن چاقىرىق قەغىزى كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئىرفان يۈگۈرگەن پېتى ئاينۇرنىڭ ئۆيىگە چاپتى ۋە دەرۋازا تۈۋىدە سەل تۇرۇۋېلىپ، زەنجىرنى شاراقشىتتى.

— كىم؟ — بۇ ئاينۇرنىڭ ئاۋازى ئىدى.

«ئۇ كەپتۇ - دە!» ئىرفاننىڭ خىيالى ئۈزۈلمەستىن ئىشىك ئېچىلىپ، چېچىنى كەستۈرۈپ، بۇژغۇن - بۇژغۇن بۇدرە قىلىۋالغان، يەڭسىز، ياقىسىز ئاق كۆينەك كەيگەن بىر قىز ئىشىكنى ئاچتى.

— ئاينۇر!

— ئىرفان...

— ئاينۇر، تونۇيالمىغىلى تاسلا قاپتىمەن! قاچان كەلدىڭىز؟ چاقىرىق كەپتۇ ئالدىڭىزمۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، قايسى سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىمەن؟

— قارىغاندا مېنى، ئۆزۈمنى تونۇتالماي...

— سىز قاچان ئۆزىڭىزنى تونۇتالىغان؟ — ئۇنىڭ ئاھاڭىدىكى مەسخىرىنى ئەمدىلا سەزگەن ئىرفان تۇرۇپلا قالدى، ئاينۇر گويا ئىرفان ئۆيىگە كىرىۋالمىدىغاندەك ئىشىكنى كەگەنلەپ تۇراتتى.

ئىرفان بىرنەرسە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، ئىچكىرىدىن ئەركىشىنىڭ:

— ئاينۇر، كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتىسىز؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلىشىپلا قاسىم چىقىپ كەلدى ۋە ئىرفاننى كۆرمىسىگەندەك، — ئاينۇر، ماڭايلى، ئويۇن باشلىنىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ، — دېگىنىچە غادىيىپ تاشقىرىغا ماڭدى، ئاينۇر ئۇنىڭغا ئەگەشتى. دەرۋازا ئالدىدا قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغان ئىرفان ئىچىدە پىچىرلايتتى.

«بۇ ئويغۇمۇ - چۈشۈمۇ؟ باياقى ئىشلار راست يۈز بەردىمۇ؟ ھېلىقى راستىنلا ئاينۇرمىدۇ؟ مەن نېمە بولدۇم؟» ئىرفاننىڭ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى، قاياتتى، ئۆزىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلمەيتتى...

ئاينۇر ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتتى، ئىرفان بولسا...

ئاتا - ئانىسى، ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلىرى ئىرفانغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى. شۇنچە دەرستە ياخشى، ئەقىللىق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يەتتە مەيدان ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئاران بىر يۈز ئون ئۈچ نومۇر ئالغىنىغا ئەجەبلىنىپ: «توۋا، بۇ زادى نېمە ئىش؟» دېيىشەتتى...

ئەمما، ئىرفاننىڭ «ئوغۇل بالا» چىلىق قىلىپ، ئىمتىھان جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىگە ئاينۇرنىڭ نومۇرىنى يېزىپ، ئاينۇرنىڭ ئىمتىھان قەغىزىگە ئۆزىنىڭ نومۇرىنى يازغانلىقىنى بولسا ئاينۇر بىلەن ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى...

رىزۋانگۈل يۈسۈپ

# ئىككى ئارىدا

(ھېكايە)

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىشىمگىلا، ئاپام يەنە تويى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىلى تۇردى. بۇ ئاپامنىڭ نېمە بولدىكىن، يېقىندىن بېرى ئادەمنى خىجىل قىلىپ «تېزراق توي قىلساڭ بولاتتى، كۆڭلۈم تىنماتتى. پالانچىنىڭ ئوغلى مۇنداقكەن، ئۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟» دېگەندەك گەپلەرنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپتە ئاپامنىڭ ئالدىدىن ئۈندىمەي چىقىپ كەتكەن بولسام، كېيىنچە بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالىدىغان بولدۇم. ئەمدى ئاڭلىماي نېمە ئىلاج! دېمىسىمۇ، بۇ يىل يىگىرمە بىر ياشقا كىرىپ قالدىم. خىزمەتكە چىققىنىمغىمۇ ئۈچ يىلدىن ئاشتى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى «مېھمانخانا»لارغا كىرىپ بولدى. بەزىلىرى تېخى قۇچىقىدا بالىسىنى ئىگىلەپ يۈرۈيدۇ. بۇرۇنقاندا قىتىكىن — تاڭ، ھازىر نېمىشقىدۇ سىرتقا چىقسام، جۈپ - جۈپ بولۇپ سەيلى قىلىۋاتقان ياش ئەر - خوتۇنلارغا ۋە چىرايلىق كېيىندۈرۈلگەن ئوماق بالىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان چوكانلارغا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ھەۋەسلىنىپ قارايدىغان بولۇپ قالدىم. ئاپام دەۋەرگەندىن كېيىن مەنمۇ ئاخشاملىرى يوتقاندا يېتىپ ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى سۈرىمەن، بەزىدە ئۆز خىياللىرىمدىن ئۆزۈم خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كېتىمەن...

بىر كۈنى كەچتە ئاپام «لايىقىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، خىجىللىقتىن ئارانلا «بار» دېيەلىدىم ھەم يوتقاننى بېشىمغا چۈمكىۋالدىم. ماۋۇ ئاپامنى قارىمامدىغان، مېنىڭ جاۋابىمغا قانائەت قىلماي يەنە «ئىسمى نېمە؟ نېمىش قىلىدۇ؟» دەپ مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئويلىنىپ قالدىم، راست، مېنىڭ لايىقىم بارمۇ؟ بىردىنلا كۆز ئالدىمدا ئىككى يىگىتنىڭ سىماسى گەۋدىلەندى. ھەر ئىككىسىلا ماڭا مۇھەببەت بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى تاللىشىم كېرەك؟ ئالىم... ياق، مۇرات... ياق، ياق، ئالىم... ياق...

كارىۋاتتا يېتىپ بۇ توغرىدا ئويلىنىۋاتقىنىمغىمۇ ئۇزۇن بولدى. ئىككى يىگىتنىڭ قايسىسىنى تاللاشنى بىلەلمەي جىلە بولۇۋاتىمەن، ھەر ئىككىسىدىن ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ. بىر قىز ئىككى يىگىت بىلەن توي قىلسا بولىدۇ، دېگەن بىرەر قائىدە-قانۇن بولسىدى كاشكى... ۋاي خۇدايىمەي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم — ھە! ئۇيات، ئۇيات...

ئويلاپ كۆرسەم، ھەر ئىككى يىگىتنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت-ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن. بىرى مۇلايىم، جىمغۇر، كىتابخۇمار. يەنە بىرى شوخ، قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئادەمدە بولغىنىدا ئىدى، مەيلى ئالىم بولسۇن ياكى مۇرات بولسۇن

ئىككىلەنمەي پەقەت شۇنىلا تاللىغان بولاتتىم.

ئالىم ئانچە كېلىشكەن يىگىت بولمىسىمۇ، لېكىن تولىمۇ مۇلايىم، ساددا، ئاقكۆڭۈل، ئىلمىي يىگىت ئىدى. توۋا دەيمەن، بىر قېتىم ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتۇم قايرىلىپ كەتكەندە، ئالىمنىڭ مېنى يۆلەپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشىدىن ئىبارەت مۇشۇ كىچىككىنە ئىشنىڭ كېيىنچە ئوتتۇرىمىزدا مۇھەببەت پەيدا قىلىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ ئۇ، مېنىڭ تۇنجى سۆيگۈنۈم ئىدى. بەلكىم ئاخىرقى تاللىغان سۆيگۈنۈممۇ شۇ بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئاشۇ مۇھەببەتلىك قەلبىمگە كۈتۈلمىگەندە باشقا بىرسىنىڭ بۆسۈپ كىرىشى بىلەن مەن ئۈچۈن مۇقەددەس، قەدىرلىك بولۇپ كېلىۋاتقان تۇنجى مۇھەببەت ئەمەلىيەتتە ئېتىبارسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان بولىدىكەن. مەن كىتابلاردىن مۇھەببەتكە سادىق قىزلارنىڭ تەسىرلىك ئىشلىرىنى ئوقۇغانىدىم، كىنو - تىياتىرلاردا ئاجايىپ غارايىپ مۇھەببەت ۋەقەلىرىنى كۆرگەندە مەنمۇ چوقۇم مۇھەببەتكە سادىق بولىمەن، سۆيگۈنۈمنى ئۆمۈرۋايەت ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەپسۇسكى، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن. بىرلا كىشىنىڭ مۇھەببىتىنى سىغدۇرالايدۇ، دەپ قارىغان بۇ يۈرىكىم ئىككىنچى بىر كىشى — مۇراتنىمۇ سىغدۇرغانىدى. ھەي، نېمىسىنى دەي! ھەممە بالا - قازا ئاشۇ قېتىمقى تانسىغا ئالىمنىڭ ھەمراھلىقىسىز بارغانلىقىمدىن باشلانغانىدى. شۇ كۈنى ساۋاقدىشىم گۈلباھارنىڭ تويى بولغانىدى، كەچتە ئالىمنىڭ مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغاچقا، ۋېچېر كېچىسىگە ئۆزۈم يالغۇز بارغانىدىم. قىز - ئوغۇللار ئولتۇرۇشىدا يىگىتلەرنىڭ كۆزى قىزلاردا بولغىنىدەك، قىزلارمۇ ئىززا تارتقاندەك قىلغان بىلەن، يىگىتلەرگە يوشۇرۇن سەپسالىدۇ. مەنمۇ دەسلەپتە قورۇنۇپ تارتىنىپ ئولتۇرغان بولسام، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتىم. قىزلارنىڭ نازۇك، ئەۋرىشىم بېلىنى يەڭگىل قورۇپ، ئاچقۇچتەك قوللىرىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ ۋالىسقا پىرقىراۋاتقان يىگىتلەر، بىر قولىنى يىگىتنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، يىگىتلەرنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرىدا خىجىللىق ئارىلاش ناز بىلەن كۈلۈمسىرەپ كېپىنەكتەك يەڭگىل پىرقىراۋاتقان شوخ قىزلار... ئۇلارغا بىردەم زوق، ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆزۈمنى ياندا يۆتكىشىمگىلا، كۆزۈم يىگىت قولداشنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ مەندە شوخ، قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق يىگىتكەن، دېگەن تەسىرات پەيدا قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاكاردىيون چېلىپ ناخشا ئېيتىشلىرى ماڭا بەك ياققاچقا، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. ئۈچىنچى قېتىملىق مۇزىكا باشلانغاندا، مەنمۇ تانسىغا چۈشتۈم. ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا قاراپ سالىدىمەن. نېمىسىنى كۆردۈڭ دېمەمسىلەر؟ يىگىت قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان ئوتلۇق كۆزلىرىنى ماڭىلا تىكىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرماسمۇ! بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى، يۈزلىرىم كالىۋالاشتى. ئۇ يىگىت نېمىشقا ماڭا بۇنچە قارايدىغاندۇ؟ مېنى ياقتۇرۇپ قالدىمۇ نېمە؟ ھىم... مەندە بىردىنلا مەغرۇرلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى. مەن دېگەن نى-نى يىگىتلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان قىزغۇ، قارىسا قاراۋەرمەمدۇ! گۈزەل قىزلارغا قاراش يىگىتلەر-

نىڭ ئادىتىمۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كىيىۋالغان مۇنۇ يارىشىملىق قارا يوپكا — پەلاتام تولۇن ئايدەك ئاپئاق يۈزۈمنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتكەندۇ. ھەم، پەرۋايىم پەلەك...

يەنە تانسىغا چۈشتۈم، لېكىن ھېلىقى يىگىتكە قايتا قاراپمۇ قويمىدىم. ئۈچ-تۆت مەيدان تانسا ئوينىغاندىن كېيىن ھېرىپ ھالىم قالمىدى. يىگىتلەرنىڭ تەكلىپلىرىنى سىلىق رەت قىلىپ، تانسىغا چۈشمەي ئارام ئالدىم. بىر چاغدا يېنىمدا ئولتۇرغان ئىككى قىزنىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— ھەي قارىغىنا، ئاۋۇ يىگىت قولدىشى ئەجەب قاۋۇل، چىرايلىق ئىكەن. ئۆزى شوخ، قىزغىن، ئاكاردېيون چېلىپ ناخشا ئېيتىشلىرى كارامەت پەيزى. پاھ، پاھ...

— ۋاي-ۋۇي، قويغىنا سېنى! دائىم خەقنى باھالاپ ئولتۇرىدىكەنسەن. چىرايلىق، شوخ بولسا ساڭا نېمىتى؟! ئۇنىڭ ئىسمى مۇرات، سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيدۇ. بىراق، ئۇ تولىمۇ ھاكاۋۇر. ساقچى كىيىمىنى كىيىپ كوچىدا ماڭىدىغان بولسا، بۇ كىيىم شۇنداق يارىشىدۇكى، قىزلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشىدۇ. قانداق، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالمىغانسەن؟ ھى...ھى...

— قويغىنا سېنى، ھەي... ئاشۇ يىگىتنىڭ سۆيگۈنى قانداق بەختلىك قىز-ھە! ئادەمنىڭ شۇنداق سۆيگۈنى بولسا...

«ئادەمنىڭ شۇنداق سۆيگۈنى بولسا...» مەنمۇ بۇ سۆزنى ئىختىيارسىز ئىچىمدە تەكرارلىدىم. دەل شۇ چاغدا، كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بىلەن ھېلىقى يىگىت — مۇرات قىزلار كۆزلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا گىتارىنى كۆتەرگىنىچە ئوتتۇرىغا چىقتى — دە، گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا باشلىدى:

يارىم بولسا، يارىم بولسا،
كۈندە بىر كۆرسەم.
سەن گۈزەللىك ئىشقىدا،
ئوت بولۇپ كۆيسەم.

ئاھ، يۈرەك تارىنى تىترەتكۈچى سېھىرلىك ناخشا! مەن بۇ ناخشىنى بۇرۇن ئۇنئالغۇدىن تالاي قېتىم ئاڭلىغان بولساممۇ، لېكىن ھازىرقىدەك سېھىرلەنمىگەن ئىدىم. يىگىتكە ئىچ-ئىچىمدىن ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ئەمدى باياتىنقى مەغرۇرلىقىم قايا قىلارغىدۇ يوقالغان بولۇپ، مۇشۇ مىنۇتتا ئۆزۈمنىڭ ئالىم ئىسىملىك سۆيگۈنۈمنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ، مۇراتنىڭ مۇزىكىغا ياندىشىپ تەۋرىنىۋاتقان ئېگىز، قامەتلىك بەستىگە، ئەشۇ سېھىرلىك ناخشا چىقىۋاتقان ئاغزىغا، قانداقتۇ بىر ئېچىكى سىرنى ئىپادىلىگۈچى ئوتلۇق كۆزلىرىگە قاراپلا قاپتىمەن. قانچىلىك قىزلار مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ — ھە! ئادەم ئۆمرىنى مۇشۇنداق كىشى بىلەن شاد-خۇرام، كۈلكە-چاقچاق بىلەن ئۆتكۈزسە قانداق ياخشى!

ئالقىش ساداسى مېنى ئېسىمگە كەلتۈردى. ئۆزۈمنىڭ باياتىنقى خىياللىرىمدىن خىجىل بولۇپ، قىسقىسى، يىگىتكە مەپتۇن بولۇپ قېلىشىمدىن قورقۇپ، ئاستا چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم. ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولۇپ بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگىلا، ئالدىمدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مۇراتنى كۆردۈم. ھودۇقتۇم، ھەيران بولدۇم. ئۇ، مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلغانىدى. مۇشۇ مىنۇتتا ماڭا ھەسەت بىلەن تىكىلگەن نۇرغۇنلىغان كۆزلەرنى كۆرگەندەك بولدۇم — دە، مېيىقىمدا كۈلۈمسىرەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. تانسىغا چۈشتۇق، ئۇنىڭ تانسا ئوينىشى شۇنداق سىلىق،

سوئال سوراشلىرى شۇنداق تەبىئىي، بىرجۈپ كۆزلىرى شۇنداق سېھىرلىك، ئوتلۇق ئىدىكى، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ مەنمۇ بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلىپ كەتكىنىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ بىردىنلا ئالىم ئېسىمگە كەلدى. مەن ئالىمغا يۈزسىزلىك قىلىۋاتامدىمەن ـ قانداق؟ نېمىشقا بۇ يىگىتكە خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىمەن؟ ئىسمىم، ئادرېسىم، خىزمەت ئورنۇم، ھەتتا تېلېفون نومۇرۇمنى ئېيتىپ بەرگەنلىرىمچۇ، تېخى! ياق، ياق، مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى بېسىۋېلىشىم، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكىم كېرەك. مۇشۇ قېتىم تانسىدىن كېيىنلا بۇ سورۇندىن چىقىپ كېتەي…

بىراق، ھەي… مېنىڭ بۇ ئىرادەم ئۇستىدىن قىزلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئىستىكى غالىپ كەلدى ـ دە، قىزلارنىڭ ھەسەت بىلەن قاراشلىرىغا قەستەن كۆكرىكىمنى كېرىپ، تېخىمۇ فوكۇس چىقىرىپ، يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە ناز بىلەن تىكىلىپ، تاتلىققىنە كۈلۈمسىرەپ زوق ـ شوخ بىلەن پىرقىرىدىم. كەچتە ئۇنىڭ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇش تەكلىپىنى سىلىققىنە رەت قىلىپ خوشلاشتىم…

مەن گەرچە شۇ چاغدا ئۆز ھېسسىياتىمنى زورىغا بېسىۋالغان بولسامۇ، ئەمما شۇ كېچىسى مۇرات بىلەن ئالىمنى سېلىشتۇرۇپ ئۇخلىيالمىغىنىم ئېسىمدە.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، مېنى تالڭ قالدۇرۇپ، تەشۋىشلەندۈرۈپ ھەم شادلاندۇرۇپ مۇراتتىن تېلېفون كەلدى. ھەي، مېنىڭ ئەقىلسىزلىكىم… شۇ چاغدا مۇراتنىڭ ئۇچرىشىش تەلىپىنى رەت قىلغان بولسام ياكى سۆيگۈنۈم بارلىقىنى ئېيتقان بولسام، شۇنچە ۋاقىتلارنى تەشۋىش، ئازاب بىلەن ئۆتكۈزەرمىدىم؟

دەسلەپتە بارماسلىق، مۇرات بىلەن ئۇچراشماسلىق قارارىغا كەلگەن بولساممۇ، لېكىن ۋاقىت توشقاندا چىرايلىق ياسىنىپ ئۇچرىشىدىغان جايغا بارغانىدىم. دېمەك، مەن ئۆز ئۆزۈمنى ئوتقا ئىتتەردىم، ئۆز بېشىمغا بالا تېپىۋالدىم. ئىككى ئاردا شۇنداق قىيىنالدىمكى، بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا يەنە بىرى كۆرۈپ قالارمۇ؟ دېگەن ئەندىشە، ۋەسۋەسە بىلەن كۆڭلۈم ئارام تاپمايتتى. ھەي، مانا ھازىرمۇ كىم بىلەن توي قىلىش، كىمگە ئايرىلىش سۆزىنى ئېيتىش مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلەلمەي بېشىم تاشتەك قېتىۋاتىدۇ. قانداق قىلسام بولار؟ مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى بىرسى ئاڭلىسا، بەلكىم: «بۇ قىز بۇنداق دىلغۇل، ئارسال بولۇپ ئۆزىنى قىيناپ يۈرگىچە، بىرسى بىلەن غاچچىدە ئايرىلىپ كەتسە بولمامدۇ؟» دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق ئويدا بولغان. ئەمما، ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەسكەن. ئالىمدىن ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگەنىدىم. مەن تەسىرلىك گەپلەرنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتسام، ئالىمنىڭ ماڭا بەخت تىلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

بىز دائىم ئۇچرىشىدىغان جايدا ئۇ مېنى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغاچ كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بىز كۆرۈشمىگىلى بىر ئايدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئۇ، خۇددى ئانىسىغا تەلپۈنگەن قوزىدەك شادلانغىنىچە ئالدىمغا يۈگۈرەپ كەلدى. ئۇ، بۈگۈن شۇنداق خۇشال كۆرۈنەتتىكى، كۆزلىرىدىن ئاجايىپ قىزغۇچ ئۇچقۇنلار چاقناپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىگە قاراپ، كۆڭلۈمگە تىزىپ قويغان

سۆزلىرىمنى ئېيتالماي قىينىلىدىم. ھەي، قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنە ئارقىمغا سوزۇۋەرسەم، ئۇ چاغدا... ياق، ياق، ھازىرلا ئوچۇق ئېيتاي... مەن قەتئىي قارارغا كەلدىم-دە، ئاخىرى تەستە ئېغىز ئاچتىم. ئەمما، ئاۋازىم تىترەپ چىقتى:

— ئالىم...

— ھە...

— مەن... مەن سىزگە...سىزگە بۈگۈن بىر...

— نېمە بولدىڭىز؟ كېپىڭىز ھېچ قولاشمايدىغۇ؟ روھىي ھالىتىڭىز تازا جايىدا ئەمەستەك تۇرىدۇ. بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ خۇشاللىق كۈنۈم، بۇنداق خاپا ئولتۇرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ جېنىم، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇڭ، مەن سىزنى خۇش قىلىدىغان ئاجايىپ بىر نەرسە كۆرسىتىمەن.

كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچتىمىۇ، ئالىمنىڭ قولىدىكى كىتابنى كۆرۈپ كەيپىم ئۇچتى. شۇنداقتىمۇ، كۆڭلى ئۈچۈن كىتابنى قولۇمغا ئالدىم. بۇ بىر شېئىرلار توپلىمى ئىكەن. بۇنىڭ نەرى ياخشىكىنا؟

كۆزۈم ئاپتور ئىسمىغا چۈشۈش بىلەنلا ھەم ھەيران بولغان ھەم ھاياجانلانغان ھالدا ئالىمغا سۆيۈنۈپ تىكىلدىم. مەن ئەجەبا مۇشۇ چاغقىچە ئۇنىڭ بۇنچىلىك تالانتىنىڭ بارلىقىنى بىلمەپتىمىنا؟ تېخى ئۇنىڭ تولا كىتاب ئوقۇيدىغان ئادىتىنى مەسخىرە قىلغىنىمنى دېمەمدىغان. مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن ئۆكۈندۈم. ئالىمغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىم يېڭىباشتىن كۈچەيدى. ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق شائىر سۆيگۈنۈمنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلەندىم. تېخى بايىلا ئىچىمدە ئويلىغان ئايرىلىش سۆزلىرىنى ئېيتىشنىمۇ ئۇنۇتۇپ، ھەم مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان مۇراتنىمۇ ئۇنتۇپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا

تۇنجى قېتىم يېپىشقانىدىم. ئەنە شۇ چاغدىلا مەن ئالىمنىڭ شۇنچە ئوتلۇق، قىزغىن مۇھەببىتىگە يۈزكېلەلمەيدىغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ھەم مۇراتتىن قەتئىي ئايرىلىش قارارىغا كەلگەنىدىم. بىراق، مېنىڭ بۇ ئىرادەمنى مۇراتنىڭ ئەركىلەتمە سۆزلىرى ۋە ماڭا ئاتاپ ئوقۇپ بېرىدىغان يېقىملىق، سېھىرلىك سۆيگۈ ناخشىلىرىنىڭ تەسىرىدىن تېزلا ئاجىزلاشقانىدى. شۇ ۋاقىتتىن تا ھازىرغىچە بولغان كۈنلەرنى قانداق تەشۋىشتە ئۆتكۈزگىنىمنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن.

ھەي، بۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ گۈزەل چىرايىمغا ئىشىنىپ، شۇنچە زور خاتالىققا يول قويغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن. قانداق قىلاي؟ «بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي؟»، «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسەڭ، سېنى ھەر جايغا باشلايدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەنگەن تۇرسام، ئەمدى پۇشايماندىن نېمە پايدا؟ مانا، بۈگۈنكى كۈندە ھەر ئىككىسى گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپامنىڭ نەسىھەت-مەسلىھەتلىرىچۇ، تېخى! بۇنداق ئەھۋالدا يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەرسەم، كېيىن قانداق ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇ چاغدا ھەر ئىككىسىدىن قۇرۇق قالىدىغان گەپ. خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن...

ئويلاپ باقسام، ھەر ئىككىسىنىڭلا ماڭا ياقىدىغان تەرەپلىرى كۆپ ئىكەن. لېكىن، يۈرىكىمنى تۇتۇپ كۆرسەم، مۇراتقا بەكرەك ئىنتىلىدىكەن. بىراق مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەشۋىش، ئەنسىرەشمۇ يوق ئەمەس. ئۇ، شۇنداق شوخ، چىقىشقاق، ئوچۇق - يورۇق، قىزغىن مىجەزى ۋە ئەرلەردە بولىدىغان بارلىق

گۈزەللىك مۇجەسسەملەشكەن ئاشۇ كېلىشكەن، قاۋۇل بەستى بىلەن ھەر قانداق قىزنى ئاسانلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالالايدۇ. ئەگەر توي قىلغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتسە، ئۇ چاغدا پۇشايمان، ھەسرەتتە لېۋىمنى چىشلەپ قالارمەنمۇ؟

تۇنجى مۇھەببەتنىڭ تولىمۇ شېرىن ھەم ئۇنتۇلماس بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. مەن تاھازىرغىچە ماڭا بىر خىل، سىرلىق، ئىلمىي مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان ئالىمنى ئۆزۈمنىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ۋە ھەرگىز ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىمنى ئىنكار قىلالمايمەن. چۈنكى، مەن ئالىمنىڭ ماڭا ئەبەدىي ۋاپادار بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇنداق ئىكەن، مەن يەنىلا ئالىم بىلەن توي قىلسام ياخشى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇنداق قىلاي، چوقۇم شۇنداق قىلاي…

ئۇھ، ئاخىرى بىر قارارغا كەلدىم. ئەجەب ياخشى بولدى. ھە راست، ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن. بۈگۈن مۇرات مېنى كىنوغا تەكلىپ قىلغان ئەمەسمىدى؟ قانداق قىلسام بولار؟ بارايمۇ — بارمايمۇ؟ توغرا، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇراتقا ئايرىلىپ كېتىش توغرىلىق گەپ ئاچاي. نېمە دېسەم بولار؟ ھىم… ئۇنىڭغا يىغلامسىراپ تۇرۇپ، ئانامنىڭ مېنى بىر دوستىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلماقچى بولغانلىقى، ھەتتا مېنىڭ قوشۇلمىغىنىمغا ئۇنىماي، ئۇلارغا ماقۇل دەۋەتكەنلىكىنى، يەنە ماڭا ئۇقتۇرماي چاي ئىچۈرۈپ بولغانلىقىنى، شۇڭا ئامالسىز قالغانلىقىمنى ئېيتىمەن. ئۇ مەيلى نېمىلا دېسۇن، گەپ قىلماي تىرناق تاتىلاپ جىم تۇرۇۋالىمەن. ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، كۆزلىرىمدىن بىرنەچچە تامچە ياش چىقىرىپ قويارمەن، شۇ…

ۋاي — ۋۇي، كىنوخانا ئالدىدا نېمانچە ئادەم كۆپ. مۇرات بۈگۈنكى كىنونى بەك ياخشىكەن دېۋىدى، راست ئوخشىمامدۇ؟ مۇرات نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدىغاندۇ؟ ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتىنمۇ بەش مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. ھەر قېتىم ئۇ يېرىم سائەت بۇرۇن كېلىپ مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟ جىلە بولدۇم، ھارسىندىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كوچا لوكچەكلىرىنىڭ چۆرەمدە ئايلىنىپ بېزار قىلىشىچۇ، تېخى! يەنە بەش مىنۇت كۈتىمەن، كەلمىسە، مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئىككىنچى يۈزىگە قارىماسمەنا…

ۋۇي، بۇ نېمە ئىش؟ مەن مۇراتنى كۈتۈۋاتسام، بۇ ياقتىن ئالىم كېلىۋاتىدىغۇ؟ ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم، «بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟» دېسە، نېمە دەرمەن؟ ئەڭ ياخشىسى كۆرمىگەن بولۇپ ئارقامغا بۇرۇلۇپ كېتەيچۇ…

ۋاي خۇدايىمەي، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرۈڭ! ئۇ ياقتىن مۇراتمۇ مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتامدۇ؟! تېنىم شۈركەندى، يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلاشتى، پۇتلىرىم دىر-دىر تىترىدى. كەينىمدە ئالىم، ئالدىمدا مۇرات، ئوڭ تەرەپتە ۋېلسىپىت ساقلاش ئورنى، سول تەرەپتە ئېگىز بىنا… قېچىپ كېتىش ئامالى يوق. ئەمدى بېشىمغا كەلگەننى كۆرىدىغان بولدۇم…

پۇتلىرىم يا ئالدىغا، يا كەينىگە يۆتكەلمەي خۇددى مىخلاپ قويغاندەك جايىدا تۇرۇپ قالدى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، زېمىن چۆرگىلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يۈرىكىم ۋەھىمە، تەشۋىش، نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولدى. ئاھ خۇدا! شۇ تاپتا يەر يېرىلسا ئىدى، ئىچىگە كىرىۋېلىپلا بۇ نومۇستىن قۇتۇلار ئىدىم…

— ئاينۇر، جىق ساقلىتىپ قويمىغاندىمەن؟! تېلېفون بەرسەم سىز يوق، دوستىڭىزغا ئېيتىپ قويۇۋىدىم، ھەر قانداق بولسا كەپسىز. ۋۇي، نېمە بولدىڭىز؟ مەندىن رەنجىپ...

ئالىمنىڭ قۇلىقىم تۈۋىدىلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ، ئۈجۈقۇپلا كەتتىم. ھەي تەتۈر پەلەك! ئەگەر مۇرات ئالىمدىن بۇرۇنراق كېلىپ گەپ ئاچقان بولسا، ئالىم نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالاتتى — دە، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەينىگە يېنىشى مۇمكىن ئىدى. كېيىن مەندىن نەپرەتلىنەمدۇ، تىللامدۇ مەيلى ئىدى. بىراق، مۇرات ھەرگىز ئالىمغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئۆز ئولجىسىنىڭ باشقىلار قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە: مۇرات بىر قېتىم مېنىڭ بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىم بىلەن كوچىدا پاراڭلىشىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ قېلىپ، ۋېلىسىپىت بىلەن سوقۇۋەتكىلى تاسلا قالغانىدى.

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىغىنىمدا ئاچچىقلاپ، ئۇ كۆزلىرىدىكى غەزەپ بىلەن تىكىلىپ: «مەن ئۆزۈم سۆيگەن گۈزەللىكنىڭ باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن» دېگەنىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا مۇراتنىڭ جىم تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟

مەن ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. قۇلىقىم تۈۋىدە مۇراتنىڭ كەكرىدەك ئاچچىق، زەردىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئادىشوي، كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن؟ تېخى تېلېفون بەرسەم يوق ئىكەنسىز، دېگىنىنى قاراڭ. ھىم، بۇ قىزنى ئىگىسى يوق كۆرۈپ بوزەك قىلاي دەمسەن؟ ھۇ لۈكچەك!

ئەزەلدىن ئېغىر — بېسىق ئالىمغا مۇراتنىڭ «لۈكچەك» دېگەن ھاقارەتلىك سۆزى ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك، ئاۋازى تىترەپ چىقتى:

— نېمىشقا يولسىزلىق قىلىسەن؟ بۇ دېگەن بىزنىڭ ئۆز ئىشىمىز. سېنىڭ ئارىلىشىشقا ھەققىڭ يوق! ئۆزۈڭ لۈكچەك تۇرۇپ يەنە تېخى مېنى لۈكچەك دەيسەنا؟ يۈرۈڭ ئاينۇر، كېتەيلى.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ ئۆز ئىشىمىز؟ بۇ... بۇ... نېمە ئىش ئاينۇر؟ سىز... سىز...

يۈرىكىم ياپراقتەك تىترىدى، كۆز چاناقلىرىم ئاچچىق پۇشايمان ياشلىرىغا لىق تولدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى، بېشىمنى كۆتەرسەملا ئىككى جۈپ كۆزدىكى نەپرەت ئۇچقۇنىنى كۆرەمەن، ئاشۇ ئۇچقۇنىنىڭ كۆزۈمنى كور قىلىپ، يۈرىكىمنى پارا - پارا قىلىۋېتىشىدىن قورقىمەن...

ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن بولسا كېرەك، ئالىمنىڭ يېڭىمنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىدا بوشاشتى. لېۋىمنى چىشلەپ كۆزۈمنى ئاچتىم. تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئەتراپقا ئولىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىكى نەپرەت ئۇچقۇنىنى، مۇرات بىلەن ئالىمنىڭ بىر — بىرىگە ھەيرانلىق، تەئەججۈپ ئىلكىدە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ تۇرغان ھالىتىنى كۆردۈم-يۇ، دەرھال يەرگە قارىۋالدىم.

—سىز... ئاينۇر... ئويلىماپتىكەنمەن. سىزنىڭ ساختىپەز، ئالدامچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن. ئېسىت، ئادەممۇ سىزدەك بولامدۇ؟ قېنى ماڭا بەرگەن ۋەدىڭىز؟ ھۇ ۋىجدانسىز! دۇنيادا سىزدەك نومۇسسىزدىن يەنە بىرسى بارمىدۇ؟

مۇراتنىڭ گېپى تۈگە — تۈگىمەيلا يۈزۈمگە «چاڭگىدە» بىر شاپىلاق تەگدى. يۈزلىرىم ئېچىشىپ، كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى. شاپىلاق زەربىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلغىلى تاسلا قالدىم. تەلىيىمگە يارىشا، كىمدۇ بىرى مېنى دەرھال يۆلىۋالدى — دە، كىنوخانا ئالدىدىن ئاستا ئېلىپ ماڭدى. كۆزۈم ھېچنېمىنى كۆرمەسمۇ، لېكىن قۇلىقىمغا كىشىلەرنىڭ غەزەپلىك خىتابلىرى كىرىپ تۇراتتى:

— تۇۋا، چىرايى گۈلدەك چىرايلىق تۇردۇ، قىلغان نومۇسسىز ئىشىغا قاراڭلار.

— شۇ ئەمەسمۇ، ساددا يىگىتلەرنى شۇنداقمۇ ئالدىغان بارمۇ؟! ھەۋ نومۇسسىز، ۋىجدانسىز.

— چىرايلىقتا ۋاپا يوق، ھە...ھازىرقى زامانىنىڭ قىزلىرى-زە...

ئىزا - نومۇس، پۇشايماندىن ئۆلگىدەك بولۇپ، ئاچىز يۈرىكىمنى تۇتقىنىمچە بوشاشقان بەدىنىمنى ھېلىقى نامەلۇم كىشىگە يۆلەپ ئاران - ئاران كېتىۋاتىمەن. ماڭا مۇشۇ پەيتتە خەيرىخاھلىق، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار؟

بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن، مەن ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ماڭالماي ياتقىنىدا، ئالىم مېنى ئۆيگە يۆلەپ ئاپىرىپ قويغانىدى. ئاھ، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ ئۆزۈمنىڭ شۆھرەتپەرەست، ئۆچمە كۆڭۈللىكىم تۈپەيلىدىن ئالىم ۋە مۇراتنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇردۇم. بۈگۈنكى بۇ رەسۋاچىلىق خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن جازاسى ئەمەسمۇ؟! مەن...مەن... نېمىشقىمۇ كۆڭلى قارلىق قىلغانىدىمەن؟ ھەي...

— بولدى يىغلىماڭ، - قۇلىقىم تۈۋىدە ئاڭلانغان بۇ تونۇش، يېقىملىق، ھەسرەتلىك ئاۋازدىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم. بۇ، ئالىمنىڭ ئاۋازىمۇ؟ ياق، ياق، مۇمكىن ئەمەس. سەزگۈلىرىم مېنى ئالداۋاتسا كېرەك، ئۇ ئالىقاچان كېتىپ قالغاندۇ...

ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمىگەن ھالدا كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ بۇرۇلۇپ يېنىمغا قارىدىم. يېنىمدا خۇددى بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن مېنى يۆلەپ كېتىۋاتقان ھالىتى بىلەنلا ئالىم قاراپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ خىسلەتلىك نۇر پارلاپ تۇراتتى. ھازىرچۇ؟ ھەسرەت، ئېچىنىش ئۇچقۇنلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ كۆزلەر لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

— ئالىم! - ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلدىم. بىراق، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ گويا قېتىپ قالغاندەك مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى، تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاستا - ئاستا سېرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

— مېنى...مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. مەن...مەن سىزنى ئازابلاپ قويدۇم. مەن... - كۆز ياشلىرىمنى توختىتالماي ئۇنىڭ پۇتلىرىغا يېپىشتىم. ئۇ تىترەك قوللىرى بىلەن مېنى ئاستا يۆلەپ تۇرغۇزدى - دە، ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى يىراققا تىككەن ھالدا خۇددى ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس، زەئىپ، بوغۇق ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ئاينۇر، مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. راستىمنى ئېيتسام، مەن ھازىر ئۆزۈمدىكى كۈچ - جاسارەتلەرنى تۈگىگەندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. بەلكىم مەن ئۆمرۈمدە بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولغىيتىم. بىلەمسىز ئاينۇر، مەن سىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم، سىزگە ئىشىنەتتىم. بىراق، ئويلىماپتىمەن. ئاينۇر... بۈگۈنكى ئىش مېنى قاتتىق ھەسرەتلەندۈردى، ھەتتا ئۆز - ئۆزۈمگە ۋە تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچ، ئۈمىدىممۇ يوقالغاندەك بولدى. ئېسىت! مەندىن باشقا بىرسى بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىڭىزنى نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق ئېيتمىغانسىز؟ ئىككى ئارىدا قانچىلىك ئازابلانغانسىز - ھە؟! بۈگۈن مەن كىنوغا كەلمىگەن بولسام بوپتىكەن. سىزگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردىم. مېنى كەچۈرۈڭ، ئاينۇر... بولدى، ئەمدى سۆزلىمەڭ. خەير-خوش...

— ئالىم، توختاڭ!

ئۇ توختىمىدى، يۈگۈرگەندەك تېز مېڭىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاققىچە مەيۈس ھالدا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. كېيىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ سالدىم:

— ھۇ... ھۇ... ھۇ...!

ساداقەت تۇرسۇن

# ھازازۇل

(ھېكايە)

تۇنسا يېمنى بۇ يۇرتتا تونۇمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇ ئاجايىپ - غارايىپ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلۇپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ، ئاقسېرىق كەلگەن، بويى پاكار، ئۇستىخىنى كېلەڭسىز ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ھاۋانچىغا ئوخشايدىغان ئۇزۇنچاق، كىچىك بېشىغا ماسلاشمىغان يوغان يۈزى، سۇس قېشى ئاستىدىكى قۇشقاچنىڭكىدەك كىچىك كۆزلىرى ئۇنى خۇددى تۈزلۈق قاپىقىغا ئوخشاش كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەمما، «تەلەي نەگە بارىدۇ دېسە، دوقا ماڭلايلىق قېشىغا» دېگەندەك، تەقدىر ئۇنى قولىدا گۈلدەك ھۈنىرى بار، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى رەھىماخۇنغا جۈپلەپ قويغانىدى. قانداقلا بولمىسۇن، مانا ھازىر ئۇلارنىڭ مۇنچاقتەك ئالتە بالىسى بار. رەھىماخۇنمۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ. رەھىماخۇن تاپقان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى تۇنسا يېمنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تۇنسا يېم قىلدىن قىيپاش كەتسىلا چۇقان - سۈرەن سېلىپ، رەھىماخۇننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ ئالا - تۇۋىسىنى بېرىدۇ. كىشىلەر ئاڭلىسۇن دەمدىكىن - تاڭ! ئۆيدە تىللىغىنى ئاز كېلىپ، تالاغا چىقىۋېلىپ ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان گەپلەر بىلەن ئېرىنى ھاقارەتلەيدۇ. «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك، بۇنداق چاغلاردا رەھىماخۇن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ نەچچە رەت بۇ بېشەم خوتۇندىن ئاجرىشىپ كېتىپ، بىراقلا قۇتۇلماقچىمۇ بولغان. لېكىن بىر - بىرىدىن ئۇششاق گۆھەردەك باللىرىنى يېتىم قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان. «تۈزۈلۈپ قالار» دېگەن ئۈمىد بىلەن كۈنلەر ئۆتۈپ، مانا ھازىر بالىسى ئالتە بولۇپ قالغانىدى. ئەمما تۇنسا يېم تۈزۈلۈش تۈگۈل بارغانسېرى يېڭى «ھۈنەر» لەرنى چىقارغىلى تۇردى. بۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەندىن بېرىقى بىر يىل ئىچىدە، ئۇنىڭ مەھەللىدە ئۇرۇشمىغان ئادىمى قالمىدى. شۇڭلاشقا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال بارغانچە ئۇنىڭ يۈرىكىنى «يوغىسىنا تىقىلى» تۇردى. ئۇ بۇ مەھەللىدە ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدۇ. مەھەللىدىكى ھەممە يىغىلىشلارمۇ ئەڭ ئاۋۋال تۇنسا يېمدىن باشلىنىدۇ. راست، كىيىم - كېچەك جەھەتتە بۇ مەھەللىدە ھېچقانداق بىر ئايال ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. ھەر قېتىم بىرەر يېڭى كىيىم تىكتۈرگەندە، مەلۇم باھانە - سەۋەبلەرنى تېپىپ، ھېچقانداق ئېھتىياجى بولمىسىمۇ، رەھىماخۇن بىلەن جېدەل قىلىپ ئالدۇرغان «سۆمرۈغ» ماركىلىق ۋېلسىپىتقا مىنىپ، چاپاننىڭ ياقىسى ئىچىدىن ئارانلا چىقىپ تۇرىدىغان قىسقا بويىنى تىك تۇتۇپ، مەھەللىنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەسخىرىلىك، بەزىلەر قىزىقىش،

يەنە بەزىلەر ھەسەت ئىچىدە قارىشىپ قالىدۇ. بەزىلەر: «ھەي، ئۇنى يوغىنا تىقان پۇلدە! رەھىما خۇنىنىڭ تاپقان پۇلى. ئادەم دېگەن خامسۈت ئەمگەن نەرسىكەن. بىر ناننى كۆرسەك جاھانغا پاتماي قالىدىكەنمىز، سەللا باي بولساق، ئەسلىمىزنى ئۇنتۇپ ئەتراپىمىزدىكىلەرنى ياراتماي، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىمىز بىلەنمۇ كارىمىز يوق، جاھاندا مەنچىلىك ئادەم يوق، دەپ مەيدىمىزنى كېرىپ يۈرۈيدىكەنمىز» دەيدۇ تەنە ئارىلاش. يەنە بەزىلەر «پۇلى بولسىلا ھېسابمۇ؟ ئادەمگەرچىلىكى بولمىسا…، بىشەملىكىدىن ھەممە يەرنى سېسىتىپ بولدى. ئوبدان بولسا بۇرۇنقى مەھەللىسىگە سىغاتتى!» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىدۇ.

راست، تۇنىسا يىمنىڭ بىشەملىكىدىن رەھىما خۇنىنىڭ ئۆز مەھەللىسىدە تۇرغىچىلىكى قالماي، يۇقىرىقى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئەمما تۇنىسا يىم بۇ يەرگىمۇ ئۆز خۇيىنى «تەۋەرۈك» سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ مەھەللىدىمۇ رەھىما خۇنىنىڭ ئىككى پۇتلۇقىنى قويمىدى. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەر بۇ ئەر-خوتۇنغا ئۆز لايىقىدا «رەھىم پاختەك»، «تۇنىسا ئۇششۇق» دېگەن لەقەملەرنىمۇ قويۇپ قويدى. بۇنداق گەپلەر رەھىما خۇنىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەي قالمايتتى. مانا بۈگۈن رەھىما خۇنىنىڭ تاقىتى چېكىگە يېتىپ، زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— بولدى، سەندەك خوتۇندىن تويدۇم، چىق ئۆيدىن!

— ھوي! ئەمدى تىلىڭ خېلى ئۇزىراپ قاپتىغۇ؟ بالا ئاتىسى بولغانىدا مېنى ئۆيدىن قوغلىماقچىمىدىڭ؟!

— ھېلىغۇ ئاتا بالىكەن، ئون بالا بولسىمۇ مەيلى، ئۆزۈم باقىمەن!

— مەنچۇ بۇ ئۆينى ئاران تۇتقان! قولۇڭغا پۇل كىرگەندە نىيىتىڭ بۇزۇلۇپتۇ-دە! مېنى ھەيدەپ چىقىرىپ بۇ ئۆيگە قايسى بۇزۇقنى ئېلىپ كىرمەكچى ئىدىڭ؟!

رەھىما خۇنىنىڭ ئاچچىقتىن لەۋلىرى تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خوتۇنىنىڭ بىشەملىكىدىن قورقتى بولغاي ئۆزىنى بېسىۋالدى. رەھىما خۇن بۇ چاغقىچە تۇنىسا يىمغا بۇنچىلىك قاتتىق تەگمىگەنىدى. تۇنىسا يىممۇ بۇ قېتىم بالىلىرىنى رەھىما خۇنغا تاشلاپ قويۇپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ، رەھىما خۇننى بىر «چۆچۈتۈپ» قويماقچىمۇ بولدىيۇ، يەنە ئۆزىگە ھاي بەردى. چۈنكى، ئاتا-ئانىسىمۇ بالىلىرىنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر ئىلتىپاتى بىلەن جېنىنى ئاران جان ئېتىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارغا دەسمايە بولغۇسى كەلمىدى. يەنە كېلىپ، بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ توققۇزى «تەل»، ھېچنەرسىدىن غېمى يوق، يوقۇلاڭ ئىشلارغا يامانلاپ يۈرۈش ھەقىقەتەن ئەخمەقلىق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۆيدىن شۇنداق نېرى بولسىلا، ھېلىقى «ئالدامچى، پاقىباش» خوتۇن نەۋرىلىرىگە تاماق ئېتىپ بېرىش باھانىسى بىلەن، شۇمەتىكىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، خۇددى بۇ ئۆينىڭ خوجايىنىدەك ئۆزى خالىغىنىنى ئېتىپ يېيىشى، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە تۇنىسا يىمنىڭ يۈرىكى ئېچىشماي قالمايتتى. چۈنكى، ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەر، ئۇنىڭ ئۆزى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ئىدى. شۇڭا، بۇلاردىن قېيىن ئانىسى ھوزۇرلانسا، ئۇ بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟!

رەھىما خۇن بۇغداي ئۆڭلۈك، قاتاڭغۇر كەلگەن، ئەللىك ياشتىن ھالقىغان ئادەم بولۇپ، ئۇستا تامچى ئىدى. ئۇنىڭ ئايلىق كىرىمى بەش-ئالتە يۈز يۈەنگە بېرىپ قالاتتى.

www.uyghurkitap.com



گاھىدا ئىش كۆتۈرە ئالغان جايدىن ھەپ-
تىلەپ كېلەلمەي قالاتتى. مانا بۇنداق چاغ-
لاردا تۇنىسا يىمىنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتەتتى.
ئۆزىنى پەدازلاپ، خۇددى بىر يەرگە مېھ-
ماندارچىلىققا بارىدىغاندەك ياسىنىپ، با-
لىلىرىنى ھويلىغا سولاپ قويۇپ، كوچىنىڭ
دوقمۇشىغا چىقىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى
«باھالاش»، ئۆزىنى «بازارغا سېلىش» بىلەن
كۈننى كەچ قىلاتتى. ئۇنىڭ شۇچاغدىكى تۇر-
قى كىشىگە ھەجۋىي رەسىمنى ئەسلىتىدۇ.
ئۇششاق بالىلىرى بولسا، ھويلا ئىچىدە قىيا-
چىيا قىلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن مۇشت-
لىشىپ، ئولتۇرغان جايىغا تەرەت قى-
لىشىپ، ياتقان يېرىدە ئۇخلىشىپ قالىدۇ.

تۇنىسا يىمىنىڭ ئۆيى تۇتۇشىغا كەلسەك،
ئاش ئەتكەندە قارايدىغان بولسىڭىز، تۇ-
ۋىقىنىڭ چۆرىسى كىرلىشىپ قىژماق باغلاپ
كەتكەن، ئۆيگە قارىسا، سۇپۇرگە دىدارى
تەگمىگەندەك ھەممە نەرسىنى توپا بېسىپ
كەتكەن، سۇپىغا سېلىنغان شىردا قنىڭ گۈ-
لىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئۆي ئى-
چىدىن دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان بىر خىل
بەدبۇي پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۇ، مەھەللىدىكى كىشىلەر بىلەن ئارى-
لاشمايدۇ، توي - تۆكۈنلەرگىمۇ ئەسلا بار-
مايدۇ. شۇڭا، كىشىلەرمۇ ئۇنى بۇنداق سو-
رۇنلارغا چاقىرمايدىغان بولدى. بىر كۈنى
شەرۋانىخان كوچا ئاغزىدا توپلىشىپ تۇر-
غان بىر نەچچە يىلەننىڭ يېنىغا — ئۇلارنى
ئەتىكى ئىنىسىنىڭ تويىغا چاقىرىپ كەلدى.
شۇ قاتاردا تۇنىسا يىمىمۇ بار ئىدى. تېخى
شەرۋانىخان يىراقلاپ كەتمەستىنلا، ئۇ:

— ۋايىيەي، كىم بارسا بېرىۋالسۇن
ئۇلارنىڭ تويىغا. ھەممە ئىش ئۆز يولى،
ئۆز خىلى بىلەن، مەن ئەمدى مۇشۇ خەقنىڭ

خىلى بولۇپ قاپتىمەنما؟!- دەپ قاشلىرىنى
ئۈچۈرۈپ، ئاغزىلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ بىر
خىل مەڭسىتمىگەن قىياپەتتە سۆزلەپ كەتتى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ زەردىسى قايناپ
شەرۋانىخان:

— «خېنىمنىڭ قېشىغا قاراڭ، تاۋىقى-
نىڭ تېشىغا» دەپتىكەن. خەقمۇ تاپقىنىنى
ئۈچىسىغا ئارتىۋېلىپلا يوغانچىلىق قىلالماي
باققان بالىلىرىغا، تۇتقان ئۆيىگە قاراپ-
راق گەپ قىلسا بولارمىكىن؟!- دېۋىدى، شۇ
زامات تۇنىسا يىمىنىڭ كاللىسىدىن «يالت»
قىلىپ بىر خىيال كەچتى - دە، يۈگۈرۈپ بې-
رىپ شەرۋانىخانىنىڭ چېچىغا ئېسىلدى:

— «تۇتقان ئۆيىگە قاراپ» دەيسىنا،
ھۇ شەرمەندە! بىزنىڭ ئۆيگە مەن يوق
چاغدا نېمە دەپ كىرگەن ئىدىڭ؟ ھە، ئەمە-
دى بىلدىم. ھېلىقى لامزەللىنى ئېزىقتۇرغان
سەنكەنسەن - دە! «چىق ئۆيىدىن...» دېسە،
نېمە دەيدىغاندۇ دەپتىمەن، نەچچە يىللىق
ئۆيۈمنى بۇزۇپ قانداق قىلماقچى ئىدىڭ؟!
قاراپتۇر، ئىككىڭنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆر-
سەتمىسەم!...

بۇ ئاھانەتلەرنى ئاڭلىغان شەرۋانىخان
نېمە دېيىشىنى بىلمەي قېتىپلا قالدى. بىر
نەچچە ئايال ئارىغا كىرىپ ئاجرىتىپ قويى-
مىغان بولسا، تۇنىسا يىم شەرۋانىخانىنىڭ
بىر تۇتام چېچىنى يۇلۇپ، قولىغا ئېلىپ
بەرگەنمۇ بولاتتى.

— «نىجاسەتكە چاپلىما ئاتساڭ، يۈزگە چاچ-
راپتۇ» دېگەن گەپ بارغۇ، بۇ خوتۇن بى-
لەن تەڭ بولغىچە، ئۆيلىرىڭگە كىرىپ كەت-
سىلە،- دەپ ئەتراپتىكىلەر شەرۋانىخاننى
ئۆيگە كەتكۈزۈۋەتتى.

— ھە، سەن قەلەندەرلەرمىچۇ، مېنىڭ
پېگىنىم - كەيگىنىمگە چىداشما پسەن،

خەجلىسەم ئۆزۈمنىڭ پۇلىنى خەجلىدىم، سەن ـ
لەرگە ھاجىتىم چۈشكەن يېرىم يوقتۇ!؟ ـ تۇنى ـ
سا يىم شۇنداق دېگىنىچە ھەممىلەننى تىلا ـ
لاپ، بورداق قوينىڭ قۇيرۇقىدەك ساغرىلى ـ
رىنى لىغىرلىتىپ، پاكار، كېلەڭسىز گەۋ ـ
دىسىنى ئىككى ياققا ئىغاڭلىتىپ، ئۇدۇل
ئۆيىگە كىتىپ قالدى...

ئەتىسى رەھىماخۇن بىر ماشىنا كۆمۈر
ئېلىپ كەلدى، كۆمۈرنى ئالدى بىلەن تۇ ـ
نىسا يىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئاچا ـ سىڭىلـ
لىرى، ئاكا ـ ئىنىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقان ـ
لىرىغىچە بۆلۈپ بەردى ۋە شۇ قاتاردا بىر
تاغار كۆمۈرنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكى ـ
لىپ چۈشۈرۈپ بەردى. بۇنى كۆرگەن تۇنى ـ
سا يىمنىڭ ئىچى خۇددى چايان چاققاندەك
ئېچىشىپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ
تۇرالماي قالدى. شۇ ھامان ئايىغىنى كى ـ
يىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە
يۈگۈردى... دەرۋازىدىن كىرىپلا ھويلىدا
چۈشۈرۈلگەن كۆمۈرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈرى ـ
كى ئاۋۋالقىدىن بەكرەك ئېچىشىپ كەتـ
تى ـ دە، كۆمۈرنى تاغارغا ئۇسسۇشقا
باشلىدى...

— بالام، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ ـ دېدى
قېيىن ئانىسى ئۆيىدىن چىقىپ.

— گەپ قىلمىسام ھەددىدىن ئاشقىلى
تۇردىغۇ بۇ خەق، سەنلەرگە خۇش ـ خۇش
دەپلا كۆنىمىز ئۆتەمدۇ بىزنىڭ!؟ يەنە قا ـ
رىسا، چاپىنى تىزىدىن ئاشماي، يېڭىنى چى ـ
رايىغا چىقماي شۈمشىيىپ يۈرۈشكەن! يا
ئۆيىدە بىرنى ئىككى قىلغىلى بولمىغان، ئۆيـ
دىكى ئائىلە بالىنى قانداق بېقىۋاتىدۇ،
دەيدىغان ئادەم يوق؛ قاچان قارىسا شى ـ
لىپ يېيىشنىڭ كويىدا؛ يەنە تېخى رازى
بولۇشما يۋاتقانلىسەن يالاڭ تۇشلەردىن قا ـ
چانمۇ قۇتۇلارمىزكىن.

— ھوي، ئەمدى بىز يالاڭ تۆش بولۇپ
قاپتۇقمۇ؟ سىلىنى باي قىلغان ئاكامنىڭ
پۇلىدۇر ھەقىچان... سىلىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋ ـ
لادلىرىغىچە بەرسە بولىدىكەنۇ، بىزگە بەر ـ
سە بولمامدىكەن؟ ئاكامنى بىزدىن تارتىۋـ
ماقچىمۇ؟ ـ دېدى رەھىماخۇننىڭ ئون تۆت ياش ـ
لىق سىڭلىسى ئانىسىغا بولۇشۇپ.

— «كىچىككە گەپ يوق، مۇشۇككە بەز!»
ئىشىكنى قىلىپ ئۈجمەكنى تىيىپ يەپ كەلـ
گىنە ئەر ئالماس سۇپۇرەندە!...

ئانا ئەمدى قىزىنىڭ بۇنداق ھاقارەتـ
لىنىشىگە چىداپ تۇرالمىدى ـ دە، ئاغزى ـ
نى ئېچىۋەتتى:

— يەيدىغىنىڭغا نان، كىيىدىغىنىڭغا
كىيىم يوق، ئۇرۇشقاق، ئەسكى، بېشەملىكىڭـ
دىن مەيدەڭ تىزىڭغا چۈشكىچە ئالىدىغان
ئادەم چىقماي ئولتۇرۇپ قالغىنىڭنى ئۇنۇـ
تۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ رەھىمە تىلىك كې ـ
لىنىم ئۆلۈپ كىتىپ، بىر يىل بولغاندا ئى ـ
چىم ئاغرىپ «بوپتۇ، ساۋاپ بولار» دەپ
ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرگەن گۇناھ مەندە! ئىتـ
مۇ نان تاشلاپ بەرگەن ئادەمنى تونۇيدۇ!...

— ئىتقا تاشلاپ بەرسە ئىتمۇ يالىما يـ
دىغان جەددال، ئەمدى مېنى تىلىڭ چىقىپ
قالغان ئوخشىمامدۇ؟ گەپ قىلمىسام خېلى
كېپىڭ بارغۇ سېنىڭ! ـ تۇنىسا يىم شۇنداق
دېگىنىچە غالجىر ئىتتەك ئېتىلىپ بېرىپ
قېيىن ئانىسىنىڭ گېلىدىن بوغدى...

ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بولۇنغان گەپـ
سۆزلەرنى ئاڭلىغان رەھىماخۇن، ئانىسىنىڭ
ئاغرىقتىن «ۋايجان» دېگەن ئاۋازىغا چىـ
داپ تۇرالماي يۈگۈرەپ چىقىپ، تۇنىسا يىم ـ
نى غەزەپ بىلەن ئىككى تەستەك ئۇردى.
ئەزەلدىن ئۆكتەملىك قىلىپ ئېرىنى قورقۇـ
تۇپ كۆنۈپ قالغان خوتۇن، بۇ تەستەككە
چىدىيالمىدى. شۇڭا ئۇ، ھويلىدىن ئاللا ـ
توۋا، دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرەپ چىقىپ
كەتتى...

رەھىماخۇن «قولىدىن ھەر خىل ھۈنەر
كېلىدىغان، بۇ ھازازۇل خوتۇن يەنە چا ـ
تاق تېرىپ قويمىسۇن» دەپ ئويلاپ، شۇھا ـ
مانلا ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيىگە ماڭدى. ئۆيـ

گەكىرىپلا پەگادىكى قۇسۇق تۇۋىدە تىڭىراپ تولغىنىپ ياتقان ئايالنى كۆردى-دە، بايا تىنىقى ئاچچىقىنى ئۇنتۇپ ئۇنى يۆلىدى، كۆزى ئايالنىڭ قولىدىكى شىشىگە چۈشكەندە قورقۇپ تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى. رەھماخۇن شۇ ھامان ھارۋىنى قوشۇپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى…

ئەسلىدە تۇنسا يىم ئېرىنىڭ تايىقىغا چىدىماي، ئۆيىگە بېرىپ چىۋىن دورىسى ئىچىۋالغانىدى. دوختۇرلارنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشى نەتىجىسىدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. لېكىن زەھەرلىك دورىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ كېلى ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، ئوپېراتسىيە قىلمىغاندا كېلىنىڭ تۆشۈكى ئېتىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

— سىلە بۇياققا چىقسىلا،— تۇنسا يىمنىڭ يېنىدا غەمكىن ئولتۇرغان رەھماخۇننى ئۆزى ئاق، يۇمىلاق قىسىنىقە كەلگەن يىگىرمە ياشلارچا مىسىدىكىشەھلا كۆزلۈك سېستىرا قىز چاقىردى،— ئايالىڭىزنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى، مانا بۇ يەرگە قول قويۇۋەتسىلە،— دەپ ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن بىر دانە قاتتىق تاشلىق يوغان دەپتەرنى رەھماخۇننىڭ ئالدىغا قويدى.

تۇنسا يىمنىڭ كېلى ئاغرىپ، زۇۋانىغا كەپكەلمەيۋاتقان بىلەن، كاللىسى «سەگەك» ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدە غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلداپ، ئېرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قىزنى چايناپ پۈركۈۋەتكۈسى كەلدى، بىراق ئورنىدىن تۇرغۇدەك دەرمانىنىڭ يوقلۇقىدىنمىكىن، بوقېتىم ئۆزىنى بېسىۋالدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى. مانا ھازىر ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، دوختۇرخانىدىن چىققانىدى. لېكىن ئۇ، دوختۇرخانىدىكى «خورلۇق»نى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. كۆڭلىگە پۈكۈپ، رەھماخۇندىن «ھېساب» ئېلىش ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— دوختۇرخانىغا بېرىپ، رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ كېلەي…

ئېرىنىڭ بۇ گېپى تۇنسا يىمنىڭ ئىچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەندەك، ئىچىدە يالقۇن بولۇپ كۆيۈۋاتقان كۈندەشلىك ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي، دوختۇرنىڭ تاپشۇرۇقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ، بار ئاۋازى بىلەن ئېرىگە يەنە تىل ياغدۇردى:

— ھۇ، نومۇسنى بىلمەيدىغان كۆڭلى قارا، مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دەمسەن؟! دوختۇرخانىغا ھەقىچان ھېلىقى بۇزۇقنى ئىزلەپ…

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى ئازابلىق ئىڭراش بىلەن ئاخىرلاشتى. چۈنكى، ئىللىغىچە قاتتىق كۈچەپ كەتكەچكە تىكىلگەنلىكتىن تېخى يېڭى ئوپېراتسىيە قىلىنغان يەر يىرتىلىپ كەتكەنىدى… تۇنسا يىم يەنە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. دوختۇرلار يىرتىلىپ كەتكەن جاينى قايتىدىن يامىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنۇمى ئالدىنقى قېتىمقىدەك بولمىدى. ئۇنىڭ كېلى يىرىڭداپ كەتتى. دوختۇرلار ھەر خىل چارە-ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ، ئەكسىچە، ساقىيىشىنىڭ ئورنىغا كېلىدىكى يىرىڭلىق جايىدىن ئۆسمە گۆش ئۆسۈپ چىقىپ، كېلىنىڭ تۆشۈكىنى ئېتىۋالدى. دوختۇرلار بۇ ئۆسمىنى كېسىپ ئېلىۋەتتى. لېكىن ئۇزۇنغا قالماي يەنە كۆكلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاپارمىغان داخانىنىڭ ئۆيى، كۆرسەتمىگەن دوختۇر-تېۋىپلەر قالمىدى. ئەمما بۇلارنىڭ پايدىسى، ئۈنۈمى بولمىدى…

مانا ھازىر ئۇنىڭ گېلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمەيدىغان، ھەتتا گەپمۇ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. سېمىزلىكتىن تەقما تاغارغا ئوخشاپ قالغان گەۋدىسى ئەمدىلىكتە بىر تېرە، بىر سۆڭەككە ئايلانغان، ئەسلىدىكى يۇمۇق كۆزلىرى بولسا، ئورىدەك ئولتۇرۇشۇپ ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان جىن چىراغدەك پىلدىرلاپ قالغانىدى. ئۇ ئىڭراپ يېتىپ، ئورىدەك كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ، قانداقتۇر بىر نېمىگە تەلمۈرەتتى…

مەخپىرەت كەنجى

# تەۋەرۈك

(نەسىر)

مەن بىر ۋارىس، قەھرىمان ئەجدادلىرىمنىڭ قىممەتلىك تەۋەرۈكلىرىنىڭ مىراسخورى! بۇ، مەن ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس ئالەمچە شۆھرەت! مەن ھەر قېتىم ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ ئەقىل - پاراسەتلىك، باھادىر ئەجدادلىرىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىمنى ئويلىغىنىمدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى قاپلاپ، قەلبىمدە ھەقىقىي ئەۋلادلارغا خاس ئىنسانىي غۇرۇر ئۇرغۇپ تاشىدۇ!

مېنىڭ تەۋەرۈكلىرىم، ھەرگىزمۇ بىر قىسىم نادان كىشىلەرنىڭ قاراڭغۇ كۆڭلىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەپ، ۋىجدان، نومۇسنى باش ئەگدۈرگەن ئالتۇن، كۈمۈش، پۇل، مال ئەمەس، بەلكى شۆھرىتى ئالەمگە تارالغان، قىممىتى جاھاندا تەڭداشسىز بولغان ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى، ھۈنەر - سەنئەت دۇردانىلىرى!

بۇ تەۋەرۈك — ئەمگەكچان خەلقىمنىڭ جەبىر - زۇلۇم چۆللىرىدە بەرپا قىلغان ئىجاد گۈلشىنى!

بۇ تەۋەرۈك — باتۇر ئەجدادلىرىمنىڭ ئەجىر - مېھنەت لېيى، ئەقىل - پاراسەت خىشلىرى بىلەن مۇستەھكەم قوپۇرۇلغان ئۇلۇغ ھېكمەتلەر نەقىشلەنگەن كۆركەم بىنا!

بۇ تەۋەرۈك — خەلقىمنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي كۆكسىدە چاقناپ تۇرغان ئالتۇن مېدالىيون! ئەجدادلىرىمنىڭ باغۇ - بوستان، دەشت - داۋانلاردا قان - يىرىڭ ئارىلاش قالدۇرغان كۆمۈلمەس شانلىق ئىزى!

مەن ئەنە شۇ ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ قىممەتلىك تەۋەرۈكلەرنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيىمەن ۋە قەدىرلەيمەن. چۈنكى، ئۇلار ۋەتىنىمنىڭ بىباھا بايلىقى، خەلقىمنىڭ پەخرى، مىللىتىمنىڭ غۇرۇرى، ئەۋلادلارنىڭ شان - شەرىپى! مەن ھەر قېتىم تارىخ سەھنىسىدە كۆز قاماشتۇرغۇچى جۇلالىق نۇرلىرى بىلەن جاھان تاماشابىنلىرىنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىۋالغان ئۇلۇغ تەۋەرۈكلەرگە نەزەر سالغىنىمدا، قەلبىم پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا چۆمۈلۈپ، كۆڭۈل ئېكرانىمدا ئەجدادلىرىمنىڭ جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرغان گىگانت گەۋدىسى، ئۇلۇغۋار، يارقىن سىماسى گەۋدىلىنىدۇ.

مەن ئۇلار ئۆلمەس ھايات ئاتا قىلغان، بۈيۈك قىممەت بېغىشلىغان، كىشىلەر قەلبىنى قايىل قىلغان كۈچلۈك قۇدرەتكە ئىگە بۇ ھەقىقىي تەۋەررۈكنىڭ تەكتىگە يېتىش ئۈچۈن تەپەككۇر دېڭىزلىرىغا شۇڭغۇيمەن. ئاخىرى مەن دۇنيادا ئۇلۇغلۇق بابىدا يىگانە بولغان ئاجايىپ قىممەتلىك بىر مەنىۋى تەۋەررۈكنى تاپتىم. ئۇ بولسىمۇ ئەۋلادلىق بۇرچىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە ئەجداد ئۈمىدىنى ئاقلاشقا قەتئىي بەلباغلىغان كىشى ئۈچۈن ھەقىقىي قەدىرلەشكە ۋە قەلب تامىرىغا نەقىش قىلىپ ئويۇشقا تېگىشلىك بولغان تەۋەررۈكتۇر. ئۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەھرىمان، باتۇر، ئەمگەكچان، ئىجادكار روھى، ئالىيجاناپ خىسلىتى، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ خورىماس روھىي بايلىقى.

مەن ئاشۇ تەۋەررۈكلەر بىلەن سىردىشىپ، ھەقىقىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا باشلىغىنىمدا، قەلبىم قەرزدار كىشىدەك ئازاب ئوتىدا پۇچىلىنىدۇ.

ۋىجدان سوتچىسى: تەۋەررۈك — ئۆزۈڭنى زىنەتلەپ، باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىدىغان كىيىم - كېچەك، زىنەت بۇيۇملىرى ئەمەس، بەلكى سېنىڭ يالقۇنجىتىشىڭنى كۈتۈپ تۇرغان ئۇچقۇن، دەپ ۋارقىرايدۇ.

مەن خۇددى جىنايەتچىلەردەك پۇشايمان زىندانىغا سولانغان ھالدا ئۈمىد رۇجەكلىرىدىن كەلگۈسى ھاياتلىق دۇنياسىغا ئىشەنچ كۆزلىرىم بىلەن نەزەر سالغان ھالدا ئويلانماقتىمەن.

ئەجدادلار بىزگە قالدۇرغان تەۋەررۈكلەر — بىزنىڭ پەخرىمىز. لېكىن باشقىلارنىڭ ئەجرى ھېسابىغا پەخىرلىنىپلا ئۆتەمدۇق؟ ئەجدادلار بىزگە يەنە نۇرغۇنلىغان ئارزۇ ئۈمىدلەرنىمۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ بۇرۇنقىلار ياراتقان بايلىقلار ئۈستىدە تەلۋە كۈلكىمىزنى كۈلۈپ، ئەخمەقلەرچە ئۆز - ئۆزىمىزدىن مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىمىزچە راھەتلىنىپ يېتىش بىز ئۈچۈن نەقەدەر نومۇس - ھە!؟

ياق، بىز ئاشۇ ئوت يۈرەك ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادى. بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقىنى ئەجداد قېنى. بىزنىڭ روھىمىز ئەجدادلار روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان، قەلبىمىز ئەجدادلار خىسلىتى بىلەن سۇغۇرۇلغان. بىز ھۆر زامانىنىڭ ئەركىلىرى، بۈگۈنكى ئۈمىدۋار غۇنچىلار، ئەتىكى قەيسەر جەڭچىلەر.

بىز ئەۋلادلارغا ئۇلاردا ئىپتىخار، سۆيۈنۈش ۋە ھۆرمەت ھاسىل قىلغۇدەك گۈزەل ۋە پۇراقلىق بولغان ئىجاد گۈلدەستىلىرىنى تەقدىم قىلىشىمىز لازىم. مانا بۇ بىزنىڭ ئۇلارغا (ئەۋلادلارغا) قالدۇرىدىغان تەۋەررۈكىمىز بولۇپ قالغۇسى!

**ھاجى ئاتىكە مىرەخمەت**

# بۇلغانغان زېمىندىن ئۇخچىغان نالىلار

( نەسرلەر )

## تۇپراقنىڭ ئاھى

سۇس پورەك مۇنبەت جىسمىم چىردىمەكتە؛ گويا باغرىمنى كۈچلۈك زەھەر تىلغاۋاتقاندەك پاك ۋۇجۇدۇم زەئىپلىك ھالىتىدىكى سەكرات ئىچىدە قىلدەك تولغانماقتا. قاتلاملىرىمغا سىڭىۋاتقان دىماقنى ئېچىشتۇرغۇچى سېسىق پۇراق مېنىڭ ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان مول مەنبەلىرىمنى بىھۇشلۇق زەنجىرى بىلەن بوغۇپ تاشلاپ، خۇددى مېنى يوقىتىپ قويۇش گىردابىغا قوغلاپ بارماقتا. ئېچىنىشلىق تۇردىكى بۇلغىنىش، تەنلىرىمدە يۇلقۇنۇش قىلىسىمۇ پەيدا، نە ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولغاي، نە قايتا قايتا كۆرۈمسىز تۇسكە كىرگەن بەتبەشىرىلىك بەستىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولغاي! ئەپسۇس ... بۇنى كۆرەر كۆز، ئاڭلايدىغان قۇلاق يوق؛ ئاڭلاڭلار ئامۇخاس! مەن بۇلغىنىۋاتىمەن! كۈندىن - كۈنگە چىرىۋاتىمەن. مۇستەھكەم، كۆنۈكۈشلۈك ۋۇجۇدۇم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك لىكىشىپ، لىكىشىپ قېلىۋاتىمەن. تۇپراقلىرىمنىڭ خۇش ھىدى، ئاللىقانداق بىخسىغان سېسىق توزاننىڭ ئارىلاشمىسىغا ئايلىنىپ، كىشىلەرگە ئاچچىق سېخىلىق ئالقىنىمنى قورۇپ قويماقتا، سەزمەيۋاتامسىلەر؟ كۈندىن - كۈنگە بوشىشىپ كېتىۋاتقان ئۇستىخانلىرىمنىڭ مېلىقلىقىشى — دېھقانىنىڭ كۈتكەن مول ھوسۇللۇق ئارزۇسىدىن ئۆزگىچە يول تۇتماقتا. باغرىمغا پاتماي ئۇستىگە ئۆرلىگەن بىتاپلىقىمنىڭ بەلگىسى — قىرتاق ۋە ئاق كېپەكچىلەر، غەيرىي رەسمى قارا پۈۋەكچىلەر، شورتاڭلىقلار، زەي دېسە، غەلىتە پۇراقلىق يۇقۇندى ئازگاللىرى — مېنىڭ ئاغرىقلىقىم، ئىنجادلىقىمنى سىلەرگە كۆرسەتمەكچى، ئاگاھلاندۇرماقچى! ئىشىتىڭلار ئىنسانلار، مەندەك بىر خاكسار تۇپراق سىلەرنى ئۇچۇن مول نېمەتلەرنى ئۇندۇرۇپ، ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ ئاساسى يەشىلىق گۈزەللىكىنى ھالال مېھنەتنىڭ ئالتۇن تويى بىلەن جۇلالاشتۇرسا، سىلەر بۇ ئىرادىگە خىلاپ ھالدا ئىش قىلىۋاتىسىلەر، يىلدىن - يىلغا سۇنئىي ئوغۇتلارنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىپ، خامىنىڭلارغا بەرىكەت ئاتا قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر. بىلەمسىلەر؟ ماڭا ۋۇقۇۋەتلىك ۋە سىڭىشلىك بولغان يېشىل ئوغۇت، مۇنبەت قۇچىقىمنى گۈزەللەشتۈرگۈچى ماسلىشىشچان ئىلمىي مېھنەتنىڭ ئەجرى كېرەك.

ۋادەرىخ... ئۇستۈمدىن چېچىلغان سۇنئىي ئوغۇتلار ئاز كەلگەندەك، جىسمىمغا سىڭىۋاتقان كىسلاتالىق پاسكىنىچىلىقلار مۇ مېنى تۈگەشتۈردى؛ ماغدۇرۇمنى قۇرۇتۇپ، ئەقلىمنى لال قىلدى... ئاھ... مېنىڭ مۇنبەت باغرىم!

## سۇنىڭ نىداسى

مەن يىغلاۋاتىمەن... سىلكىنىپ - سىلكىنىپ ئىچىمگە سىغمايۋاتقان قايغۇلىرىمنى ماڭا مۆلدۈرلەپ تىكىلىپ تۇرغان ھەمراھىم — قىرغاقلىرىمغا تاشلاۋاتىمەن. ئۇلارمۇ يىغ- لاۋاتىدۇ، مۇڭلۇق شىلدىرلاشلاردىن لەرزىگە كەلگەن ساھىللاردىكى دەل - دەرەخلەر، گىياھ- لار غەمكىن سۈكۈتتە...

ئەسلىدە مەن سۈپ - سۈزۈك كۆمۈشتەك زىلال سۇ — ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ جېنى، ھاياتلىقىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئوزۇقى ئەمەسمىدىم؟!

ھازىر جىسمىمدا ئېقىۋاتقىنى — كىشىلەرگە ھايات بەخش ئەتكۈچى بىباھا قان ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ھۈجەيرىلىرىمنى، مولېكۇلىلىرىمنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان پاسكىنا سۇيۇقلۇق! بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان سېسىقچىلىق زەردىپى بار! ئۇ، تا- ياقچىسىمان مىكروبلارنىڭ لۈمۈلدىشىگە يول ئېچىپ، مەن ئارقىلىق بۇرادىرىم تۇپراقنى يەمچۈك قىلماقتا! مەندىن ئەقىللىق مەخلۇق ئىنساننىڭ غۇبارسىز باغرىغا ئېقىپ، ئۇلار- نىڭ دىيانەتلىك نەپسىنى بۇلغىماقتا! ئاھ... مەن يىغلاۋاتىمەن!

مېنىڭ ئاق خاسىدەك پاك كۆزيېشىم قان - يىرىڭ، سوپۇن، ئەخلەتلەرنىڭ سان- سا- ناقسىز توپى ئىچىگە قوشۇلۇپ ئۇمۇ بۇلغاندى!...

ئەسىرلەر داۋامىدا مەندىن تەشنالىقىنى قاندۇرغان سېخى يەر، ئاجىز جىسمى- بىلەن ئۆزلىرىگە ھەردىسە ئىلىك بىلەن تىكىلگەن ئىگىلىرىگە نېمىمۇ بېرەلەر، نېمىمۇ بېرەلەر؟

مېنىڭ چىرىتكۈچى سۇيدۇكۇمدىن زەھەرلەنگەن قايسى بىر ئاقىل ھەقىقەت پاكىتىنى دەستۇر قىلىپ، ژۇرناللاردا، گېزىتلەردە «بۇلغىنىشنىڭ زىيىنى» نى ئېلان قىلىشۇدى، ھەممە كىشى تەۋرەپ كەتتى، بىر مەزگىل تەرەپ - تەرەپتىن تىۋۇلىشىپ، تەدبىرلەر لايىھىسى- نى تۈزۈشتىيۇ، تېخىچە ئۈزۈل-كېسىل ساھىلىغا چىقالمىدى. ئاھ...خۇدا، ئۇلار مېنى بۇلغاشنىڭ خاتىمىسىگە ئەمەلىيەتچانلىق روھىغا باي، تەدبىرلىك ئىزدىنىشنى تۈزۈپ چىقسا نېمىمۇ بولار؟!

مەن يىغلاۋاتىمەن، ياراتقۇچىلىق ھايات نۇرۇمنىڭ تۈگەش ئالدىدىكى ھەسرەتلىك ئاھى بىلەن زار - زار يىغلىماقتىمەن. مەن كىشىلەرگە ھوزۇر، ۋۇجۇدىغا كۈچ، كۆڭلىگە شادلىق، رەنجىگە شىپا بولىدىغان، ئابى ھاياتتەك پاك زۇمرەت سۇ بولۇشنى خالايمەن! بۇلغىماڭلار ئىنسانلار، مەن سىلەرنىڭ نېمىتىڭلار ۋە جېنىڭلار!

## بىمارنىڭ زارى

مەن ئاچچىق - ئاچچىق ئىڭراۋاتىمەن. قاتتىق ئاغرىقتىن تۆت پۈكلەنگەن ئازاب- لىق ھالىتىم بىلەن تولغىنىۋاتىمەن. گويا ئاچچىق تولغاق يېگەن ئايالدەك، ئامالسىزلىق- تىن بوغۇلۇپ تۇۋۇلىغان چۈشىنىكسىز ئاۋازىم، جىمجىت بالنىتسا ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا قىلماقتا.

«ئاھ خۇدا، نېمە گۇناھلارنى قىلىشۇدىمكىن؟ ئۆزۈڭ كەرەملىك سۇپىتىڭ بىلەن كە- چۈرگەيسەن» دېگەن كۆڭلۈمدىكى ئىلتىجايىم بىلەن كېچە كۈندۈز ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالغان

قالايمىقان پىكىرلىرىمنىڭ ئىزىنتقۇ قۇيۇنىدا پېقىراپ ئىڭرايمەن. داۋالاشلار نەتىجىسىدە ئالغان بىردەملىك ئارامىلىرىم، تۇيۇقسىز قوزغالغان كۈچلۈك ئەسەبى ئاغرىق زەربىسىدىن ئاللىقايا قىلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ-دە، يەنە تولغىنىمەن، ئىڭرايمەن، قوللىرىمنى قاساپ، ئۆزۈمنى تىتىپ تاشلىغىدەك بولىمەن.

بۇرادەر، بۇنى نېمە كېسەل دەمسىز؟ ئەپسۇس... بۇنى مۇشۇ چاققىچە دوختۇرلارمۇ دېمىدى، ئۆيۈمدىكىلەرمۇ غىلىڭ قىلمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدە بىر خىل غەمكىنلىك ۋە ئېچىنىشنىڭ ئۇچقۇنى غۇۋا چاقنايدۇ. شۇڭا مەن كېيىنكى چاغلاردا بۇنىڭ قانداق تۇر مۇدھىش ساقايماس بىر كېسەل ئىكەنلىكىنى خىرە-شىرە چۈشەنگەندەك بولدۇم. چۈنكى، دىئاگنوزى ئېنىق ئۇقتۇرۇلمىغان كېسەل — راكتە، راك! بۇ دەھشەتلىك ئەجەل پۇراپ تۇرغان ئۇقۇمدىن شۈركىنىپ، يىرىلغۇدەك بولىمەن. ئامالسىزلىقنىڭ يوقلۇقىدىن ھەسرەتلىنىپ، قايغۇلۇق خىياللارغا چوڭقۇر پاتىمەن...

كۆز ئالدىمغا، گۈزەل مۇنبەت مول ھوسۇللۇق ئالتۇن تۇپرىقىم ۋە ئۇنىڭ قوينىدا ئېسىل نېمەتلىرى بىلەن يۈز ئاچقان سۈرەتتەك بىر دۇنيا — بوستانلىق يېشىل ۋادا، باغلىرىم كەلدى. بۇنىڭدىكى سەرخىللىقىدىن كۆرە، تاتلىقلىقىدىن يۈرەكلەر ئويناپ، ۋۇجۇدلار ئېرىپ كېتىدىغان ئاشۇ شېرىن مېۋىلەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھەر خىل كېسەللەر سەۋەبىدىن يىلدىن-يىلغا ئاستا-ئاستا تۆكەپ كەتتى. بەزىلىرى بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن مەشۇقىغا چىدىمىغان ئاشىقتەك قۇرۇپ، قاخشال ئوتۇن بولدى. بىردىنلا ئېسىمنى يىغدىم؛ مېنىڭ كېسىلىممۇ ئۇلار يولۇققان ئىللەتتىن بوپ قالمىسۇن يەنە؟

كۆز ئالدىمدىكى بۇ ۋەھىمىلىك ھادىسىدىن ھەر قانچە ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، قورقۇنچلۇق ئەسلىمىلىرىمنى كاللامدىن نېرى قوغلىساممۇ بولمىدى. ئاخىرى سەل ئەقلىمنى تاپقاندەك بولۇپ، بىر ئاز ھوشۇمغا كەلدىم.

دەرۋەقە، چىرىگەن تۇپراق، بۇلغانغان سۇ — جىسمىمنى كېسەل، روھىمنى زەئىپ، ئەقلىمنى كوتا قىلىپ قويۇشقىمۇ قادىر ئوخشايدۇ. ئېسىمدە، بىرچاغلاردا قىرغاقنى ئۆزدىنىڭ زۇمرەتتەك غۇبارسىز چەشمىسى بىلەن يۇيۇپ-تاراپ، ياسانغان قىزدەك كۆركەملەشتۈرگەن ئۆستەڭلەردىكى سۇلىرىمىز — ھازىر بۇخسۇپ كەتكەن قاپقارا كۆرۈمسىز لاتقىلىرىنى تاشلاپ ۋە چايقاپ، قىرلارغا، قاپتاللارغا ئۆزلىرىنىڭ يىرگىنىشلىك نىجاسەتلىرىنىڭ كۆرۈمسىز ئىزىنى قالدۇرۇپ قويىدىغۇ؟ ئىچىشكە رايىمىز بارمىسىمۇ، كۆزىمىزنى يۇمۇپ ئوتلاپ يۇرۇپ، سەسكىنىشتىن كۆڭۈل كۆشكە، ئامالسىزلىقتىن ئادەتلىنىشكە ئۆتۈپ قالدۇق؟

ھەر يىلى دوختۇرلارنى پايپاسلىتىپ، رەھبەرلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ يۇگۇرتكەن يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ يامرىشى شۇڭا ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس بولسا كېرەك.

كېيىنكىلەرگە قالدۇرىدىغان نەسىھەتىمنىڭ خەيرلىكىدىن سۆيۈنگەن، چۈشىنىكسىز گۇمىد بىلەن خىتاب قىلدىم:

قېرىنداشلىرىم! بۇلغانغان مۇھىتتىن تامچىلىغان زىيانلىق سۇنى ئىچمەڭلار! زىنھار ئىچمەڭلار!

ئابدۇرىشىت سەلەي

## مەرىپەت قىزىنىڭ قەلب كۆيى

— ھاجى ئانىكە مىرەخمەتنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا



ئوقۇتقۇچى — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى. ئۇنىڭ بىلىم ۋۇجۇدى چىن ئىنسانىي پەزىلەت بىلەن يۇغۇرۇلغان. قەلبى — كەۋسىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئۇ جاپالىق، ئەمما شەرەپلىك ئەجرى بىلەن دەۋرگە ياراملىق، خەلققە كېرەكلىك مىڭلىغان ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ پۈتكۈل جەمئىيەتكە قىممەتلىك بايلىق يارىتىدۇ. شۇڭا پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇنىڭغا چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، قەلب تۆرىدىن پەخىرلىك ئورۇن بېرىدۇ.

قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى، لېكتور ھاجى ئانىكە مىرەخمەت دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ قەلب تۆرىدىن ھۆرمەتلىك ئورۇن ئالغان ياخشى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا قەشقەردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن مۇنەۋۋەر ئايال ئاپتورلارنىڭ بىرى.

ھاجى ئانىكە مىرەخمەت 1945-يىل 10-ئايدا قەشقەر شەھىرىدىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى سودىگەر ئادەم بولغاچقا، سەپەر تەسىراتلىرىغا باي ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم سەپەردىن قايتىپ كەلگىنىدە، سەپەر جەريانىدا كۆرگەن-بىلگەن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئائىلىسىدىكىلەرگە قىزىقارلىق ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. ئاتىسى سۆزلەپ بەرگەن سەپەر ھېكايىلىرى ئانىكەمگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان. ئانىكەم ئاتىسىنىڭ ياردىمى بىلەن چاغاتاي تىلىنى ئۆگىنىپ، ئائىلىسىدە ساۋادىنى چىقارغان. «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ بەدىئىي ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان.

ئانىكەم 1952 – 1962-يىللىرى قەشقەردىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. بۇ ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا كەسپىي دەرسلەرنى پىششىق ئۆگىنىشتىن تاشقىرى، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل كلاسسىك يازغۇچى – شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن ناۋايى بىلەن نىزارىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن.

ئانىكەم ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىللار ئاپەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر زىيالىيلار ناھەق قارىلىنىپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە ئېغىر

ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەن قاباھەتلىك يىللار ئىدى. ئاتىكەممۇ ئاشۇ ئىنقىلابنىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە ئۇچراپ «ئائىلە كېلىپ چىقىشى يۇقىرى» دېگەن سەۋەب بىلەن يولى يىراق، قاتنىشى قولايسىز، شارائىتى ناچار چەرچەن ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىندى. لېكىن ئۇ قىڭغىر شامال، تەتۈر ئېقىملارغا قىلچە باش ئەگمەي، ئىسيانكارلىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان بىر مۇنچە شېئىرلارنى يازدى، ئۇنىڭ ئۆتكۈر شېئىرلىرى بىر ئۇچۇم زوراۋانلارنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، ئاتىكەمگە كۆپلىگەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ روھىي جەھەتتە بارغانسېرى قەيسەرلىشىپ جەمئىيەتنى، ئادەملەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئاپەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قارا بۇلۇتلۇق كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ ئېلىمىز ئاسمىنى سۈزۈلگەندە، ئاتىكەم ئانا يۇرتى قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ، دەسلەپ شەھەرلىك 10 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىدا تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاتىكەمنىڭ ئۆمۈر كىتابىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. ئاتىكەم دەسلەپ «جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»دىن كېيىن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دىن دەرس ئۆتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتۈشتە ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈردى. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» بىر قەدەر مۇرەككەپ، ھەجمى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، چۈشىنىش قىيىنراق دەرس بولۇپ، بۇ دەرسنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىدا ئەرەبچە، پارسچە ۋە چاغاتايچە تىللاردىن پايدىلىنالايدىغان سەۋىيە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاتىكەم ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغان چاغاتاي تىلىنى پىششىقلاش ئاساسىدا كەچكۇرسلاردا ئۈچ يىل ئەرەبچە ئۆگىنىپ بۇ تىلدىمۇ مەلۇم ئاساس ياراتتى. لۇغەتلەردىن پايدىلىنىپ پارسچە ئۆگەندى. شۇنداق بولغاچقا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا كۆپ ئۇچرايدىغان يۇقىرىقى تىللاردىكى ئاتالغۇلارنىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىپ ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىر نەزمىلىرىنى توغرا تەھلىل قىلالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ، بۇ دەرسنى باشتىن ـ ئاخىر تەلەپكە لايىق ياخشى ئۆتۈپ كەلدى. ئاتىكەمنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئۆتكەن بىر قانچە قېتىملىق ئوچۇق دەرسى، ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەتتىن كەلگەن دەرس ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ «ئۈلگىلىك دەرس» دەپ بېكىتىلدى ھەمدە مەكتەپ بويىچە مۇكاپاتلىق دەرس ئۆتۈش پائالىيىتىدە يۇقىرى باھالاندى. ئاتىكەم دەرس ئۆتكەندە كونا ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىپ «ئەسەر مەزمۇنى ئارقىلىق تەھلىلگە يېتەكلەش»، «دەۋر شارائىتى ئارقىلىق مەزمۇن بەلگىلەش»، «مۇلاھىزە ئارقىلىق دەرسنى پىششىقلاش»، «سوئال ئارقىلىق تەپەككۇرنى ئۇرغىتىش» قاتارلىق جانلىق يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كلاسسىك مەدەنىي مىراسلارغا توغرا ۋارىسلىق قىلىش كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ باردى.

ئاتىكەم كلاسسىك ئەدەبىياتتىن دەرس بېرىش بىلەن بىرگە، ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، تەتقىقات ساھەسىدە مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ 1980 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر ئون پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى. بۇ ماقالىلەردىن ئۈچ پارچىسى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. «ئەمەلىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلى» ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىسى 1986 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۆتكەن يىلى 10 - ئايدا قەشقەردە چاقىرىلغان 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «قۇتادغۇ بىلىك ئىلمىي تەتقىقاتى» يىغىنىنىڭ گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە ئوقۇلغان «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى دىنىي چۈشەنچىلەر توغرىسىدا، دېگەن ئىلمىي ماقالىسى مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ھاجى ئاتىكە مىرەخمەت ئوقۇتۇش كەسپىگە پىششىق، ئىقتىدارلىق بىر ياخشى خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاممە ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر چىن ئىنسانىي پەزىلەت ئىگىسىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئىجادىيەتچى ئۈچۈن يالغۇز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىلا كۆرۈش كۇپايە قىلمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ پەزىلىتىنى كۆرۈش كېرەك.» گەرچە ئاتىكەم يازغان ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما پەزىلىتى يازغانلىرىدىنمۇ كۆپ ۋە تەسىرلىكتۇر.

بىر قانچە يىللاردىن بۇيان دۆلەت مالىيە جەھەتتە ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئاتىكەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئىقتىسادىدىن ئۈچ مىڭ تۆت يۈز ئاتمىش بەش يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن خالىسانە ئىئانە قىلدى.

بىر مەزگىل جەمئىيەتتە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا نامۇۋاپىق قائىدە - يوسۇنلار باشكۆتۈرۈپ، ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئاتىكەم بۇ خىل نامۇۋاپىق قائىدە - يوسۇنلارنى توسۇش يۈزىسىدىن «قەشقەر گېزىتى» دە «نامۇۋاپىق قائىدىلەر راستىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمۇ؟»، «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ كىشىلىك ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىكى ئەدىبلەرنى ئۇچراشتۇرۇش، ئالىملارنى ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت، ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنى ئىتتىپاق قىلىشىپ ئالغا بېسىپ، مىللىتىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

ئاتىكەم يېقىندا ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ماسلىشىشى ھەم قەشقەردىكى رەھبىرىي ئورۇنلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئىگە - چاقىسىز قىزلارنىڭ يامان يولغا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى

يېغىپ تەربىيىلەش مەقسىتىدە «يېتىم قىزلارنى تەربىيىلەش مەكتىپى» قۇرۇش خىزمىتىگە پائال ئاتلانماقتا.

پەزىلەتلىك قەلەمدىن تەسىرلىك كۈي تۇغۇلىدۇ.

ئاتىكەم 1964- يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «يول» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ھاياتىنى باشلىغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بىر يۈز يىگىرمە پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، يىگىرمە پارچىغا يېقىن نەسرىي ئەسىرى، ئون پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ئاخباراتى «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئىلى دەرياسى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «ھاياتلىق ئىشەنچى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاياللار ئەدەبىياتىنى باھالاش يىغىنىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئانا» ناملىق نەسرى «قەشقەر گېزىتى» تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «مەرىپەت سەھنىسىدىكى تۇلپار» ماۋزۇلۇق ئەدەبىي ئاخباراتى «شىنجاڭ گېزىتى» تەرىپىدىن رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا؛ «چىن ئىنسان مەرسىيىسى» ناملىق نەسرى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «مەرىپەت چېچەكلىرى» ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1987 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھەج ئەسلىمىلىرى» ماۋزۇلۇق زىيارەت خاتىرىسى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەللىكتىن ئارتۇق كىتابخان ھاجى ئاتىكە مىرەخمەتكە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ئىجادىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلىدى. ئۇلار خېتىدە: «گەرچە بىز ھەجگە بارمىغان بولساقمۇ، سىز يازغان ھەج ئەسلىمىلىرىنى ئوقۇپ، ھەج قىلغاندەك بولدۇق، شۇنداقلا بۇ ئەسلىمە ئارقىلىق چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارنىڭ ۋەتەنگە تەلپۈنگەن ئوتلۇق يۈرىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق» دەپ يازغان. ئاتىكەمنىڭ نەشىر قىلىنغان «يامغۇرلۇق كېچىدىكى چاقماق قىلىق ئويلار» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) ناملىق نەسىرلەر توپلىمى يېقىندا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

ھاجى ئاتىكە مىرەخمەتنىڭ مائارىپ ۋە ئىجادىيەت ساھەسىدە ياراتقان بىر قاتار تۆھپىلىرى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇناسىپ قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئاتىكەم 1981 - يىلى قەشقەر شەھىرى بويىچە «مۇنەۋۋەر تەربىيىچى» شەرەپ مېدالىغا، 1984 - 1985 - يىللىرى مەكتەپ بويىچە «مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» مۇكاپاتىغا، 1987 - يىلى ۋىلايەت بويىچە «مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى» بولۇپ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 1988 - يىلى ۋىلايەت بويىچە «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى شەرەپ مۇكاپاتىغا؛ 1989 - يىلى مەملىكەتلىك «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» شەرەپ مېدالى ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ھاجى ئاتىكە مىرەخمەت ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر تىل-ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ھاجى ئاتىكە مىرەخمەت مائارىپ ۋە ئىجادىيەت ساھەسىدە چارەك ئەسىر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى ماڭغانسېرى ئۇزارماقتا. بىز ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىي ئىشلىرىغا يەنىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

ئابابەكرى تۇيغۇن

# شېئىرلار

## بۇلاق

چۆمۈلۈپ تاتلىق، تاتلىقھېس ــ تۇيغۇغا،
شادلىنىپ ئولتۇرىمەن قىرغىقىدا.
قەلبىمگە شۇڭغۇيدۇ بىر راھەت، ھوزۇر،
ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ماڭا باققىنىدا.
مەن ئاشۇ كۆيۈك بىلەن سىردىشىمەن،
خىياللار تولپارىغا مىنگىشىمەن.

ئىچكەندە سۈيىڭنى مەن لەززەتلىنىپ،
دەيمەن: كىم ناۋات سالغان سۈلىرىڭغا؟
ئاڭلايمەن قۇلاق يېقىپ يېقىن كېلىپ،
ئىخ، ئەجەب مەپتۇن بولۇپ كۆيلىرىڭگە.
بار ئىدى ساڭا تولا سوئاللىرىم،
سۆزلىسەڭ سىرلىرىڭنى ئۇقار ئىدىم.

ئېھ، بۇلاق بۇلدۇقلايسەن، شىلدىرلايسەن،
كۆلەمدۇ شۇ ئېقىشتىن ئارمانلىرىڭ؟
ۋە يەنە ياپراقلارغا پىچىرلايسەن،
ئايانمۇ ئۇندا تاتلىق خىياللىرىڭ؟
مېنىڭمۇ سېنى دوراپ ئاققىم كېلەر،
زېمىنغا مەخمەلدىن تون ياپقۇم كېلەر.

## ئانا ۋە بۇلاق

تال تېگىدە بىر ئىنسان جۇشقۇن،
ئۈمىد تولغان قەلبى كۆي تۆكەر.
ئۇ بىر تاتلىق سۆيگۈگە تۇتقۇن،
كۆز ئالدىدىن ئەتىسى ئۆتەر.

مىراسخورى بولغۇسى بوۋاق،
ۋىلىق ــ ۋىلىق كۈلەر ئېتەكتە.
قاردەك سۈزۈك، كىرسىز ماھى ئاق،
ئوخشاپ كېتەر يۇمران چېچەككە.

يېپى سۇغۇرلار ئانا تارىلىپ،
توقۇلماقتا يەنە بىر ئىنسان.
تۈسى، ئۆچەر بىر چىراي ئۆڭۈپ،
يەنە بىرى نۇرلىنار بۇ ئان.

## كۆي ئاقىدۇ يېشىل قىرلاردا…

جىلۋىلىنەر زەڭگەر رەڭ ساما،
زەر سۈيىدە قېنىق تاۋلىنىپ.
كۆك مايسىزار، كۆك يېشىل دەريا،
دولقۇن ئاتار رەڭگىگە قېنىپ.

تەبىئەتنىڭ شوخ سەلكىنىدە،
يېنىك چالغۇپ نازۇك كۆي تۆكەر.
ئاسمان بىلەن زېمىن بىر تۇستە،
گىرەلىشىپ چېتىلغان لەۋلەر.

شۇ لەۋلەرنىڭ ئوتتۇرىغا مەن،
سىڭىمەكتىمەن بولۇپ لىرىكا.
چايقىلىشار قىر سۆيۈپ لەۋەن،
يادلاپ تەكرار ناخشامنى گويا!

## بولسۇن قۇتلۇق سۆيگۈمىز

يېڭى ناخشا تاپتىم يەنە بىر،
ئۇ ئوخشىماس كونا مۇقامغا.
ئايان شۇندا قەلبىمدىكى سىر،
بۇ سىر يوشۇرۇن پىنھان ئىراق ئەمما.
ئاھ! ئۇ ئۆتكەن كۈننى ئەسلەشلەر،
دەردلىرىمىزنى سالمىسۇن ئەسكە.

ئۇ ئىشلارنى ئەسلەش بەك خەتەر،
ئۇنتۇش يەنە چۈشىدۇ تەسكە.

تىلىكىم شۇ ساڭا سۆيگۈنۈم،
ئىككىلىمىگىن ئويچان ۋە غەمكىن.
ئۆتسۇن پارلاق ئەتەم – ئۆتكۈنۈم،
لال قىلمىسۇن تەشۋىشلەر لېكىن.
سۆيگۈمىزنى كۈتەر كەلگۈسى،
كۈتەر يەنە جىمجىت ئورمانلار.
ئاھ! سۆيۈملۈك كۈنىمىز تېخى،
كۈتەر بىزنى خىلۋەت پىنھانلار.

يەر بېغىرلاپ ئۇچقان شوخ شامال،
تال – تال ئۆرۈم چېچىڭنى تارار.
تۇيرىقىڭنى سۆيۈپ بىمالال،
قۇچىقىڭدا ئەركىلەپ ئوينار.
شۇ شامالغا مىنگەن ھېسلىرىم،
سېنىڭ بىلەن بىللە ھامانە.
خىيالەتتە ئۆتەر كۈنلىرىم،
ئەركىن، بىراق، ھەسرەت خۇپىيانە.

قىتئىلغاندەك دەريا – دەرياغا،
كۆل چۈشمىگە كىرگەندەك باھار.
پايانى يوق چەكسىز ساماغا،
ئاي نۇرىنى تۆككەندەك تال – تال.
چېتىلسۇن شاد ئىشقى مېھرىمىز،
بۇ مەڭگۈلۈك كۈتكەن تىلىكىم.
بولسۇن قۇتلۇق ئەبەد سۆيگۈمىز،
تىلىكىم شۇ مەڭگۈ دىلبىرىم.

**ياسىن ئىمىن**

# شېئىرلار

### ئۈمىدىم قالدى

كەتتىم، قالدىڭ،
كۆزۈڭ مۆلدۈرلەر،
ئىندىمىدىڭ بىر ئېغىز سۆزگە.
نېمە مەنا يوشۇرۇندىكىن،
مۆلدۈرلىگەن جۈپ قارا كۆزگە.
يۈرىكىمدىن تىلەيتتىم شۇنى،
بىرنى سۆيۈپ ئۇزاتقان بولساڭ.
كەتمەسىمىدى يۈرىكىم ياپراپ،
بوپتۇ، – دېدىم قالدى ئۈمىدىم،
ماڭا ئېيتىشىنغان ۋاقتىڭنى ساقلاپ.

### قايرىلىپ بىر قارساڭ

تۈن ئىسپىدە ئېغىر ئۇيقۇدىن،
ئويغاندىم لېۋىدىنى تامشىغىنىمچە،
چۈنكى مەن سۆيۈپ –
كۆرگەنىدىم سېنى چۈشۈمدە.
لېكىن بەك غۇۋا،
سەن كۆكتە يۇلتۇزدەك،
مەن تۇراتتىم كوكۇم ئىچىدە.
ئۇھ،
راستىنلا چاڭقىغانىدىم،
بىراق،
سورىماس ئىدىم ئۇسسۇزلۇققا چاي،
بەر دېمەيتتىم ۋە ياكى شاراب.
قاناتتى،
شۇ تەشنالىقىم،
بىرلا باقساڭ قايرىلىپ قاراپ.

### سەمىمىي سادا

دەيدۇ ۋارقىراپ سەبىي بالىلار:
مېھرىبان ئانا!
قەدىرلىك دادا!
نېمە ئاجچە پاك، قانداق چاراقلىق،
ئېرىشىمەسمۇ تاغۇ – تاشلارنى،
بۇ سەمىمىي سادا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com


AltunOq

## مەن يىغلىدىم

— بىر چولپاننىڭ خاتىرىسىگە

مىليون ئەسىرلەر باغرىدا سىققان،
ئەللەيلەپ كەلگەن ھەتتا تەقدىرنى.
ھەممىنى ئۆزى يىغانە،
كۆتۈرۈپ كەلگەن شۇ كەڭ كائىنات،
سىغدۇرمىدى شۇ بىر چولپاننى،
پۈتسۇن دىدىمىكىن بىر ئاقلا ھايات.
بەلكى كۆرمىگەندىمەن،
كۆزۈمدە باردۇر يا بىرەر نۇقسان.
ياق،
كۆرۈۋاتىمەن ھەممىنى مانا،
پەقەت يوق شۇ —
مەن ئىزدىگەن يىگانە چولپان.
تاقەتلىرى تاق بولۇپ ئۈنىڭ،
يا قەرەلسىز كۆكتىن ئاقتىمۇ؟
ئۇزۇن زامان كۈتكەن ئاشىقتەك،
ئانا يەرگە باغرىنى ياقتىمۇ؟
ئانا كۆزىدىن تۆكۈلەر يامغۇر،
تولغىنىدۇ بار ئېقىن — دەريا.
بىر سۈكۈتتە توختىمىغان نەپەس،
دادا كۆكسىدە قاينايدۇ ماگما.
كۈنۈ — تۈنلەر يىغلاپ قاقشىدىم،
نېمە چارە،
ئاخىرى شۇنى ئويلىدىم:
يىغلىشىم نېمە، تىلەكلىرىمچۇ،
بىر چولپان ئالدىدا،
مەن نېمە ئىدىم.

**مۇھەممەت مۇسا**

## شېئىرلار

### ئانا قەسىدىسى

سەپەرگە يول ئالدىم مەنزىلىم يىراق،
جان ئانام خوش دېدى، مېنى ئۇزىتىپ.
دېدى ھەم ھىجراندا چەكمىگىن پىراق،
ئۈمىدىم گۈلىنى قويما توزىتىپ.

جان ئانام كۆزىگە ئالدى ئىسسىق ياش،
مەگزىدىن دومىلاپ چۈشتى بىر تامچە.
مەن دېدىم: «يىغلىما سەن نۇرلۇق قۇياش،
مەن سېنىڭ مېھرىڭدىن كۈلگەن گۈل-غۇنچە.

— ئۈمىدىڭ گۈلىنى باغرىمغا تېڭىپ،
مۇشكۈلگە دۇچ كەلسەم قىلىمەن قالقان.
رەقىبنى قەددەمدە مات قىلىپ، يېڭىپ،
قىلىمەن شەرمىسار، كۈكۈم ۋە تالقان.

سەن بەرگەن ئاق سۈتنى ئاقلىماق پەرزىم،
ئىزدەن دەپ ۋىجدانىم چۈشۈردى پەرمان.
پەرمانىڭ بىجىرمەك يىگىتلىك قەرزىم،
بۇ يولدا جان ئۈزسەم قىلمايمەن ئارمان.

سەپەرگە يول ئالدىم مەنزىلىم يىراق،
قاناتلىق تۇلپارىم يۇلقۇنۇپ ئۇچار.
سەن بەرگەن سۆيگۈدىن كەچمەيمەن بىراق،
بولسامۇ ئەگەردە ئۆلۈمگە دۇچار.»

× ×

شۇ ئانام مىسالى ئانىجان ۋەتەن،
ۋەتەن دەپ بىر ئۆمۈر سوقار يۈرىكىم.
كۈلمىسە ئەجرىمدىن ئانا يۇرت — چىمەن،
تۇپراققا سىڭمەيدۇ ئۆلۈك — تىرىكىم.

### دەريادىن چاچرايدۇ كۈمۈش بۆژغۇنلار

مەنزىلىم يىراقتا، ئۆزۈم سەپەردە،
چۆللەردە ئىلھامچى بولدى يۇلغۇنلار.
تەپەككۇر قۇشلىرىم قاقىقاندا قانات،
دەريادىن چاچرايدۇ، كۈمۈش بۆژغۇنلار.

بوژغۇنلار قەترەدەك قونار ئاسمانغا،
يۇلتۇز بوپ تۈنلەردە يانار چاراقلاپ.
ھارغىن بىر ھالەتتە تىكىلسەم كۆككە،
پەرىزات مىسالى كۈلەر قاقاقلاپ.

دەريادىن چاچرىغان كۈمۈش بوژغۇنلار،
مايسىلار بەرگىگە قونار بىر - بىرلەپ.
زەر قۇياش نۇرىنى ياققاندا تۈنجى،
تۈمەننىڭ كۆزلەرنى قويار سىھىرلەپ.

### تۇشقاننىڭ لوگىكىسى

ئۆزۈم ئۈچۈن يوللار ئاچىمەن،
باشقىلاردىن يىراق قاچىمەن.
كىمكى ماڭا كەلسە يېقىنلاپ،
يۈز - كۆزىگە توپا چاچىمەن.

شۇ ئىشىمدىن كۈلۈپ كېتىمەن،
پىنھان جايغا كۆنۈپ كېتىمەن.
رەقىبىمنى كۆرسەم قەيەردە،
قورقۇپ - تىترەپ ئۆلۈپ كېتىمەن.

**غەيرەت ھوشۇر**

## شېئىرلار

### يوقالغان مىراس

ئۆتكەن كۈنىڭنى ئۇنۇتما،
شىر چوروقىڭنى قۇرۇتما.
— خەلق ماقال - تەمسىلى

ئاراللارنى ئايلىنار دەريا،
كۆي تىڭشايدۇ ساھىلدا ئورمان.
ھورۇنلۇقتا شاماللار جانسىز،
چوققىلاردا ئەگىيدۇ تۇمان.

يار بېشىدا يىگانە قەبرە،
لاي... لاي ئېيتار خامانىدا موماي.
دەردمەن دىلىنىڭ يارىسىنى قوزغاپ،
كۆي قاتىدۇ خىزىردەك بوۋاي.

ياش تۆكىدۇ نىمجان مومايلار،
يۈرىكىنى تىترەتكەچ لاي - لاي.
كەچمىشىگە تۇتقاندەك ماتەم،
مۇڭلىنىدۇ چەكسىز زېمىن، ساي.

نېمە سىر بار، زادى بىلمىدىم،
ئەسكە سالار مىسكىن بىر چاغنى.
نەسلىمىزنىڭ قىسمەتلىرى بار،
ئۇلۇغلايلى مۇقەددەس تاغنى.

لاي - لاي ئوقۇپ ئەجدادلىرىمىز،
ئەسىرلەرنى كەلگەن ئۆزدىتىپ.
ئەپسۇس نەۋرە ئىز باسماي نېچۈن،
يۈرەر قىردا توپا توزدىتىپ؟...

### چۈشكە سىڭىپ كەتكەن خىياللار

قەتلە قىلغان چۈشلىرىمگە بۆلۈنۈپ،
تەنتەك ھېسلار دېڭىزىغا چۆمۈلۈپ،
ئوغرى خىيال قەبرىسىگە كۆمۈلدۈم،
جەننەتلەرنى سەيلى قىلىپ يۈگۈردۈم.

يۈرىكىمنى ئارتىپ قويۇپ قىتئەگە،
كۆۋرۈك سالدىم، جەسىتىمدە ئۇپۇقا.
تىلسىم بولۇپ تىنىقلىرىم قەلئەگە،
سىڭىپ كەتتى، ئىگە بولماي تۇتۇقا.

يەتتە قىتئە تۇپرىقىغا چېچىلدى،
پارە - پارە بولۇپ كەتكەن جەسىتىم.

قارا بوران روھلىرىمغا قېتىلدى،
تامچە بولۇپ ساھىللارغا ئېتىلدىم.

تۆت ئوكيانىدا شاۋقۇن سالار ئۈمىدىم،
زەر قۇياشقا سۇبھى بىلەن تېگىشىپ.
دەريالارنىڭ سۇلىرىنى سۈمۈردىم،
قۇملۇق بىلەن پىنھان جايدا ئېلىشىپ.

تۇتقۇن قىلدى خىياللىرىنى چۈشلىرىم،
سۈرگۈن قىلدى مۇز ئوكيانىنىڭ قوينىغا.

تورۇسلاردا ۋاسا سا ناپ كۆزلىرىم،
قول ئۈزاتتى ھىلال ئاينىڭ بويىنىغا.

## غەمسىز دۇنيا

ۋىسال ئىزدەپ قارچۇقلىرىڭدىن،
كۆز يېشىمدا ياسىدىم دەريا.
بىراق سېنىڭ قەلبىڭ تەختىدە،
غەم - ئەندىشىسىز تەۋرىنەر دۇنيا.

**ئابدۇرېھىم زۇنۇن**

# شېئىرلار

## دادامغا

ئاھلىرىڭدىن شاۋقۇنلار دېڭىز،
قىش ئالمىشار يازغا مېھرىڭدىن.
پەرزەنت ئۈچۈن تەقدىم بارلىقىڭ،
نۇر تۆكۈلەر تال - تال، چېھرىڭدىن.

غەزىپىڭدىن تىترەيدۇ زېمىن،
دۈم كۆمۈرۈلەر قانچە بۈيۈك تاغ.
كۈچ، غەيرىتىڭ، جاسارىتىڭدىن،
چۆلدە ھاسىل ھەردەم چىمەن باغ.

شادلىقىڭدىن كۈلىدۇ قۇياش،
چىن سۆيگۈڭدىن مەۋجۇت بۇ دۇنيا.
شۇڭا دەيمەن: سەن ئۇلۇغ تەڭرى،
ئالەم سېنىڭ ئىلكىڭدە گويا.

سەن بولغاچقا كۆركەم بۇ دۇنيا،
ئەي خىسلەتلىك مۆھتىرەم ئاتا.
سەندىن ئىشلار يۈكسىلىش تاپار،
قىلىپ بىزگە شادلىق، قۇت ئاتا.

ئالقىنىڭدا ئوينايدۇ دۇنيا،
تامچە تەرىڭ ياسايدۇ بوستان،

كۆپ توقۇلدى تارىختىن بويان،
ئەجىر - تۆھپەڭ شەنىگە داستان.

كۆپ توقۇلدى شەنىڭگە داستان،
پۈتمەيدىكەن، لېكىن سۈباتىڭ.
ئانام ئېيتقان ئوتلۇق ناخشىدا،
تەرىپلىنەر مەڭگۈ ھاياتىڭ.

## توي تەسىراتى

ناغرا، سۇناي قۇچتى پەلەكنى،
قىز - يىگىتنىڭ قۇتلۇق تويىدا،
تارتۇقلىدى دوستلىرى خۇشال،
توي سورۇنى — كۆلنىڭ بويىدا.

غۇلاپ چۈشكەچ كونا رەسمىيەت،
قىز ئاپتاپتەك كۈلۈپ ياپرايدۇ.
شوخ يىگىتنىڭ قەلبىدە شادلىق،
جانانىغا تويماي قارايدۇ.

يېڭى تويىنىڭ پەيزىدىن ھەممە،
يېڭى لەززەت، تەسىرات ئالدى.
چىن سۆيگۈدىن ۋىسال تاپقانلار،
توي ئەھلىنى «ئېسىت...»كە سالدى،

### بىر شائىرغا

چۇغلاپ قويدۇڭ ئىككى مىسراغا،
بىر داستانغا سىغار پىكىرنى.
شېئىر شۇنداق بولسا مەنىلىك،
سۆيۈپ ئوقۇر خەلقىم شېئىرنى.

### يوقاتقاندا بەختنى

بەخت قۇشى ئاھ، ئۈركۈپ كېتەر،
كىرىپ قالساڭ تۇيۇق يوللارغا.
سەندىن كېتىپ چوقۇم ئۆگىنەر،
قاداق باسقان ئىشچان قوللارغا.

بىر قەدەمنى ئالساڭ گەر خاتا،
تۇيۇق يولغا كىرىشىڭ چوقۇم.
ھەسرەت، ئەلەم قاپلار دىلىڭنى ئاھ،
توقۇلغاندا ھۆل، جۇل - جۇل توقۇم.

غەپلەت ئالار ئاخىر ئىلكىڭگە،
قارچۇققا ياغ ئالغان بىخۇتنى.
چىن بەختنىڭ يېتەر قەدرىگە،
يوقاتقاندا ھەركىم بەختىنى.

### ئەپلەيمەن

ھەر قېتىم كۆرگەندە سېنى مۇئەللىم،
ھۆرمىتىم قەلبىمدە ياسايدۇ قىيان.
ئۇرغۇپ سەن ئۈچۈنلا پاك مۇھەببىتىم،
تاشقىنلار، تۇرۇلۇپ مىسالى ئوكيان.

ئەسلەيمەن، مۇنبەردە تۇرغان چېغىڭنى،
ئەي، قەيسەر، مەردانە، كەڭ ئانت ئادەم.
چارلايمەن نۇرانە قەلب بېغىڭنى،
ھەسەل - بال يىغىشچۇن تېخى ھېلىھەم.

ئىككىلەنگەن قەلبىمگە ئابىدەك پۇختا،
سالالايمەن تا ئەبەد چىن مۇھەببەتنە.
بىر ئۆمۈر شەنىڭگە ياگرىتىپ ناخشا،
ئۇلۇغلاپ ئۆتىمەن، سېنى ھۆرمەتتە.

### تەسەللى

( بىر قىز تىلىدىن )

نىگارىم ئويۇنىشىپ ئاستا،
كۆڭلۈم ئالىماقا ئاتىما تاش؛
يېنىپ چۈشسە ئەگەر تەگمەي،
يېرىلغاي يۇمىلاق، ساق باش.

ماراپ پىنھان مېنى يارىم،
كېلىپ رويا پىقا، ئاتما قاش؛
لىغىرلاپ قالدى دىل توسىدام،
ئاياغ باسساڭ، ئالار يارقاش.

قەلب باغچامغا سوغ تەگسە،
ئاقار كۆزدىن كىرىستال ياش؛
ئەقىدەم گۈللىرى سولغاي،
چىلان تۇپراققا تاشلاپ باش.

مېنى دىلدىن سۆيەر بولساڭ،
بولۇپ قالما بىزەڭ، بەڭباش؛
سېنىڭمەن، مەيلى، قانداق قىل،
قويۇلسا بىر تېكىرگە باش.

ئەركىن ئەبەيدۇللا

## ساددا لىرىكىلار

### شۇندا قىممەتكەن؟

ئۆزگە جايدا تۇتۇلسا تىلىم،
يوقالمىسا چىرايىمدا قان؛
مەزمۇتلۇقۇم يوقالسا بىردىن،
پۇت - قولۇمدىن قاچسا ئەگەر جان؛

يادلىسام يار قېشىمدا بولساڭ،
ئالار دەرھال قويىنىغا شادلىق.
شۇندا قىممەتكەن بىلمىدىم، رەنا،
سۆيگۈ ئىچرە ئۆتكەن ھايا تىلىق؟!

## مەھەللەڭدە قالدى شېئىرىم

شېئىرنى سەن بەرگەنتىڭ بىراق،
مەھەللەڭدە قالدى شېئىرىم.
شېئىر قاپتۇ، دەمسەن يالغۇزلا؟
قالدى مېنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىم،
قالدى شېرىن ئۈمىد - تىلىكىم.

مەھەللەڭدە كۆرگەندىن بۇيان،
ساڭا ئەجەب قالدىم باغلىنىپ،
كۆرگۈم كېلىپ تۇرار سېنىلا،
سەن رەنجىمە مەندىن ئاغرىنىپ،
مەن يۈرەرمەن ئوتتا داغلىنىپ.

كۆرۈشكەندە مەن بىلەن ئىللىق،
كۈلگەن ئىدىڭ خۇمارلىق بېقىپ.
تەستە كەلسەم ئېسىمگە، خىيال—
دېڭىزىدا تۇرارمەن ئېقىپ...
سەن قېچىپسەن ئوتۇڭنى يېقىپ.

شۇندىن بېرى مەھەللەڭدە مەن،
سەن چىقمايسەن ئۆيۈڭدىن پەقەت.
چىقمىساڭمۇ مەيلى دەر ئىدىم،
يۈرىكىمدە ساقلانسام ئەبەد،
ئۈزۈمگە دەرد يەتسىمۇ قەۋەت.

## كەچقۇرۇندا سايرىسا كاككۇك

كەچقۇرۇندا سايرىسا كاككۇك،
سەن كېلەرسەن جانان، ئېسىمگە.
كېلىسەنۇ ھاياجان، ھېسلار،
تولۇپ كېتەر شۇئان ئىچىمگە،
سەن كەلگەچكە جانان ئېسىمگە.

«كاككۇك» ئېيتىپ باغدا بىر چاغلار...
بىز ئوينايتتۇق «مۆكۈ - مۆكۈلەڭ»
مېڭىپ ئاستا پۇتىنىڭ ئۇچىدا،
ھەر تەرەپكە سېلىشاتتۇق زەڭ،
قىزىتاتتۇق ئويۇننى بىز تەڭ.

ئىزدىسەم سەن يىغىلداپ كۈلگەچ،
سېنى تېزلا قالاتتىم كۆرۈپ،
قاچاتتىڭمۇ «كاپ» قىلىپ تۇتۇپ،
مەن مەڭزىڭگە ئالاتتىم سۆيۈپ،
سەن بوتنايتتىڭ قاپىقىڭ تۈرۈپ.

ئىللايتتىڭ - دە: «ئۆلۈك، ئەسكى» دەپ،
قىزىراتتىم مەنمۇ ئاناردەك،
ئېچىلاتتى تۇتۇلغان ھۆسنۈڭ،
بىر دەم تۇرۇپ خۇددى باھاردەك،
ئېچىلاتتىڭ، دەيتتىم: «مۇبارەك!»

كەچقۇرۇندا سايرىسا كاككۇك،
سەن كېلەرسەن ئېسىمگە، جانان.
ساڭا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت،
يۈرىكىمدە ساقلىنار ھامان،
سەنسىز ماڭا كېرەكمەس جاھان!

## ئەسلى ئۇنچە ئەمەستىم، نىگار

خېجىللىقتىن ئوت ئالسا يۈزۈم،
قوللىرىڭنى قويىسەن، ئاپئاق.
«كۆمۈرچىدەك چىرايىڭ سەت، قارا»
دەيسەن تېخى ماڭا قىپ چاقچاق.

نېمە دېسەم بولاركىن نىگار،
ئەسلى ئۇنچە ئەمەستىم، قارا.
ئىشقىڭ ماڭا يوپۇشقان بۇيان،
تېشىمغىمۇ تەپتى ئوت، يارا.

## چىرايىمدىن ئۆتكەنتىم، بىراق...

كېتىۋاتقانىدىم كوچىدا،
ياراڭلىشىپ مەن بوۋام بىلەن.
قايتىندۇر كەلدىڭ، ئۇزاتتىڭ—
بىر پارچە خەت، تولغىنىپ ئېۋەن.

AltunOq

سالاملاشتىڭ مەن بىلەن خۇشال،
چوڭ دادامغا قارار كۆزۈڭ يوق.
ئاق تۇماق، ئاق ئۆتۈكنى كۆرۈپ...
مازاقلىرىڭ بولدى گويا ئوق.
...........................

ئوقۇپ كۆرسەم خېتىڭنى پىنھان،
تۇنجى ماڭا قويۇپسەن تەلەپ.
دېمەك، كۆڭلۈڭ چۈشۈپتۇ ماڭا،
«ئىشقى ئوتۇم كېتىپتۇ ئەدەپ»

× ×

چىرايىڭدىن ئۆتتۈم، بوپتۇلا —
چىن سۆيگۈ ئۇ، تاللىماس چىراي.
چىرايىڭدەك قىلىقلىرىڭغا،
بىراق «جانان» مەن قانداق چىداي؟!

## چوغ قىلىپتۇ كۈلۈمنى پۈۋلەپ

— قىزىپ كەتتى، — دېگەنتىم — يۈرەك،
غۇنچە بويلۇق بىڭگۇر① چى قىزغا.
كۈلۈپ كېتىپ ئۇزاتتى بىڭگۇر،
ئوخشاتقاندا كۆزدىن يۇلتۇزغا.

مېڭىپ كەتتى قايرىلىپ قويماي،
«بۇ قىزدىقنى باسار چوقۇم» دەپ.
ئالداپتۇ ئۇ بولدى ئەكسىچە...
چوغ قىلىپتۇ كۈلۈمنى پۈۋلەپ.

## «ئېسىت» دېسەڭ...

(بىر بۇرادەرگە)

«بوۋاقلىقىم ياخشىدى زەپ» دەپ،
بالىلىقنى تىللىدىڭ بىر چاغ؛
«بالىلىقمۇ ئوبدانكەن» دېدىڭ،
ياشلىقىڭدا ماكان بولدى، باغ.
...........................

ياشلىقىنىمۇ ياخشى ئۆتكۈزمەي،
«ئاھ ياشلىقىم» دېگىنىڭ غەلەت.
ئىشلە ئەمدى، كېچىكمەس دەيمەن،
«قېرىلىقىم، ئېسىت!» دېسەڭ سەت!

## سوراپ باقىمەن

ياخشى سەن، دەپ يەلكەڭگە ئۇرسا،
سورىمايسەن «نېچۈن شۇنداق؟...» دەپ.
«ئانچە ئەمەس» دەيسەن ئۆزۈڭچە،
خۇش بولىسەن ئىچىڭدە ئەجەب.

«ياخشى!» بىلەن شادلانما ئاسان،
بىخوتلۇق بىل، ئاقىللىق ئەمەس.
كىم بىلەر ئۇ بىر كۈن كەچكەڭگە،
تىغ سالامدۇ، بولمىساڭ پەخەس.

•

## «مەيلى ئەمەسمۇ؟»

بەزىلەر دەر:
مەيلى ئەمەسمۇ،
ھەر ئامال قىلىپ،
قورساقنىڭ تويغىنىنى بىلىپ،
ئويناپ، كۈلۈۋالسا!

مەن دەيمەن:
بۇ، نومۇسسىزلىق!
شەرەپ ئەمەسمۇ —
ھارامنى يېگۈچە،
مەھقا ئۇسسۇپ ئۆلۈۋالسا!

•

① بىڭگۇر — چوكا مۇز.

غەيرەت غوپۇرى

# شېئىرلار

## قىشتىكى چېچەك پەسلى

كۆك ئىلاھى ياغدۇرغان چېچەك،
تېردىلدۇردى تۇپرىقىمدا گۈل.
دالىلاردا تورسىمان لىچەك،
گۈل ئۆزمەكتە قىشتىكى كۆڭۈل.

قاخشال بولغان ئۆرۈك ۋە ئالما،
چېچەكلەپتۇ چېچەك پەسلىدەك.
ساڭگىلىسا قۇياش بېغىمغا،
ئوت چاچرىتار شاپتۇل گۈلىدەك.

باغقا كىرىپ دەرۋىشلەر قاتار،
ئىق توشقۇزۇپ چىقتى ئېتەكنى.
شاخ قۇشىنىڭ چۈشىدە باھار،
قۇلىقىمغا قىسار چېچەكنى...

## تۆمۈر يولدىن ئۆتكەندە

باش قىش ئىدى، دالا گۈللىگەن،
قۇشلار ئاندا قوياتتى سايراپ،
جىلغىلاردا ئوت يوق كۆكلىگەن،
نېپىز مۇزلار قالاتتى چاقناپ.

نويابىرنىڭ ئەشۇ ئاخشىمى،
ئۆتتۈم تۆمۈر يوللارنى دەسسەپ.
ئېيتىمپ خىيال-ئانتى ناخشىنى،
بىر قىز ئۇندا تۇراتتى ئەسنەپ.

دالىمىزغا قارايتتى ئەنسىز،
ئاددىي بىر قىز ئەمەس پەرىشتە.
ئوت ھارۋىسى كىشنەر، يۈگەنسىز،
ھۆل توزغاقلار چۈشەر ئەرىشتە...

## ماگنىتلانغان ئوت

نىچۈن؟
ئەسەبىچە تۇتىشار بىر ئوت.
نىچۈن؟
ئەسەبىچە بولار پۇچىلا.
نىچۈن؟
ئەسەبىچە كۆيگەن يېشىل تەن.
نىچۈن؟
ئەسەبىچە بولار چۇچىلا.

## مەن مۇھەببەتكە ئۆچ

ھەي ئوت، كۆچ يۇرەكتىن، كۆچ!
غېرىب قىلدىڭ تۇغۇلغىنىمنى.
ئاڭلا، تۇت قۇلىقىڭ بىلەن،
سەن ئامراق، مەن ساڭا بەك ئۆچ...

## كۈلگىنىڭلارنى كۆرسەم زىبالار

كۈلگىنىڭلارنى كۆرسەم زىبالار،
ئاچچىق، ھەسرەتلىك قىلىمەن تەشۋىش.
يۈگۈرگەن يىلاندەك چاچلىرىڭلار دار،
دار ئالدىدا مەن ئۆلۈملۈك دەرۋىش.

كۈلگىنىڭلارنى كۆرسەم زىبالار،
يېردىلىپ كېتەر بېشىم پاراسلاپ.
ئوۋچى كۆزۈڭلار قىلار يارىدار،
ئارچىدەك تېنىم سۇنار قاراسلاپ.

كۈلگىنىڭلارنى كۆرسەم زىبالار،
ئون كۈنلۈك ئايغا بولۇپ زور چىكىت—
غايەت سۇئالدەك بولۇپ قىساسكار،
بولىمەن غەمكىن كالىيدەك ئېلېمېنت①

① ئېلېمېنتلار دەۋرىيە جەدۋىلىدە «كالىي» ئېلېكترون بېرىپ قويۇش خۇسۇسىيىتى ئەڭ كۈچلۈك بىر ئېلېمېنت.

### باھار پەلسەپىسى

ئاسمان تۆكمەدۇ ياشلىرىنى،
زېمىن تارايدۇ چاچلىرىنى.

### يوپۇرماق لىرىكىسى

شەپىسىز ھۇۋلاپ،
كەلدى بىر شامال.
بىر تال يوپۇرماق،
چۈشتى ئىغاڭلاپ.
چۈشكەن يېرىدىن،
چىقتى ياش قايناپ.

### سۆيگۈ دېڭىزىدا

ئۆزۈك يارىتىلىك
ناخشىلىرىمنى دىلبەر.
تېكىستىمنى ئوقىمايسەن بىراق،
بىلىۋال،
كىچىك بىر قولۋاق
ئۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ دولقۇنلىرىڭدا.
ئەنسىرەپ
خادا تاشلىرىڭدىن،
چېكىمدۇ پىراق.

**ئابدۇرېشىت بارات**

## يېتىرقىغان مىسرالار

### سەرگەردان ناخشا

پىراق يېڭدۇپ يۈرگەن ناخشىلار،
ساھىللاردا تۈنەيدۇ ھەر كېچ.
بۇندا دولقۇن مەيۈس تاسقىلار،
تىلەكلىرى ئارام بەرمىگەچ.

گوگۇم يىغىپ كەتسە تورىنى،
ناخشىلارمۇ قالار يېتىرقاپ.
دەريا ئېيتار ئۇنىڭ خورىنى،
ئاشىق شۇڭا قالماس تىڭىرقاپ.

شۇ ناخشىلار كېلىمدۇ چارلاپ،
مەشۇقىنىڭ تۇڭلۇكلىرىنى.
چۈشلىرىنى بۇزسا مارىلاپ،
قىز لىڭشىتار كىرپىكلىرىنى.

### دەس تۇرار يىگىتى، قىز ئۆلدى بىراق

ئوقلارنى ئارىلاپ ماڭار بىر يىگىت،
ئاشىقى ياش تۆكۈپ قالدى ئارقىدا.
يىگىتتە قورقۇش يوق، يالتىيىشمۇ ھەم،
قىز قورقۇپ ئېسەدەر تەنھا دالىدىدا،

ئوقلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنار ھەر ئان،
يىگىتتىن ھودۇقۇش قاچما قتا يىراق.
دەل شۇندا بىر پاي ئوق تەگدى يىگىتكە،
دەس تۇرار يىگىتى، قىز ئۆلدى بىراق.

### ئىتىرەك كېلەر ھۇجۇم قىلىپ تېنىمگە

ئانا بەردى ياشلىقىمنى بالىغا،
سەرپ ئەتتى ھەتتا يۈرەك قېنىمنى.
يىگىت قەلبى سېغىنماستىن ئانىغا،
ئاتا قىلدى سۆيگۈنىگە جېنىمنى.

ئانا ئۇلۇغ، سۆيگۈ ئۇلۇغ مۇقەددەس،
ئانا مېھرى بالا ئۈچۈن مەڭگۈلۈك.
يىگىت ئۈچۈن يارنىڭ يۈكى يۈك ئەمەس،
پېچىرلايمەن بۇ نېمە ئىش كۈلكىلىك.

سۆيگۈنىمۇ ئانا تۇغۇپ قويامدۇ،
بالا بىلەن قوشۇپ مۇشۇ زېمىنگە.
بەزىلەرنىڭ شۇ ئىشىنى ئويلىسام،
ئىتىرەك كېلەر ھۇجۇم قىلىپ تېنىمگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**ئابدۇرېھىم غازى**

## ئەككى شېئىر

### ناخشىلار

ناخشىلار — رىشتىلىك دىلنىڭ سىماسى،
ئوقۇيدۇ ئىنسانلار ئوتلۇق مېھرىدىن.
ئالەمنى قاپلايدۇ ئۇنىڭ ساداسى،
ئەكس ئېتىپ ئاينىڭمۇ سۇلغۇن چېھرىدىن.

شۇنچە كۆپ ناخشىلار كەتتى ساماغا،
زىلال سۇ چۆللەرگە كەتكەندەك سىڭىپ.
ئاۋازى يالدامە بولدى جىراغا،
ياتىدۇ تاغلارمۇ باغرىغا تېڭىپ.

دەريالار، دېڭىزلار دولقۇنلىرىدا،
ئاڭلىساڭ سېھىرلىك ناخشىلار تولا.
تاڭ سەھەر گۈللەرنىڭ ياپراقلىرىدا،
ناخشىلار شەبنەمدە قىلىدۇ جۇلا.

كەچلىرى يوللاردا، كوچىلاردا ئۇ،
تاڭ ئاتسا ئوتقاشتەك شەپەق قوينىدا.
بەزىدە شېرىن چۈش كۆرۈپ ئۇخلايدۇ،
ۋە بەزى نامايەن يۇلتۇز بوينىدا.

### مېنى مەجنۇن ئەيلىدى پىراق

مېنى مەجنۇن ئەيلىدى پىراق،
ئاھلىرىمنى ئاڭلارمۇ دۇنيا.
بۇ ياشلىقتا يارالغان قوشاق،
قۇلاقلارغا يەتمەمدۇ ۋە يا.

مېنى مەجنۇن ئەيلىدى پىراق،
كۆز ياشلىرىم بولارمۇ دەريا.
ئاشۇ گۈزەل بولماي دىل چىراغ،
ھەسرەت بىلەن ئۆتەيمۇ تەنھا.

مېنى مەجنۇن ئەيلىدى پىراق،
بوران ئىچرە قالغاندەك گىياھ.
«مۇھەببەت» دەپ بىر بەرگى قىياق—
سىزسام ئەگەر، قان بولسۇن سىياھ.

**مەتنۇرى ئۆزھال**

## شېئىرلار

### جاسارەت كىرپىكلىك ئۇخلىماس يۇلتۇز

كېلىنچەك ئولتۇرار ئۈستەل ئالدىدا،
ئاق قۇزلار ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ.
يىگىتى سۆيۈنۈش ئىچرە تۆشەكتە،
ئولتۇراز بىتاقەت ئاڭا تىكىلىپ.

ئەمدىلا ئويغانغان ياش ئاينىڭ نۇرى،
قوشۇلدى ئۆيدىكى چىراغ نۇرىغا.
يىگىتنى تەۋرەتكەن ئەشۇ كۆرۈنۈش،
ئۇلاشتى شۇنچە تېز رەڭگارەڭ تاڭغا.

ئولتۇرار ئۈستەلنىڭ ئالدىدا جۇۋان،
ئاق قۇرلار ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ.
ياشلىقنى يوقاتقان جۈپتى ئولتۇرار،
بالىلارنىڭ يېنىدا كىتابنى ئېچىپ.

### ئازاب سەزسۇن قانداقچە كاۋاپ؟

قاپتۇ كۆنۈپ ھەسرەتكە يۈرەك،
ئاھ، قەپەزگە كۆنگەندەك بۇلبۇل.
بولغا نىمكىن ھەسرەت كۆكمىدە،
مۆلدۈر كەبى تەدرىجى ئۇ يول.

يەر تېگىدىن باقتىم ساڭا كۆپ،
بۇرۇنقىدەك سەزمىدىم ئازاب.
بىلسەم كاۋاپ بوپتۇ يۈرىكىم،
ئازاب سەزسۇن قانداقچە كاۋاپ؟

## كۆز نۇرۇم تۇنگەن گۈزەل ئاتۇش

كۆز نۇرۇم تۇنگەن ئەي گۈزەل ئاتۇش،
ئەنجۈرۈڭ ياپرىقى ياشلىقىم تەختى.
تاغلىرىڭ ئۈستىگە چېچىلغان ناخشام،
سەن بەرگەن ئىلھاملار ياشلىقىم بەختى.
ئەنجۈرۈڭ ياپرىقى ياشلىقىم تەختى.

ياشلىقىم كۈيىنى ئېيتتىم سېنىڭدە،
جانانغا ئاتالغان سۆزلىرىمنى ھەم.
تىنىقلار سىڭىشكەن ئەنجۈرلۈكىڭدە،
ئىزدىمىز تۇرىدۇ يالقۇنجاپ ھەردەم.
جانانغا ئاتالغان كۈيلىرىمۇ ھەم.

**ئاتاۋۇللا ئەھەت**

## ھايات ناخشىسى

يۈرىكىم بەئەينى ئۇخلىماس تەمبۇر،
چالىدۇ تاڭغىچە ئاق چاچلىق بوۋام.
تىڭشايدۇ نىچۇنكى ياش تۆكۈپ دائىم،
نەچچە مىڭ يىللارنى بىلگۈچى مومام.

باللىرىم ياتىدۇ شېرىن چۈش كۆرۈپ،
بىرسىنىڭ قولىدا تۇرار بىر قەلەم.
چۈشىدە ئالدىنىپ قالدىمىكىن ئۇ،
مەسۇمە يۈزىدە ھەسرەت ۋە ئەلەم.

بىرسىنىڭ بېشىدا تۇرار بىر كىتاب،
بىر كىچىك ئۇچقۇ ۋە كىچىك راكىتا.
(چۈشىدە ساماغا بېغىۋاتامدۇ؟)
ياش سىرغىپ تۇرىدۇ كۆزىدىن شۇندا..

# شېئىرلار

## يېپىق سۆيگۈ

بىر - بىرىگە ئاشىق يۈرەكلەر،
ئوت ئالاركەن قەلب ئىچىدە.
لېكىن مەقسەت بولالماي ئىزھار،
تۈتەپ يۈرەر ئۇلار چېھرىدە.

ئۆزى تاتلىق، ئاچچىق خىياللار،
قۇچىقىدا تولغىنار ئۇلار.
بىلىپ بولماس ئازاب ئورنىنى،
ئالار قاچان ئوتلۇق ئارزۇلار.

## كەل ئامرىقىم

كۆيۈپ يۈرسەم قاچاندىن بېرى،
سېزەلمىدىڭ بۇنى سەن نىگار.
بىلسەم سەنمۇ كۆيۈپ يۈرۈپسەن،
لېكىن قېچىپ يۈرۈيسەن بىكار.

ئازاب بىلەن تولغان يۈرەكلەر،
بىلىشەلمەي يۈرۈپتۇ ئىگراپ.
يوق ئىككەنغۇ بىزدە مالاللىق،
كەل ئامرىقىم، ئوينايلى شۇ تاپ.

## ئانا ئەجرى

خىياللار دېڭىزى ئېپ كەتتى مېنى،
نەپىسىم ئانامنىڭ كۆكسىدىن چىقىپ.
دوستلىرىم، ئانىمىز قىلغاچقا پەرۋىش،
ياشىدۇق خورلانماي نۇرلۇق كۆز ئېچىپ.

تۇرۇلسا ئانامنىڭ قاپىقى سەندىن،
كائىنات ئاچمايدۇ ساڭا خۇش - چىراي.
ئانامنىڭ يولىغا سۇ سەپ ياش بىلەن،
بەرگىن ھەم قەلبىڭدىن ئاڭا بەخت - جاي.

## كۆلەڭگە

يۈرىكىمنى قىلىدۇ قامال،
ساھىللاردا يول سېلىپ دىلبەر.
مەن كېلىمەن قىرغاقنى بويلاپ،
يارقىن نۇرغا چۆمگەندە بۇ يەر.
يۈرەر ناخشام پەردىگىنى ۋېقىپ،
سەن يار ئۈچۈن گۈلخانىنى يېقىپ.

ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى

# مىفتاھۇل ئەدەب

## (ئەدەبىيات تىلىنىڭ ئاچقۇچى)

«مىفتاھۇل ئەدەب» (ئەدەبىيات تىلىنىڭ ئاچقۇچى) — مەشھۇر ئالىم، نوپۇزلۇق جامائەت ئەربابى، قەتئىي ئىرادىلىك ئىسلاھاتچى، تالانتلىق شائىر، ۋەتەنپەرۋەر ھەم مەرىپەتچىل زات ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى (ئەزىزى) نىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نەشىر قىلىنغان يىگىرمە پارچىغا يېقىن ئىلمىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارىسىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن بىرى.

تۆۋەندە تەرجىمىسى بېرىلىۋاتقان 1 - قىسىم كىتابىنىڭ تولۇق ئىسمى «مىفتاھۇل ئەدەب، لىفەھمى **كالامۇل ئەرەب**» (ئەدەبىيات تىلىنىڭ ئاچقۇچى، ئەرەب تىلىنى تونۇتقۇچى) بولۇپ، ھىجرىيە 1328 - يىلى تاشكەنت غۇلامىيە مەتبەئەسىدە ئەرەب تىلىدا بېسىلغان بۇ كىتابقا ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئەدىبلەردىن ئەبۇل ئەلا مەئەررى، تەقىيىددىن، ئەبى تەممام، تاھىر ئىسكەندەرى، ئىبراھىم شەبراۋى، ھارۇنىر رەشىد، ئىبنى رۇمى، ئەبى مۇسلىم خۇراسانى، ئابدۇلقادىر جىلالى قاتارلىق يۈزدەك مەرىپەتپەرۋەر زاتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىكى رۇبائىي، قىتئە (پارچە)، قەسىدىلىرى ئىچىدىن مەزكۇر كىتابنىڭ مەقسەت ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان قىسمىنى «ئۆزۈندە» ئېلىش شەكلى بىلەن تاللاپ ئالغان ئىككى مىڭ مىسراغا يېقىن شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، سەككاكى، تەجەللى مۇجەللىيدەك ئۆز كلاسسىكلىرىمىزنىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن. بولۇپمۇ تەجەللىينىڭ «تىلگە ئەشرەتۇن كامىلە، لئەشرەتىن فازىلە» **(كامالەت ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولغان ئون كىشىگە بېغىشلىما) دېگەن شېئىرى بىلەن «قەسىدە تىسىل غەررا» (پەخىرلىك ئىنسان ھەققىدە قەسىدە)** ناملىق ئەسىرى تولىمۇ ئېتىبار بىلەن كىتابنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

«مىفتاھۇل ئەدەب» ئالاھىدە مەقسەت ۋە ئالاھىدە شەكىلدە تۈزۈلگەن يىغىنچە بىر مەجمۇئە بولۇپ، ئاپتور ئۆز مۇددىئاسىنى 1 - قىسىم كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«مەندەك بىر كەمىنە ئاجىز ۋە ناقىسلىقىمغا باقماي ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنى مەنپەئەتلىك بىلىملەرنى ئىگىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش نىيىتىم بىلەن ئەرەب خەلقىنىڭ مەشھۇر دىۋانلىرىدىن... ۋە تارىخ جەھەتلەردىكى يېقىملىق شېئىرلار ئىچىدىن مەنىسى ۋە بايانى، ۋەزنى ۋە قاپىيىسى ئەرەب ئەدەبىياتى قائىدىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مەزمۇنلارنى تاللاپ، بۇ مەجمۇئەنى تۈزۈپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «تەلخىسىل مىفتاھ» (سەككاكىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى) دىكى بەزى شېئىرلار بىلەن بۇ مەجمۇئەگە زىننەت بەردىم، بۇ مەجمۇئەنى تۈزۈشۈمنىڭ مەقسىتى، بۇ ئىككى قىسىمدىكى ئاجايىپ سېھىرلىك ۋە چوڭقۇر مەنالىق سۆز بايلىقلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ كامالىتىنى تېزلىتىش». «مىفتاھۇل ئەدەب» ئۆز ھەجمىگە نىسبەتەن سىغدۇرغا مەزمۇنىنىڭ موللىقى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنىڭ يۇكسەكلىكى بىلەن چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە كۈچلۈك رېئاللىق ئەھمىيەتكە ئىگە بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

بىز بۇ توپلامغا ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن ئەبىل ئەلا مەئەررى (مىلادى 973 - 1058) دىن تەجەللى (مىلادى 1850 - 1930) گىچە ئارىلىقتا ئۆتكەن كۆپلىگەن ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھوزۇرلىنىش بىلەن بىللە X ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگىچە بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، تۇرمۇش - ئىدىيىۋى ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت، ئىنسانىي خىسلەت ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز، ئەسەر — بىز پايدىلىنىدىغان تۇرمۇش دەرسلىكى، ئوخشاشلا تارىخ دەرسلىكىدۇر. بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ئەنە شۇ يەردە.

ۋەتەننى، ئىلىم - پەننى، ئەمگەكنى سۆيۈش؛ ئادىل، سەمىمىي، راستچىل بولۇش؛ ۋاپادارلىق، قەيسەرلىك، ئەخلاقىي پەزىلەتلىك ۋە يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولۇش، كونىچە ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئىسلاھاتنى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە كېڭەيتىش قاتارلىق مەزمۇنلار بۇ ئەسەرگە باش تېما قىلىنغان. بۇخىل ئالىيجاناب روھ بۈگۈنكى كۈندىمۇ روھىي ئوزۇق ۋە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. مانا بۇلار ئەسەرنىڭ ئۇلۇغ رېئال ئەھمىيىتىدۇر.

— تەرجىمە قىلغۇچىدىن

# بىرىنچى قىسىم

# يېقىملىق ۋە يېتۈك شېئىرلار ھەققىدە

## بىرىنچى باب

## ھېكمەت ۋە ھېكمەتكە مۇناسىپ تىل ھەققىدە

### (1) ھېكمەت توغرىسىدىكى شېئىرلاردىن

بەزى ئۆلىمالار ئېيتىدۇ:

تەگرىنىڭ ئىنسانغا كۆپتۈر تارتۇقى،
ئەقىل ۋە ئەدەبتىن يوقتۇر ئارتۇقى.

ئەقىل ۋە ئەدەب ھەر ياشنىڭ جامالى،
ئۇنىڭسىز ھاياتنىڭ بولماس كامالى.

پەزىلەت كۆپ ئىرۇر بۇ ئالەم ئارا،
ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەلىيۇل - ئەلا.

ئىلىمدۇر - بىباھا، قازسا پۈتمەس كان،
ئىلىمدىن غەيرىسى كىمگە ئەسقاتقان؟!

ئىلىملار ئىجادلىق بىرەر مەڭگۈلۈك،
بىلىملىك — ھاياتتۇر،
جاھىللار① — ئۆلۈك.

ئى ياش بىل، جاھىللىق نومۇستۇر بىشەك،
نادانلىق زۇلمىغا رازىدۇر ئېشەك.

× ×

ئۇيلا ئەي جەمىيەتنىڭ چاكىرى ئىنسان،
قۇل بولۇپ جەمىيەتكە بولما پەرىشان.

جەمىيەتنى پەزىلەت بىلەن ئاسرىغىل،
جەمىيەت - ياق، جانىدىدۇر ھاياتنىڭ نىشان.

× ×

ئەبىلئەلا مەئەردى ئېيتىدۇركى:

ئۆمۈردۇر ھاياتتا قىممەتباھالىق،
زۆرۈردۇر ياشىماق شەرمى - ھايالىق.

قۇدرىتىڭ يەتسىلا ئەلگە نەپ يەتكۈز،
زىيانلىق ئىش قىلماق كۆڭلى قارالىق.

× ×

ھەقىقەت گەۋھىرىن سۆزىمىكى ھەق - راست،
تەپەككۇر بەھرى② گە شۇڭغۇغان غەۋۋاس.

بولسىمۇ ياتقىنىڭ قاراڭغۇ بىر چاھ③،
ئەقلىنى يۈگەرتسەڭ نۇرلۇق ئارامگاھ.

مەسلىھەت ئەقىلدە، غەيرىگە باقما،
ئەقىلدۇر ھەممىدىن ياخشى رەھنىما.

ئىبنى ۋەردى ئېيتىدۇ:

پەزىلەت تاپقۇسى كىمكى تىرىشچان،
بىنېسىپ قالغۇسى ھورۇن ۋە مىشچان.

ھەرنىمىكى - ئىلىمدۇر، ئۆگەنگىن تولۇق،
دۇنيا دەپ ھەممىدىن قالمىغىن قۇرۇق.

---

① جاھىللار — ئاڭسىزلار، نادانلار، بىلىمسىزلار. ..
② بەھرى — دەريا - دېڭىز مەنىسىدە ئېلىنغان.
③ چاھ — قۇدۇق.

«تەلىمنى كىم بېرەر؟» - دەپ ۋايىم يېمە،
ھىممىتىڭ چوڭ بولسا ئاسان ھەر نېمە.

ئىلىم ئال رەقىبكە ئېتىلغان يوسۇن،
بېغىشلار ئىلىمگە چىن ئەمەل ھۆسۈن.

گۈزەللىك، نەھۋى①گە سۆزۈك بىخلاپ،
بولسا ھېچ ئىشىڭدىن چىقماس ئىختىلاپ.

ئى ئاقىل ئاتا ھەم ئاناڭغا كۆيۈن،
شۇل يەڭلىغ شېئىر نىڭگە بىمىننەت سۆيۈن.

(بۇ تەجنىستە: «ئاتا-ئاناڭدىن سىلى-رەھىمنى ئايىمىغانىدەك شېئىرى نۇتۇققا ئەھەمىيەت بەر، لېكىن شېئىرنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە تاما قىلغۇچى بولما» دېگەن ئۇقۇم بار. ئەرەبلەردە شېئىر ئېيتىپ پۇل ئېلىش ئادىتى بولغان).

شائىرلىق سەنئىتىكى خىسلەتنىڭ خوپى،
نومۇسقۇ بوپ قالماق تاماخور سوپى.

بايلىقتۇر بوي بەرمەس بىر قاچقۇن مەۋھۇم،
قوغلاشساڭ ئىززەتتىن قالىسەن مەھرۇم.

بىلەمسەن، نادانلار ئۆتتۈشتى غېنى،
ئالىمنىڭ بىھاجەت ئۆتكىنى قېنى؟

ۋادەرىخ… غەم يۇتقان نى - نى كۈچتۈڭگۈر،
مۇرادقا يەتكەن كۆپ تۇخۇ يۈرەك بار.

ئىشەنمە مەڭگۈ دەپ ئەسلىم②ۋە پەسلىم③،
يىگىتكە بىردىنبىر مەدەتكار ئىلىم.

بوتا④ دا تاۋلىنىپ زەر بولغانىدەك ساز،
سەبىلەر پەزىلگە كېپىل خوپ ئۇستاز.

ۋە نەرگىس⑤ ئاچقانىدەك تىككەن ئىچرە گۈل،
ياخشى پىر - كامىلنىڭ شاگىرتى بۇلبۇل.

قولىدا ھەر ئىنساننىڭ قەدرى - قىممىتى،
باھاغا لايىقتۇر گەۋھەرى - ھىممىتى.

بولمايدۇ ھېچكىمشى رەقىبتىن خالى،
تاغدا ھەم ساقلىنىش يوق ئېھتىمالى.

سەۋرى قىل قوشنىلار بولغانىدىنمۇ كاج،
ئورنۇڭنى بەر ئاگا كەلسەڭ نائىلاج.

ھەزەر قىل شاھلاردىن ھەر قاچان ئاقىل،
ئۆچلەشمە ئۆزۈڭدىن بولسا كىم قابىل.

ھۆكۈمدار بولمىغىن قىلسىمۇ دەئۋەت،
مالامەت قىلسا ھەم سەن قىل مۇرۇۋۋەت،

ئەمەلدار بولدۇڭمۇ ئەل نىسپى ئۆچمەن،
ئادالەت قىلساڭمۇ تۈگىمەس دۈشمەن.

قىلمىغىن بىھۇدە پەس ئارزۇ ھەۋەس،
ئەقلىنى ئىشلەتكەن نىجات تاپقاي، بەس.

سېغىنغان يەرگە بار، مۇھەببەت ئاشار،
كۈتمىگەن مېھماندىن ساھىپخان قاچار.

قۇياشقا بولۇت ھېچ قىلمىغانىدەك كار،
ئېيتەلمەس يوقسۇزلۇق پەزىلەتنى خار.

قىلمىچنى ساپتىن تۇت، باقما غىلاپقا،
ئالدىنىپ قالمىغىن تونغا - نىقاپقا.

ئاجىزلىق بىكىنىپ ئۆيدە ياتماقلىق،
ئاساندۇر ئىززەتنى ھېكمەت تاپماقلىق.

ئېقىنقىكى بەدبۇيدۇر تۇرغۇن سولۇق جاي،
سەير⑥ قىپ تولغاندۇر ئۇن تۆتكۈنلۈك ئاي.

---

① نەھۋى — گرامماتىكا.
② ئەسلىم — كېلىپ چىققىشىم، نەسەبىم.
③ پەسلىم — دەۋرىم، شۆھرىتىم، مەنسەپىم.
④ بوتا — زەرگەرنىڭ ئالتۇن تاۋلايدىغان ئوچىقى.
⑤ نەرگىس — تېنى بىر خىل سېرىق پورايدىغان گۈل ئىسمى.
⑥ سەير — ئايلىنىش، ھەرىكەت.

## (2) نەسىھەت ھەققىدە

ماشايىق(ئالدىن كۆرەر پېشىۋا) لارنىڭ ئېيتقىنى:

باق ئوغلۇم خەلقىڭگە ئىللىق كۆز بىلەن،
ۋە كۆرسەت مېھرىڭدىن لۇتفى ئىنايەت.
كىچىككە رەھىم قىل، چوڭىغا ئىززەت،
ھەققىڭگە قول سوزۇپ قىلما خىيانەت.

× ×

ياخشىلىق ئۇرۇقىدىن قىل زىرائەت،
بولماي دۇ كۆچ زايا، ئۈنىدۇ ھامان.
«ئۈنمىدى تېزرەك» دەپ بولما نائۈمىد،
باھاردا تېرىغان كۈز ئالار خامان.

بەزى سېخىلەر ئېيتىدۇركى:

زورلاپ قىل ساخاۋەت، يوق بولسا رايىڭ،
بولغۇسى ياخشىلىق مەڭگۈ ھەمراھىڭ.

بەزى پېشىۋالار ئېيتىدۇركى:

تەشنا سەن، شارابقا كەلتۈرۈپ شۈبھە،
قايتۇرساڭ بارمىدۇر ئۇنىدىن يىغۇبار؟
ئەخلاقىي پەزىلگە شۇدۇر كۇپايە:
سېنىڭدىن ئەل ئېۋەن تاپماق بوپقا ترار.

× ×

چىرايىڭنىڭ ھۆسنىگە تولىمىقى بىلەن،
ياخشى خۇلق، پەزىلەت شەرتى تولامدۇ؟
تۆمۈرنىڭ پارقىراق بولمىقى بىلەن،
«يەمەندىن چىققان» دەپ ئېيتىپ بولامدۇ؟!

× ×

پەزىلەت تاپمىسا ھاشىمىي ① زاتى،
ئاتىلار ئەل ئىچرە باھىلى ② ئاتى.

× ×

ئەقىلدۇر بىر زىننەت، سۆكۈتتۇر - سالىم③
نوتۇقنى بىزۆرۈر قىلما بىر مەررە.
سۆكۈتكە پۇشايمان قىلمىغان ئالىم،
ئورۇنسىز بىر سۆزگە خېجىل مىڭ كەررە.

× ×

ھەر قانداق كېسەلگە بولسىمۇ دورا،
ئەخمەقنى داۋالاش ئۈچۈن يوق چارە.

## (3) قازايى قەدەر ھەققىدە

شائىر تەقىيىدىن ئېيتىدۇركى:

ھەمدۇكى ④ ئاللاغا، قىلمىغان ھەرىكەت،
ۋە لېكىن كەتمەكتە ئۆمۈردىن بەرىكەت.

گويا ئاي تولۇشچۇن سەير ئەتكەندە،
پەلەك ⑤ زىت ⑥ چۆرگىلەپ قىلماس دەر-
ھەمەت.

× ×

يەنە بەزىلەر ئېيتىدۇر:

ئۆتۈشكەن ئالەمدىن نى - نى كۈچتۈڭگۈر،
ھالالەت رىزقىغا يېتەلمەي زىنھار.

ھەم باركى شادىمان ئۆتكەن زەئىپلەر،
خالىغان جايدىن سۇ ئىچىپ ئىختىيار.

بۇ نە ئىش، نەسىردۇر، بىزگە نامەلۇم،
ھەممىنى بىلگۈچى ئۇلۇغ بىرۇ بار.

شافى (ر) ⑦ ئېيتىدۇر:

ھېلە قىپ ۋەج تېپىش كويىدا يۈرگەن،
يۇلتۇزغا ئېسىلىپ تۇرسىمەن دېگەن.
ئەقىلدىن رىزقىنى تېپىپ يەي دېسە،
سالىدۇ بايلىقمۇ ئاقىلغا كېشەن.

---

① ھاشىمىي — ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەرتىۋىلىك قەبىلە.
② باھىلى — مەرتىۋىسى ئەڭ تۆۋەن قەبىلە.
③ سالىم — سالامەت، خاتىرجەم مەنىسىدە.
④ ھەمدۇكى — سېغىنىمەدىكى.
⑤ پەلەك — ئاسمان، ئەپلاتون تەقدىر.
⑥ زىت — قارىمۇقارشى، تەتۈر.
⑦ شافى (ر) — شافى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللا رازى بولغۇچى شافى)

«دەرياغا سەكرىسەڭ قاچقانىدا ئامەت،
سۇغا يىمپ بولىدۇ» — دېسە، راست ئىشەن.

ئەگەردە يۈزلەنسە بەخت ۋە تالەي،
مېۋىلەر قۇرۇق شاخ خىيالىي تىككەن.

مۇنۇنى ئېيتقۇچىنى ئاللا ياخشى قىلسۇن:

ئول ئەدەب ئىلىمگە بولما كۆپ ھېرىس،
ئازدۇرۇپ كېتەر ئۇ بەزى تار يولغا.
ئەدەب ۋە پەزىلەت بەختىڭگە خېرىس،
قىلاركى، جاھىللار چىقىپ كەتكەك سولغا.

(بۇ كۇبلېتتە: بىلىم ئۆگىنىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، تۇرمۇشۇڭنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلمىسەڭ، تاماخور بولۇپ قالىسەن دېگەن ئۇقۇمۇ بار)

ئەبى تەممام ئېيتىدۇ:

غېنىدۇر بىر كۈنلەر كىمكى جاھىلدۇر،
تارتىدۇ مۇشەققەت كىمكى ئالىمدۇر.
ئەقىلدىن پۈتىسىلا پۈتۈن تەمىنات،
ئۆلمەمدۇ ئەقىلسىز بارچە ھايۋانات!؟

(بۇ يەردە: ئىلىم بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ، تەقىل بىلەن ھەركەتنىڭ بىرلىكى تەكىتلىنىدۇ)

بەزىلەر ئېيتىدۇ:

بەزىلەر ئېرىشكەن ئالىي مەرتىۋە،
كەلگەنىدۇ قەيەردىن؟ ئالەم تەئەججۇپ.
زامان چاقىلەكمۇ ھۆكۈز چۆگىلەتكەن؟
ياق، ئۇنىڭ چۆگىلىشى ئۆز تەبىئىگە خوپ.

(بۇ يەردە: ھەر قانداق ئىشنىڭ ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، بىرەر ئىشتا نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش زۆرۈر دېمەكچى)

× ×

شۇ دەمدە ئالىيدۇر پەسنىڭ دەرىجىسى،
ۋە يوقتۇر ئۇلۇغنىڭ جاي، مەرتىۋىسى.

بۇ خۇددى سۇدا خەست، تاپ لەيلىگەندەك،
ۋە دۇررى - گۆھەرلەر ئاستىن چۆككەندەك.

ئەبى تەممام ئېيتىدۇ:

(قىتئە)

كىمگىكى پەزىلەت قىلىنسا ئاتا،
شۇ ھامان ئۇزىرار ھەسەتخوردا تىل.
كۆيدۇرسەڭ ئارچىنى بۇي تارقىغاندەك،
ياخشىلار نامىنى ھەسەتخوردىن بىل.

ئەبىل ھەسەنتتاھامى ئېيتىدۇ:

(قىتئە)

قۇياشنى ئەكسىگە قايتۇرۇش گويا،
سۇغا ئوت ياقمەن دېمەك، بىگۇمان.
شۇل يەڭلىغ ياخشىكۈن كۆرمەس ياخشىلار،
ياخشىغا ئاداۋەت تۇتقاچ شۇ زامان.

تاھىر ئىسكەندەرى ئېيتىدۇ:

(قىتئە)

يۇمۇلسا ئىلكىڭدە بەختىنىڭ كۆزى،
نى دەھشەت خەتەر ھەم ئوڭۇشلۇق ئۆتەر.
سائادەت ئەنقاسى (1) بېشىڭغا قونسا،
جەۋزا (2) نىڭ چۇلۇۋرى قولۇڭغا ئۆتەر.

(ئەگەرسا ئادەت ساڭا يۈزلەنسە يۇلتۇزنى ئاغامچىدا باغلاپ خالىغان تەرەپكە ھەركەتلەندۈرەلەيسەن دېمەكچى)

## (4) ۋاپا ۋە دوستلۇقنىڭ كەملىكى ھەققىدە

(قىتئە)

ھەقنى دوست تۇت ئاقىل چىكدىلىك بىلەن،
خالايىق دەرگۇمان، بەكمۇ ھەزەر قىل.

(1) ئەنقا ― ... بار، جەننەتتىكى ... بەخت قۇشى.
(2) جەۋزا ― ساما ... يۇلتۇزى ....

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قارىساڭ تەپەككۇر كۆزۈڭنى ئېچىپ،
شەكىلدۇر ئادەمدەك، ئەسلى - چايان، بىل.
× ×

دوستلۇق — ئۇ، ئېزىتقۇ، تېپىلماس ئەسلا،
گويا ئۇ — ئىسمى بار، جىسمى يوق ئەنقا.

ئەفۋاھىل ئەۋدى ئېيتىدۇركى:

كۆرمىگەچ ھېچكىمدىن دوستلۇق مېھرىنى،
تۇرىمەن مەككاردىن يىراق مىڭ قەدەم.

كۆرمىدىم: دوستىغا يۈزلەنسە قازا،
ئاداۋەت تۇتقاندىن قەبىھ ئىشنى ھەم.

ئاچچىقلار تەمىنى كۆرسەممەن تېتىپ،
يوق ئىكەن تىلەشتىن ئاچچىقراق ئەلەم.
× ×

(قىتئە)

ئۆزگىنىڭ نەرسىسىن قىلمىغىن تەلەپ،
تاماخور ئادەمدىن دوستلىرى بىزار.
كىشى خار بولماققا تامادۇر سەۋەب،
ھەتتا: «پول نەدە؟»— دەپ سوراشتىن قىزار.

ئىبراھىم شەبراۋى ئېيتىدۇ:

سورىسام خالايىق: «يىرىق تۇرغاندا دوست،
ۋاپاغا يول بارمۇ؟»— دېدى ئېچىنىپ.
ھۆر ئىنسان پېشىنى تۇتقىن راۋۇرۇس،
چىن ھۆرنى تاپما قىمۇ قىيىن ئىزدىنىپ.

ئەبى بەكرىل ئەرجانى ئېيتىدۇ:

(قىتئە)

«قاباھەت كۆنلەردە ۋاپا قىلغۇچى—
بارمۇ؟»—دەپ خەلقنى ئىمتىھان قىلدىم.
تەييار كىمن؛ رەنجىمگە خۇشال بولغۇچى،
شادىمغا ھەسەتخور، بىگۇمان بىلدىم.
× ×

ھارۇنىر رەشىد ئېيتىدۇ:

(قىتئە)

ئىكەنلىغۇ ئەھدىباز بىرادەرلىرىم،
دەشتى قۇم يىلانى نەشتىرى كۆچلۈك.
تۈگەشتى ياخشى دەپ ئىشەنگەنلىرىم،
شورتاگدا بىكارغا كەتكەندەك ئۇرۇق.

بەزىلەر ئېيتىدۇ:

چىقارسام جىق شاگىرت مەرگەن قىپ ھامان،
تۇنجى رەت ئوقىغا بولدۇمەن نىشان.

ئىبنى رۇمى ئېيتىدۇ:

دەپتىمەن دوستلارنى ساۋۇت① دەپ ھەرچاغ،
رەقىبنىڭ ياسىدا بولۇشتى ۋاشاغ.

يەنە بەزىلەر ئېيتىدۇ:

(قىتئە)

گەر قىلساڭ دۈشمەندىن ھەزەر بىر ھەررە،
دوستلىرىڭ پەيلىدىن ساقلان مىڭ كەررە.

نىيىتى بۇزۇلغان دوستۇڭ ئالدىدا،
رەقىبىڭ بوپ قالار گوياكى زەررە.

يەنە بەزىلەر ئېيتىدۇ:

دوست دېگەن ساماندەك سەيلىدە، باغدا،
ئايرىلۇر دوست - دۈشمەن ئەڭ قىيىن چاغدا.

ئەبىل فەتھى ئېيتىدۇ:

(قىتئە)

مۇمكىندۇر يىرتقۇچتىن پاناھقا ئىمكان،
نە ئامال دۈشمەن بوپ چىقسا خالايىق.
بار يىرتقۇچ زەربىنى كۆرمىگەن ھايۋان،
لېكىن بۇ سۈپەتكە ئادەم نالايىق.

① ساۋۇت — جەڭ كىيىمى، پولات چاپان.

يەنە بەزىلەر ئېيتىدۇ:

شەھرىم جاپا كۆرسەتسىمۇ ئېزىز، سۆيىمەن،
خەلقىم بېخىل بولغانلىقىمۇ سېخى كۆرىمەن.

× ×

سالماقچى بولسا كىم يولۋاسنى ئوۋغا،
ئېتىلغاي شۇ يولۋاس ئوۋچىغا تېزرەك.
ئەپۇ ھۆر كىشىگە ئۆلۈمدىن ئارتۇق،
ئەيىبسىز تۇرسا ئۇ ئەپۇ نە كېرەك؟

ئۆلۈمنى ھۆرمەتلە، ئۆلۈمگە شاھسەن،
ياماننى كۆتەرمەك قۇتراشتىن دېرەك.
تەگلەيدۇ ئاتىغا شەرمىسار قىلىچ،
تۇتماس ئۇ قىلىچنى كىم ئالىم، زېرەك.

(بۇ يەردە «قىلىچ» غەزەپكە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، مۇھەببەت بىلەن نەپرەتتە، ئىززەت - ئىكرام بىلەن غەزەپتە ئېنىق بولۇشنى، ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ئورنىدا مۇۋاپىق جايىدا ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك، دېگەن ئۇقۇم بار ۋە يەنە بالىلار ئاتا - ئانىغا شەپقەت كۆرسىتىش زۆرۈر بولغىنىدەك ئالىملارمۇ خەلققە قەھرى - غەزەپ قىلماسلىقى تەكىتلەنگەن).

يەنە بىر شائىر ئېيتىدۇ:

(قىتئە)

يامانغا يىلىنساڭ ھەددىدىن ئاشار،
يۈرەكلىك بولساڭلا باش ئېگەر ساڭا.
چۈنكى گاڭ - تۆمۈرنى ئوتلا يۇمشىتار،
مىڭ دەريا سۈيىمۇ كار قىلماس ئاڭا.

شائىر مەنسۇر ئېيتىدۇ:

ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىك ئۇتۇق ھەم قۇربەت،
ھوشيارلىق پاساتقا ئۇنۇملۇك زېمىن.
بەرمىگىن دۈشمەنگە بىر مىنۇت پۇرسەت،
كۈچ تاپسا سېنى ئۇ قويماس تىنچ - ئېمىن.

## (5) مەسلىھەت ھەققىدە

ناسىر ئەرجانى ئېيتىدۇ:

قىل ھەر قاچان ئىشلىرىڭنى با مەسلىھەت،
بولساڭ ھەتتا قىلغۇچى سەن ۋەز - نەسىھەت.
كۆز كۆرسىمۇ گەرچە يېقىن ھەم يىراقنى،
ئۆز ئەيىبىنى ئەينەكتىنلا كۆرەر پەقەت.

ھارۇنىر رەشىد ئېيتىدۇ:

(قىتئە)

كېڭەشلىك بول، چۈنكى كۆپ ئىش پىنھان بولۇر،
سەن سەزمىگەننى باشقىلار ئېيتىپ بېرۇر.
ئىككى شەخسنىڭ رايى بىردىن ئەۋزەل، بەلكى،
ئۈچ كىشىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك ئېرۇر.

يەنە بەزىلەر ئېيتىدۇ:

دۇنياسىدىن ماختانغانلار بىر تەرەپلىمە،
قەسەملىلا ھامان بىر كۈن قاغايدۇ ئۇنى.
قاچسا دۇنيا چېكىپ ھەسرەت يەيسەن ۋەھىمە،
يۈز كەلتۈرسە، غەم-غۇسسىگە چۆكتۈق شۇ كۈنى.

ئابدۇللا ئىبنى تاھىر ئېيتىدۇ:

دەرىخ، زامان ئاتا قىلار، تارتىپ ئالار،
توقۇغان بۆز - ماتارىڭنى يىرتىپ بۇزار.
بۇ دۇنيادىن خۇشال ئۆتەي دېگەن ئاقىل،
چورت يوقالماس شەيئى بولسا قولىنى سوزار.

(بۇنىڭدا: ھارام دۇنيا كىشىنىڭ ئامانىتىدۇر، ئىگىسى ھامان ئۇنى سەندىن تارتىۋالىدۇ. مەڭگۈ يوقالمايدىغان شەيئىگە ئىگە بولاي دېسەڭ ھالال ياشا دېگەن ئۇقۇم بار).

يەنە بەزىلەر ئېيتىدۇ:

تەۋەللۇت بوپ نىچۈن قاقشاپ يىغلار بوۋاق؟
بۇ دۇنيانىڭ قىسمىتىنى سەزگەچ توشاق.

ياق دېسەڭ گەر، يىغلىما ققا نېمە بائىس،
بۇ ئالەمدىن كىچىك تۇرسا، ياتقان قورساق؟!
يىغلىمىقى شۇ ئۇچۇنكى ئۆكسۈپ ئۇنىڭ:
«دۇنيا ئازار بېرەرمۇ؟-دەپ، قورۇپ تۇزاق».

× ×

تەۋەللۇتتا ئالقىنىنى يۇمۇپ چۈشۈشى،
مال-دۇنياغا ھېرىسلىكتىن ئېنىق بىشارەت.
ئۆلگەن كۈنى ئالقىنىنى ئوچۇق تۇتۇشى:
«كۆردۈڭلارمۇ؟ قۇرۇق قولمەن!» دېگەن
ئىشارەت.

× ×

باشقىلارنى يولدىن تۇستۇڭ، ئۆزۈڭ
كەتمە يىسەن،
نەھى-مۇنكەر سۆزلىدىڭ‌ئۇ، ئۆزۈڭ ئىشتە
مە يىسەن!؟
قاچانغىچە تىغنى ئۆتكۈر قىلىپ ئى بىلەي،
ئۆزۈڭ ئۆتمەي، بىر نەرسىنى كېسەي دېمە يىسەن؟!

× ×

ئۆز تىلىدا ئىچ سىرىنى يېيىپ چاھانغا،
باشقىلاردىن رەنجىمەكلىك ئەخمەقلىق ئىكەن.
قىلسا تارلىق قارنى كۆكسۈڭ ئۆز سىرلىرىڭغا،
باشقىلارنىڭ ئىچى سەندىن شۇنچە كەڭكەن؟!

مۇتەنەببى ئېيتىدۇ:

يوق ئەمەس ھەق سۆزدىن قۇسۇر تاپقۇچى،
بۇ ئېرۇر ئەقىلنىڭ كەملىكى پەقەت.
بار ئۇندىن قەلبىگە نۇرلار چاچقۇچى،
مۇنداقلار ئىلمىنى يار تۇتقان ئەبەت.

بەزىلەر ئېيتىدۇ:

پەيتى كەلسە ياخشى مالدىن كەچسەڭ بىراق،
ئابرۇيىڭ مەڭگۈ سەندىن كەتمەس يىراق.

باشقىلارنىڭ ئەيىبىدىن تىلىڭنى يىغ،
بار ئۇنىڭمۇ تىلى — ساڭا قادالغان تىغ.

خەقتىن ئەيىب ئىزدەپ كۆزۈڭ تاپماي ئېيمەن—
يۇرسە: «سەندەك ئەلنىڭمۇ بار كۆزى!» دېگىن.

× ×

قەبىھ ئىش: ئۆز ئەيىبىنى ئۇنتۇپ كەتمەك،
خەقنىڭ پىنھان نۇقسانىنى ئەپشا ئەتمەك.

قىلماس ئاقىل ئەيىبكارغا ھېچ كىنايە،
كۆرىدۇ ئۆز ئەيىبىنى، شۇ كۇپايە.

(بۇنى مۇنداق چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن:

بەزىلەر بار: «بارچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي؟»— دېمەيدىغان.
ئۆزى يۈدكەن خوجۇنىنىڭ ئالدىنى كۆرۈپ،
«ئارقا كۆزدە نە بار؟»—دەپ غەم يېمەيدىغان.)

× ×

تېپىلمايدۇ: «ئەيىبىمنى سۆزلەيمەن» دېگەن
«ئەمرۇ» نىڭ بار «ۋ»سىنى ھېچ ئېيتمىغاندەك؛
ناختىنار اهىم. ئۆزىدە يوق ياخشىلىق بىلەن،
«زەيدىن» دە يوق «نۇن» نى بار قىلىپ
چاپلىغاندەك.

(بۇ يەردە ئەرەب تىلى قائىدىسىگە ئا-
ساسلانغان ھەرپ ئويۇنى بار. يەنى ئەرەب-
چىدىكى ئىسىم «عمر» (ئۆمەر بىلەن پەر-
ھان، بۇيرۇق دېگەن مەنىدىكى «عمر» (ئەمرى)
سۆزىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «ئەمرى» سۆزى
«ۋ» ھەرپى قوشۇلۇپ «عمرو» يېزىلىسىمۇ «ۋ»
تاشلىنىپ «ئەمرى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.
ئەكسىچە، «زيد» (زەيدىن) دېگەن سۆزنىڭ
ئاخىرىدىكى «د» ھەرپىدىن كېيىن «ن»
(نون) ھەرپى بولمىسىمۇ «ن» ھەرپىنى
قوشۇپ «زەيدىن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.
ئەرەب تىلىدىكى بۇ ھالەت تۇرمۇشتىكى
بەزى كىشىلەردە ساقلانغان بارنى يوق،
يوقنى بار قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئىللەت-
لەرگە ئوخشىتىلغان).

× ×

ئەما كۆرسەڭ نادانلارچە ئەيىبلەپ كەتمە،
ئاقىللارغا ئەمالىقتىن سۆكۈت كۆپ ساۋاب.
ئەمانى«شەرم-ها يا قىل» دېمىش ھاجىتى نېمە،
چۈنكى ئۇ نىڭ ھايا ئورنى—كۆز تۇرسا خاراب؟!

(بۇ يەردە ئېيتىلغىنى: ئەما كىشى نامەھرەمنى كۆرمىگەنلىكتىن ساۋاب تاپىدۇ، لېكىن ئاقىللار نىڭ كۆزى ساق تۇرۇپ شەھۋانىي نەپسىنى يېغىش بىلەن ئەمالىقتىن كۆپ ساۋابلىققا نائىل بولىدۇ. يەنى، ئاھالىسىز لىقتىن قىلىنغان ياخشى ئىشتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋىجدانەن قىلىنغان ياخشى ئىش نەچچە ھەسسە ئارتۇق، دېگەنلىكتۇر).

## (6) سەبرى بايانىدا

مەجدىل مەلەك ئېيتىدۇركى:

(رۇبائىي)

قاتتىق كۈن كەينىدە كەڭچىلىك باردۇر،
ئېغىر غەم - غۇسسىگە خۇشخەۋەر ياردۇر.
شىددەتلىك كۈن كېتەر، شادلىقمۇ يېتەر،
سەۋرىنىڭ قاچىسى تۈگمەس بالدۇر.

ئەبى تەممام ئېيتىدۇركى:

خاپىلىق ھېچكىمگە يەتمەس مەڭگۈلۈك،
كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ كۈن ئۆتكۈزگۈلۈك.
مۇشەققەت يەتسە ھەم تۇرغان يېرىڭدىن،
شەمشا تتەك قامەتنى تىك كۆتەرگۈلۈك.
ھەرنەقەدەر زىيادىن تاپمىساڭ ئامان،
دەنالار ھۆكمىچە تەدبىر كۆرگۈلۈك.
شۇندا ھەم بولمىغىن نائۈمىد ھەرگىز،
داددىڭغا يەتكۈسى مەلىكۇلمۇلۈك.
چۈنكى ھەر ھادىسە چىقتى پەللىگە،
بىر ياقلىق بولۇر دەپ قىياس ئەتكۈلۈك.

يەنە بىر شائىر ئېيتىدۇ:

تۇرما يىدۇ ھەمىشە ئۇخشاش بۇ دەۋر،
قىلار ئۇ دەم ئالدى، بىر دەم كەينىنى،
زامانە زۇلمىنى تاقەت بىلەن يەڭ،
بىتەھەقىق پەلەك ھېچ ئۇقماس سەبرىنى.

(بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى قۇللۇق ئەدىبە بولماستىن، زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق، يەنى ھەر بىر ئىشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلىپ ۋاقتى سائىتى كەلگىچە قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا بىھۇدە ئىش قىلما دېگەن پەلسەپۋى ئىدىيىدۇر).

سەيپىل ھەلى ئېيتىدۇ:

مېڭىپ تۇر، ساپ ھاۋا بېغىشلار لەززەت،
پاك جايدا تۇر، كاچكۇل بېشىغا باشلىما.

يول ئۈزرە دوست، مەنزىل—ئۆيۈم قالدى دەپ،
بىھۇدە ئۆيى ئويلاپ كۆزۈڭ ياشلىما.

كۆزۈڭ ئاچ، ئالدىنىپ ئەمرەلقەيستەك،
ئېزىتقۇ كەينىدىن قەدەم تاشلىما.

قوشۇمچە:

ئەمرەلقەيس ئېيتىدۇ:

يىغلا يىلى: دوست، مەنزىل قالدى، داد ئېتىپ،
ۋە سىقتى لاۋادىكى جاينى ياد ئېتىپ.

(بۇ يەردە پەيلاسوپ، شائىر سەيپىل ھەلى ئالدامچى ئەمرەلقەيسنىڭ بىركىنىمەنچىلىك خۇراپىي كۆز قارىشىغا رەددىيە بېرىپ، بىر يەرگە بېكىنىپ، بىھۇدە خام-خىيال بىلەن يىغلاپ ياتماي، ھەرىكەت قىلغانلىلا ساپ ھاۋاغا — ياخشى كۈنگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دېگەن ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە بىلەن مەيدانغا چىققان).

بەزى شائىرلار ئېيتىدۇ:

زۇلۇمغا بىسەۋرى ھۆر دېيەتتېپەرۋەر،
ۋە پەقەت كۆڭگىسى سەبىر دىگە ئېشەك.
ۋەتەننىڭ تۆت بۇرجى ئۆيۈك باراۋەر،
بىكىنىمە بىر جايغا سېلىپ جاي - تۆشەك.

ئوبۇل فەتھى بەستى ئېيتىدۇ:

مەنزىلدىن - مەنزىلگە تېز يۆتكەل ئاداش،
ۋە يەنە سەپەرگە بەرگە يەسەن چىداش.
ھۆرلىكلىك - ھۆرلىكتۇر، تاپارسەن ئىززەت،
ھەر يەردە تەكشى نۇر چاچقاي شۇ قۇياش.

مەۋلانا تەجەللى مۇجەللى ئېيتىدۇ:

ھېچ بايلىق پەسكەشكە زىننەت بېرەلمەس،
سېخىغا يوقسۇزلۇق ئەيىب كەلتۈرەلمەس.
ھەقىقى بايلىقتۇر ھەقنى - ھەق بىلمەك،
پاك ۋىجدان بايلىقىنىڭ كانى تۈگىمەس.

ياخشىنىڭ ماقامى: ئەلگە نەپ بەرمەك،
بەلگىسى: كىشىگە ئازار يەتكۈزمەس.

كەئبى ئىبنى زوھەيرى (ر) ئېيتىدۇ:

تەئەججۇپ قول سوزماق چىقماس نەرسىگە،
سىرلىرى پىنھانە تۇرسا سىنىڭدىن.

جان - بىر، غەم بەك تولا، نەپسىڭنى ھۇرمە،
بىھۇدە ئىنتىلمە تېشىپ قېنىڭدىن.

تېرىكسەن، ھەۋەستىن ئەمەسسەن خالى،
ھەتتاكى ئايرىلىش پەيتتە جېنىڭدىن.

(بىرىنچى باب تۈگىدى)

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەر ئوسمان (شىپاھى)

ئىزاھات: بىرقىسىم شېئىرلارنىڭ ئاخىرىدىكى پالالە تىرناق ئىچىدە بېرىلگەن شەرھلەر تەرجىمان تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان.

## دانىشمەنلەر بىساتىدىن ھېكايەتلەر

ئەپلاتوندىن:

— ئەخمەق بىلەن كورنىڭ ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟- دەپ سورىسا، ئەپلاتون:

— كور كۆزنى تۈزەندىن پەرق قىلالمىغانىدەك، ئەخمەق ئەقىل-ئىدرىكىنى ئاۋارىگەرچىلىكتىن پەرق قىلالمايدۇ،- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× × ×

ئەپلاتوننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى:

— قانداق ئادەمنى ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلاش مۇمكىن؟- دەپ سورىغانىكەن، ئەپلاتون:

— نەپسىنى يېڭەلىغان، ئەگرى يولدىن ھەزەر قىلالايدىغان ئادەمنى،-دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× × ×

ئەپلاتوندىن:

— بېشىغا كۈلپەت چۈشكەن ئادەم ئۆزىگە قانداق تەسەللىي بېرىشى كېرەك؟-دەپ سوراشقانىكەن، ئۇ:

— ئەقىللىق ئادەم: بۇ ۋەقەنىڭ سادىر بولۇشى تەبىئىي دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ، ئەخمەق: پەقەت مەنلا ئەمەس، باشقىلارمۇ مۇشۇنداق كۈنگە چۈشۈشى مۇمكىن، دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ،-دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(مۇتەللىپ پالتاجى نەشرگە تەييارلىغان)


**ئابلاجان بوۋاقى**

## «رۇبائىيلار» دىكى ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك ئەۋرىشكىلىرى

شائىر قەلبىدىن ھەقىقىي ئېتىلىپ چىققان شېئىردىن بىر ئوقۇشتىلا ئېستېتىك زوق ئالالايمىز ۋە ھوزۇرلىنىپ قايتا - قايتا ئوقۇشقا، ھەتتا ئىختىيارسىز يادقا ئېلىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شائىرنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىرىنى يۈكسەك بەدىئىي تالانتى بىلەن ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلارنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىپ، يارقىن، چۈشىنىشلىك ئىپادە قىلالىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. نازۇك سېزىم ۋە گۈزەل تۇيغۇلارنى يېنىك، نەپىس تىل بىلەن ئىپادىلىيەلىگەن شېئىرنىڭ جەلىپدارلىقى كۈچلۈك بولىدۇ.

شېئىر — شائىر قەلبىنىڭ ئەينىكى. شائىر قەلبىدە قايسى كۆز قاراش ئاساسى سالماقنى ئىگىلىسە، شائىر ئۆز ئىدىيىسىگە ۋە قارىشىغا ماس كەلگەن تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاللىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن زىچ بىرىكتۈرۈپ ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. شائىرنىڭ مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى خىلمۇ خىل ھادىسىلەردىن ھېس قىلغانلىرى ۋە شۇ جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن سىڭدۈرگەن باھاسى شېئىردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۈرلىرىدىن بىرى بولغان رۇبائىي كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن تا بۈگۈنكى زامانىدىكى شائىرلىرىمىزغا قەدەر يېزىلىپ كېلىۋاتقان، كىتابخانلار ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرى بىر قەدەر مۇكەممەل، ئوبرازلىق، يارقىنلىققا ئىگە قىلىنىپ ئىپادىلىنىۋاتقان تۈرلەردىن بىرى. رۇبائىي ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا، كۆپىنچە، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ تۈرلۈك پەلسەپىۋى قاراشلارنىڭ، دىداكتىكا - ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك سۆيگۈ - مۇھەببەت، ئىشقى - ھەۋەس ھەققىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى جىلۋىلەندۈرۈپ كەلمەكتە. رۇبائىينىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئىخچاملىقىدا، ئۇنىڭغا تاللانغان پىكىرلەرنى شائىردىن دەل ئىپادىلەش، جانلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى تەلەپ قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.




ھازىر ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزدا رەڭگا - رەڭ خۇشپۇراق ئېچىلىپ، شېئىرىيەت گۈلزارلىقىدا دىللارنى يايرىتىپ سۆيۈندۈرىدىغان، جەلىپدار، ھەيران قالارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاجايىپ-غارايىپ تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە پەلسەپىۋى قاراشلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن، نېمىگە قانداق قاراش مەسىلىلىرى روشەن ئېچىپ بېرىلگەن، پىكىرى بىر قەدەر يېڭى، ئىدىيىسى چوڭقۇر، كەڭ، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تەپەككۇرغا باي بولغان رۇبائىيلار ئارقىسىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى.

شائىر ھاجى ئەخمەتنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1989-يىل 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان رۇبائىيلىرى ئىپادە قىلغان پىكىرنىڭ يېڭىلىقى، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چىنلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئەخلاق، ياخشى خىسلەت ۋە ھەر خىل تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە سىڭدۈرگەن باھاسىنىڭ دەلمۇ دەللىكى، توغرىلىقى، شائىرنىڭ ئۆز يۈرىكىدىكى ئارزۇ تىلەكنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، پەلسەپىۋى سىستېمىغا ئىگە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، خاراكتېرلەنگەن ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلىقى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باياملىقى بىلەن گويا كى رەڭدار ساليۇت چاچقۇسىدەك كۆزگە تاشلىنىپ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شائىر بۇ رۇبائىيلىرىدا رېئاللىقتىكى كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، ئەقىل-پاراسەت، ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىجادچانلىق، ياخشى خىسلەت، ئەدەب-ئەخلاق ۋە ھەرىكەت بىرلىكى... دېگەندەك نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي، چىن سەنئەتكارنىڭ مەجبۇرىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە ئارزۇ تىلىكى سۈپىتىدە ناھايىتى يارقىن ۋە تىرەن ئىپادىلەپ بەرگەن. شائىر ئەقىل-پاراسەت ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەقىل-پاراسەتنىڭ ھەممىدىن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئەقىل-پاراسەتنىڭ جاھاندىكى تىلسىماتلارنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرەلىگۈدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، لېكىن، ئىنساننىڭ تۇغۇلۇپ، يەنە بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىشىدىكى سىرنى ئېچىپ بېرەلمىگەنلىكىنى تەپەككۇر كېمىسىدە خىيال ئالەمىنى كېزىپ، چوڭقۇر، پەلسەپىۋى نۇقتىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ نازۇك ھېسسىياتى بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. شائىر يەنە ئەقىل-پاراسەت ھەققىدىكى پىكىرى ئىچىگە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ، يۈكسەك مەناغا ئىگە يارقىن بىر پەلسەپىۋى، يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. مەسىلەن:

ئەقىلنى رەھنەما قىلغىن، ئى كۆڭۈل،
ئىلىمگىنى بىباھا قىلغىن، ئى كۆڭۈل.
بۇنىڭچۈن ئاقىلنىڭ ئاياغ چېڭىنى،
كۆزۈڭگە تۇتىيا قىلغىن، ئى كۆڭۈل.

شائىر ئۆز كۆڭلىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئەقىلنى دوست تۇتۇش كېرەكلىكىنى، ئەقىلنىڭ كۈچى بىلەن ئۆگەنگەن ئىلىمنى بىباھا بىلىش زۆرۈرلىكىنى، شۇ زۆرۈرىيەتتىن چىقىش ئۈچۈن، ئاقىلنىڭ ئايىغىدا قونغان تۇپراق توزۇندىلىرىنى كۆزگە شىپالىق دورا قىلىپ سۈرتۈش كېرەكلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەقىل-پاراسەتنىڭ كۈچى، ئىلىمنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

شائىر بۇ قاراشلىرىنى تېخىمۇ پەلسەپىۋىلىككە كۆتۈرۈپ، پىكىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە خەلقنىڭ كۈتكەن ھەققانىي تەلىپىدىن چىقىش ئۈچۈن مۇنداق يازىدۇ:

ئەي ئەقىل، ئالغىن زوق ــ ھەۋەس كىتابتىن،
ئالغىن كۈچ ــ ئوزۇق، ساپ نەپەس كىتابتىن.
ھاياتلىق نەھرىدۇر ــ كىتاب، سەن ــ بېلىق،
قۇرۇيسەن ئايرىلساڭ بىر پەس كىتابتىن.

شائىرنىڭ ئەقىل ــ پاراسەت ۋە ئۇنى ئۆگەتكۈچى ــ كىتاب ھەققىدىكى بۇ ئاقىلانە پىكىرلىرى ۋە ئىخچام، چۈشىنىشلىك يەكۈنلىرى ئالاھىدە جەلپدارلىققا ئىگە بولۇپ، بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزگە ئۆزىنىڭ يارقىن تەسىر كۈچىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇنداق تېمىنى يالقۇنلۇق ئىپادىلەپ، خەلقنىڭ يۈرىكىدىن چىقىش پسىخىكىسى بىلەن بىرىكىش شېئىر يازىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بۇ پەقەت، شائىر يۈرىكىدىكى خەلقسۆيەرلىك، كىشىلەرگە ئىنسانىيلىق ئەقىل ــ پاراسەت ۋە ھېكمەت كۈچىنى تونۇتۇشنى بىر خىل بۈيۈك مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە چۈشەنگەن ھەقىقىي خەلق شائىرىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان چوڭ ئىشتۇر. شائىر ئۆزىنىڭ يۈكسەك تەپەككۇرىغا، ئاجايىپ ئويناق ــ ھېسسىياتىغا، كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي تالانتى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتىگە تايىنىپ، ئەجىر ــ مېھنەت ۋە مۇشكۈللىنى يېڭىش ئۈچۈن تۆككەن ئاچچىق تەرلىرىنى دەريا ــ دەريا ئاققۇزۇش بەدىلىگە بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققالىغان. بۇنىڭدىن باشقا شائىر يەنە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىجادچانلىق ھەققىدىمۇ ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىپادىلەش جەھەتتىكى ھەيران قالارلىق يېتۈك ماھارىتى بىلەن مۇنداق يازىدۇ:

چىن ئۈمىد ــ تىلەكنىڭ سەردارى بولسا،
يېڭى كۈن يېڭىلىق ئەسرارى بولسا.
ئەكسىچە ياشاشنى ھارام بىل، ئى جان،
ئەتەمۇ بۈگۈننىڭ تەكرارى بولسا.

بۇ رۇبائىيدا شائىر ياشاش ئۈچۈن ئىجاد قىلىش، يېڭىنى يارىتىش، كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھەمدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ، ياشاشنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى ئاجرىتىپ تۇرىدىغان مىزان ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى قاراشلىرى يېڭى ھەم مۇكەممەل بولۇپ، ئىپادىلەش جەھەتتىكى بەدىئىي ماھارەت بۇ رۇبائىيلارنى تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق تۈسكە كىرگۈزگەن. شائىر رۇبائىيلىرىدا يەنە ياخشى خىسلەت، ئەدەب ــ ئەخلاق ۋە ھەرىكەت بىرلىكى تېما قىلىنغان رۇبائىيلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىنغان تىرەنلىككە ئىگە پەلسەپىۋى قاراش بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ:

ئەي ئاقىل، ئەقىلنى داناdىن سورا،
ياخشىلىق ھېكمىتىن ياماندىن سورا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەدبىرلىك بەلگىلەر تەقدىرىڭنى، بىل،
تەدبىرنى ماكان ھەم زاماندىن سورا.

شائىر تەقدىرچىلىك خاھىشىغا ۋە خۇراپىي ئىدىيىلەرگە قارشى ھەرىكەت ئارقىلىق تەقدىرنى ئۆزگەرتىش قارىشىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، «تەقدىرنى ئادەم يارىتىدۇ» دېگەن پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىش زۆرۈركى، نادان ئەقىل ئۆگەتكۈچى دانىشمەن ئۇستاز ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىپ بىزنىڭ تەجرىبە يەكۈنلىشىمىزگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى، بىزنى ئەشۇ نادانلىقنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئەكسىچە يول تۇتۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ. شائىر بۇ ئىككى مىسرا شېئىرى بىلەن تەقدىر ۋە زامان ــ ماكان توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى كۆز قارىشىنى بىرىكتۈرۈپ «ئادەم ھەممىدىن بۈيۈك، ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ياراتقۇچى، ئادەم ئۆز مېھنىتى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى يارىتىدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. شائىرنىڭ ئارزۇلىرى، ئۈمىد ــ تىلەكلىرى، لىرىك تۇيغۇلىرى يارقىن ئىپادىلەنگەن رۇبائىيلىرىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. شائىر بۇ خىل ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن رۇبائىيلىرىدا ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ۋە ئىنسانلار ئەڭ مۇھتاج بولۇۋاتقان تەڭلىك ــ باراۋەرلىك مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى نازۇك ھېسسىياتى بىلەن بىرىكتۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ:

ئىشلىتىپ ھېكمەتنىڭ بىر چارىسىنى،
تەڭشىسەم تەقدىرنىڭ تارازىسىنى.
تەڭلىكتىن بەھرىمەن بولسا ھەممە جان،
كۆرسە ئەل ناھەقنىڭ سازايىسىنى!...

شائىرنىڭ بۇ خىل ئىنسانپەرۋەرلىك قارىشى كىتابخانلارنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرىدۇ.

شائىر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، سەنئەتنى (شېئىرىيەتنى) سۆيىدىغان، سەنئەتپەرۋەرلىككە بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان شائىرنىڭ ۋەتەن ــ خەلق ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە ئۇلۇغ مەجبۇرىيىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاجايىپ يېڭى بىر ئىدىيىۋى پىكىر دۇنياسىغا غەۋۋاستەك شۇڭغۇپ كىرىپ، «ھەقىقىي شائىر ئۆز ئۆمرىدە ھەق ــ ئادالەت، مېھرى ــ ۋاپا ئىزدەپ، ھايات توسالغۇلىرىغا كۆكرەك كېرىپ ئۆتىدۇ» دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. پىكىر تولپارىنى شېئىرىيەت گۈلزارىغا ئەركىن قويۇۋەتكەن شائىر شېئىرنى گۈلگە ئوخشىتىپ، شېئىرنىڭ شائىر قېنى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، سەنئەت زېمىنىدا ئۈنىدىغانلىقى ۋە كائىناتتىكى سىرۇ ھېكمەت، تىلسىماتلارنىڭمۇ قونالغۇ ئىزدەپ شائىر قەلبىدە تۈنەپ ئۆتىدىغانلىقىنى يېزىپ، شائىر قەلبىنىڭ كېچە ــ كۈندۈز ئۇيقۇدىن بىدار ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

ئاپتور شائىرلىق بۇرچى توغرىسىدا يۈرگۈزۈۋاتقان پىكىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مۇنداق يازىدۇ:

ئىنسانىنى ئۆزىگە ئىشەندۈرەي دەپ،
ھاياتقا ئىشقىنى كۈچلەندۈرەي دەپ.
شېئىرغا ئەجرىنى سىڭدۈرەر شائىر،
ئۆزۈمنى ئۆزگىگە چۈشەندۈرەي دەپ.

بۇ يەردە شائىر، ئىنسانلارنىڭ ياشاش يولىدىكى بىر مەنىۋى كۈچىنىڭ يەنىلا شائىر يۈرىكىدىن ئويناقلاپ، ئېتىلىپ چىققان شېئىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنچىسىنى ۋە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت - ئىشقىنى كۈچلەندۈرۈش، ئۆز - زىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، شائىر قېنىدىن شېئىر ئۈندۈرۈپ، ئالەمدە ئادەملىك، جۈملىدىن شائىرلىق بۇرچىنى ئۇلۇغ دەپ تونۇيدىغانلىقىنى كىتابخانلارغا روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. شائىر يەنە شائىر يۈرەك قېنى بىلەن سۇغۇرۇپ سەنئەت زېمىنىدا بەرپا قىلغان شېئىر ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، شېئىرنى چۈشەنمەيلا ئۇنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغۇچىلارغا رەددىيە بېرىپ:

يوشۇرغان تەكتىگە ھېكمەت تىلىنىڭ سىرنى،
سىڭدۈرگەن جىسمىغا سۆيگۈ - مېھرنى، -

دەپ يېزىش ئارقىلىق، شېئىرغا يۈزەكى، ئاددىيلا باھا بېرىشنىڭ، ئالدىراپ خاتا يەكۈن چىقىرىشنىڭ توغرا ئۇسۇل، ئاقىلانە تەدبىر ئەمەسلىكىنى، شېئىر تەگىدە قۇياشتەك چەكسىز ھارارەت بارلىقىنى، شېئىرنىڭ جىسمىدا سۆيگۈ - مېھرى دولقۇنلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىپ، يىلنىجاپ تۇرغان مۇھەببەت بىلەن يازىدۇ. «رۇبائىيلار»دىكى شائىرلىق ئاتا قىلغان مەجبۇرىيەت، ۋەزىپە شېئىر يازغۇچىلار ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان پەرز ھەم قەرزدۇر ھەمدە سەنئەتكارلارنىڭ بارچىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتتۇر. شائىر ھاجى ئەخمەت بۇ نۇقتىنى ئوبدان تونۇپ يېتىپ، مەسىلىگە توغرا باھا بەرگەن.

ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنى تېرەنلىككە ئىگە قىلغان مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ مەي ھەققىدىكى بىر پارچە رۇبائىيسىمۇ دىققەتنى ئالاھىدە ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ. شائىر ئۇنىڭدا مەينىڭ ئىنسانلارغا ئۆمۈرلۈك ھەمدەم بولالمايدىغانلىقى، ئىنساننىڭ بىر كۈنى ئۆلىمەكلىك ھەققەت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئالەمدە تىرىكمەن دەپ يۈرگەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەققىي ئادەمدەك ياشىشى كېرەكلىكى ۋە ئۆمۈرنىڭ ناھايىتى قىسقا بولۇپ، ئەشۇ قىسقا پۇرسەتنى قىممەت بىلىپ ئىنسانىيەت ئالەمدە بىرەر ئىز قالدۇرۇش، ئىجاد قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى مەركەزلىك ئىسپاتلىغان.

شائىر مۇھەببەت - نەپرەت ئۈستىدە توختالغان رۇبائىيلىرىدا ئىشقى - مۇھەببەت قايىلىمىغا شۇڭغۇپ كىرىپ مۇنداق يازىدۇ:

بىناۋا كۆڭۈلنىڭ تارى يوق، ئى جان،
ئىشقى يوق كۆڭۈلنىڭ يارى يوق، ئى جان.
تارىسىز، يارىسىز تىرىكمەن دېمە،
يارى يوق كۆڭۈلنىڭ تارى يوق، ئى جان.

ئىشقى - مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان رۇبائىيدىكى «يار» ئادەتتىكى ئىستېمالدىكى ئۇسۇلدا يېتىلدۈرگەن سۆيگۈ ئوبيېكتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ تەڭداشسىز ئۇلۇغ قۇدرەت ئاتا قىلغۇچى بۈيۈك ۋەتەن - خەلقتىن ئىبارەت. شائىر بۇ رۇبائىيسىدا

ۋەتەن ـ خەلقنى يار تۇتمىسا، تېرىكمەن دەپ ياشىشىڭمۇ ئارتۇقچە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. يارى يوق كىشىنىڭ يۈرىكىدە ئىشقى ئوتىنىڭ ئۆچكۈندىسىمۇ بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى كۆز قاراش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. ئالەمنىڭ سىرلىرىنى قەلبىدە تونەتكەن شائىر «يار» نى ئاددىي مەنىدە چۈشەنمەيدۇ. تار بىلەن يار، تارنىڭ ئاۋازى بىلەن يارنىڭ قەلبىدىكى ساداسى بىرلىككە ئىگە. شائىر يەنە خىتاب قىلىپ بىناۋا، ئىشقى يوق، يارى يوق، يىغىپ ئېيتقانىدا، مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق بولمىغان كىشىلەرنى دوست تۇتماسلىق كېرەكلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شائىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھرى ـ مۇھەببەت قارىشى كىشىلەرنى ئىلغارلىققا يېتەكلەيدۇ. شائىر «ئادەملىك» تېمىسىدا توختىلىپ، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان، ئەمما ھىيلە ـ مىكىرىسى شەيتانىدىن بەتتەر رەزىللەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى ئىخچام ئىپادىلەپ، ئاخىرى پۇشايمان ـ ئازاب، ھەسرەت ـ نادامەتكە قالماسلىق ئۈچۈن «سۆھبىتى نادان» لاردىن يىراق تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ پىكىر يۇقىرىقى رۇبائىيدا ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. چۈنكى، ئىشقى يوق، يارى يوق، تارى يوق، نارى يوق كۆڭۈللەرنىڭ دىلى زەھەر، نادان، ھىيلە ـ مىكىردە شەيتاننى شاگىرتقا ئالىدىغان مەككارلاردىن بولۇپ چىقىشى بەرھەق. شائىر مېھنەتتىن سۆز ئېچىپ، مېھنەت قىلماي نېمەت تەمىنى تېتىيمەن دېمە، جۇرئىتىڭ بولمىسا، ھىممىتىڭ بولمايدۇ، ھىممىتىڭ بولمىسا، قىممىتىڭ بولمايدۇ، دەپ يېزىش ئارقىلىق مېھنەت دۇنيانى يارىتىدۇ، ئادەمنىڭ قىممىتى ـ ئۇنىڭ مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەن ھىممىتى، دېگەن پەلسەپىۋى تېمىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

دېمەك، شائىرنىڭ رۇبائىيلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيىۋى مەزمۇن ھەر تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي تالانتى، تەپەككۇر كۈچى، شەيئىلەرنى كۆزىتىشتىكى ئىقتىدارىغا ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىكى ماھىرلىقىغا تايىنىپ، رېئاللىقنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ناھايىتى يارقىن، لىرىك تۇيغۇسى بىلەن كونكرېت شەيئىلەرگە بولغان توغرا باھاسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرگەن، شائىرنىڭ رۇبائىيلىرىدىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن رۇبائىيلارنى بىر ئۆمۈر خاتىرىسى دەپ ئاتىساقمۇ ھەرگىز خاتا قىلغان بولمايمىز.

شائىرنىڭ رۇبائىيلىرى تېماتىك دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى بىلەن نۇمۇ كىشىنى ھوزۇرلاندۇرۇپ، زوق بېغىشلاپ، جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ئۇنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرى كائىنات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى سىڭدۈرۈلگەن ھەر خىل تېمىلاردىكى رۇبائىيلىرىدا روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىرنىڭ رۇبائىيلىرى تىل ۋە بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتىن ئىنتايىن پۇختىلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا رېئال ھاياتنى چىن مەنىسى بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاقىلانە ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسىلەر ۋە پەلسەپىۋى پىكىر ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئىگە بولغان. تۆۋەندە شائىر رۇبائىيلىرىنى بەدىئىي قىممەت جەھەتتىن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاپ تەھلىل قىلىمىز:

(1) شائىرنىڭ رۇبائىيلىرى تىل جەھەتتىن چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ، يارقىن بولۇپ، نازۇك ۋە گۈزەل شېئىرىي ھېسسىيات بەكمۇ نەپىس، راۋان، رەڭدار، ئوبرازلىق شېئىرىي تىل

ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رۇبائىيلارنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە قايىل قىلىدۇ. شائىر رۇبائىيلىرىنى بىرەر ئارتۇق سۆزنىمۇ قوبۇل قىلالماسلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ مۇستەھكەم لىنىيىگە ئىگە قىلغان.

(2) شائىر ھەر بىر رۇبائىيسىغا بىردىن يېڭى ھەم مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ۋە ھاياتىي قاراشنى سىڭدۈرگەن. شائىر ئۆزىنىڭ بەدىئىي تالانتىغا، ئۆتكۈر تەپەككۇرى ھەم ئالاھىدە كۆزىتىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، تۇرمۇشتىكى ئاددىي مەسىلىلەرنىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن ئەتراپلىق كۆزىتىپ، ئىخچام تىل ۋە پىز ئىتىك ماھارىتى بىلەن رۇبائىيلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پىكىرنى يۈكسەلدۈرگەن، بولۇپمۇ كىتاب ھەققىدە يازغان رۇبائىيسىدا بۇ پىكىرنى ئالاھىدە تىرەنلىككە ئىگە قىلغان. شۇنداق دېيىش كېرەككى ھەممە ئادەم كىتابنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىدۇ، بۇ ئاددىي پىكىر. بىراق كىتابنىڭ ھاياتلىق دەرياسى بولۇپ، ئىنساننىڭ بېلىق ئىكەنلىكىنى، ئادەم ئاشۇ دەريا (كىتاب) تىن ئايرىلسا ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھەممىلا كىشىنىڭ ئېنىق ھېس قىلالماسلىقى ۋە كىتابنىڭ مەنىۋىيەت جەھەتتىكى رولىنى تولۇق چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. شائىر «ئا» بىلەن ئىلىم بېغىغا كىرىپ كېلىشنى يازىدۇ. بۇمۇ بىر ئاددىي ساۋات. «سىر - ھېكمەت تارىدىن سادا» چىقىش سەل مۇرەككەپ، ئادەمنى ئويغا سالىدىغان پىكىر سىستېمىسى. شائىر ئەنە شۇنداق ئاددىيلىق بىلەن مۇرەككەپلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يۈرەك تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

(3) شائىر رۇبائىيلىرىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلار (ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، سىمۋول، مۇبالىغە) دىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ۋە شۇ ئارقىلىق رۇبائىيلىرىنى كەم ئۇچرايدىغان بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن. شائىرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ماھارىتىنى ئەمەلىي كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئوخشىتىش. ئۇ — شېئىرىيەتتىكى ئاساسىي ماھارەتلەرنىڭ بىرى. شېئىردا بولۇشقا تېگىشلىك تاشقى خۇسۇسىيەتلەرنى ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، پىكىر تىرەنلىكى بىر قەدەر ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇش ئۈچۈن چوقۇم شائىر ئوخشىتىشقا ئۇستا بولۇش كېرەك.

شائىر بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەنگەن:

گۈل نەرگىس كۆزۈڭنى ئەسلەتتى ماڭا،
ئاق لالە يۈزۈڭنى ئەسلەتتى ماڭا.

شائىر بۇ مىسرالاردا نىگارنىڭ كۆزىنى نەرگىس (قارا) گۈلگە، يۈزىنى ئاق لالىگە ئوخشاتقان. شائىر ئىشلەتكەن بۇ ئىككى مىسرا شېئىردىكى قوش ئوخشىتىش رۇبائىينىڭ بەدىئىي قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزگەن.

جانلاندۇرۇش. ئۇ — شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى. شائىر بۇ ۋاسىتىدىنمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان:

ئالەمنىڭ سىرلىرى ئىزدەپ قونالغۇ،
ھەر كېچە شائىرنىڭ قەلبىدە تۈنەر.

مۇقەررەركى، سىر دېگەن قونالغۇ ئىزدەپ تاغ - داۋان، چۆل - دەشتلەرنى بېسىپ يول يۈرەلمەيدۇ. شائىر ئالەمنىڭ سىرلىرىغا جان ئاتا قىلىپ، قونالغۇ ئىزدەپ يول يۈرگۈزگەن. بۇ ئىككى مىسرادا ئىككى خىل مەزمۇن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بىرى، شائىرنى

www.uyghurkitap.com



ئالەم سىرلىرىنى بەدىئىي تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يەشكۈچى؛ يەنە بىرى، سىرنىڭ ئۆزىنى ئېچىشقا قادىر كىشىنىڭ ئىشىكىنى قاققانلىقى (خۇددى كېسەل تېۋىپنىڭ ئىشىكىنى قاققاندەك) ماھىرلىق بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇلغان.

سىمۋول. ئۇ — پىكىرنى ئەركىن ئىپادە قىلىشتىكى، ئەركىن تەپەككۇر قىلىپ، ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاسىتىلارنىڭ بىرىدۇر. شائىرنىڭ رۇبائىيلىرىدا سىمۋول دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن:

شائىرلىق ھەممىدىن ئۆزگىچە ھۈنەر،
شېئىر — گۈل، شائىرنىڭ قېنىدىن ئۈنەر.

شائىر شېئىرنى گۈلگە ئوخشىتىپ، شېئىرنى ئۈنىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈككە سىمۋول قىلغان. شېئىرنى گۈلگە ئوخشىتىپ، گويا گۈل بۇلبۇلنىڭ باغرىدىن ئاققان قان بىلەن پورەكلەپ قىزارغاندەك، شېئىرمۇ شائىرنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، سەنئەت زېمىنىدا بەرپا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. شېئىرنىڭ شائىر قېنىدىن ئۈنىدىغانلىقى ئېنىق. شائىر ئابستراكت نەرسە (شېئىر)نى كونكرېت نەرسىگە (ئۆسۈملۈككە) سىمۋول قىلغان. بۇ خىل ماھارەت شېئىرىيەت، جۈملىدىن رۇبائىيچىلىق گۈلزارلىقىمىزدا كۆزگە ئاز چېلىقىدۇ.

مۇبالىغە. ئۇ — پىكىرنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش، پەلسەپىۋى سەۋىيىگە ئىگە قىلىشتا ئالاھىدە رول ئوينايدىغان ئاكتىپ ۋاسىتىلارنىڭ بىرىدۇر. شائىر شېئىر مىسرالىرىنى جۇلالاندۇرىدىغان بۇ ۋاسىتىنى ناھايىتى جايىغا ئىشلىتىپ، ئۆتكۈر ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان:

بۇنىڭچۈن ئاقىلنىڭ ئاياغ چېڭىنى،
كۆزۈڭگە تۇتىيا قىلغىن، ئى كۆڭۈل.

مەلۇمكى، تۇپراق توزۇندىسى (چاڭ) ھەرگىزمۇ تۇتىيانىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. كىشىلەر ھەر قانداق ئاياغ چېڭىنى كۆزىگىمۇ سۈرتمەيدۇ. شائىر مۇبالىغە قىلىپ: «ئاياغ چېڭىنى كۆزۈڭگە تۇتىيا قىل» دەپ يازىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق شېئىردا ئۆزى گەۋدىلەندۈرمەكچى بولغان ئىدىيىنى تېخىمۇ جىلۋىدارلىققا، جەلبدارلىققا ئىگە قىلىدۇ.

(4) شائىر رۇبائىيلىرىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىنىڭ خەزىنىسىدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى مەنىۋى ئامىلغا ئايلاندۇرغان:

ئاتىلار سۆزىنى ئۇنۇتما، ئى جان،
ھىممىتىڭ بولمىسا، قىممىتىڭ بولماس، —

دېگەن مىسرالىرى يۇقىرىقى قارىشىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى، «ھىممىتىڭ بولمىسا، قىممىتىڭ بولماس» خېلىلا مۇكەممەل ماقال بولالايدۇ. ئۇ بىز كۆرگەن ماقالنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ، ماقالدىن ئۆزلەشتۈرگەن شېئىرىي مىسرادۇر.

دېمەك، بەدىئىي قىممەت جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان «رۇبائىيلار» شائىرنىڭ يېتۈك قەلەم قۇۋۋىتى ئاستىدا نامايەن بولۇپ، شائىرنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بىز شائىرنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چىمەنزارلىقىدا خىلمۇ خىل گۈللەرنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**مەمتىمىن ئابدۇللا**

## ئېشەك بىلەن قوي

(مەسەل)

ناھايىتى قاملاشقان بىر جۈپ چاقماق مۈڭگۈزلۈك قوچقار بىلەن ئېشەك بىرگە تۇرىدىكەن. ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك بولغان بۇ ھايۋانغا شۇنچىلىك قاملاشقان مۈڭگۈزنى ئاتا قىلغان ئاللاغا نارازىلىقى ئۆرلىگەن ئېشەك، خاپىلىقتا خىيال سۈرۈپ، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ: قارىسا بېشىدا ناھايىتى كېلىشكەن مۈڭگۈزى تۇرغانمىش. بېشىنى ئۇياق - بۇياققا بۇرىغانىكەن، بېشى ئېغىر تويۇلۇپتۇ. «خۇداغا شۈكرى، ئاللانىڭ ھەقىقەتەن قۇدرىتى ئۇلۇغ ئىكەن. تەلىپىمنى يەردە قويماي ماڭا مۈڭگۈز بېرىپتۇ. قېنى ئەمدى قوچقارغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتەيچۇ» دەپ ئويلاپتۇ ئېشەك. ئۇ، ئالدى بىلەن ئۆزىنى چېنىقتۇرماقچى بولۇپ، تام ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئۈسسۈپ باقماقچى بوپتۇ - دە، ئاۋۋىسىغا يېڭىپ تازا كۈچەپ بىر ئۈسسىگەن ئىكەن، بېشى ئېغىلدىكى تۈۋرۈككە تېگىپ خامقا - پاقىنەك يېرىلىپ كېتىپتۇ. ئاغرىق ئازابىدىن ئويغىنىپ ئۆزىنى قويغانغان ئېشەك بېشىدا مۈڭگۈز ئەمەس، بەلكى يېرىلغان يەردىن ئاققان قاننى كۆرۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان قوي:

— ئېشەكباي، بۇ ئىشلارغا ئۇنچىۋالا قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى، ئاللا سېنىڭ نېمە ئىكەنلىكىڭ ياماغلىقىڭنى بىلىپ شۇڭا مۈڭگۈز بەرمىگەن، — دېگىنىچە ئېشەكنىڭ ئالدىدا ئوينىغىلاپ قويۇپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئېشەكنىڭ قۇلىقى ئاستا - ئاستا سالپىيىشقا باشلاپتۇ.

**ئابدۇرېشىت ئابلىمىت**

## ئىككى شېئىر

### غەيۋەتچىگە تېز سىزما

(ساتىرا)

ئالدىراشلا كېتىپ باراتتىم،
بىر قوشنىمىز چاقىرىپ قالدى.
يىغىپ قويغان سۆزىنى باشلاپ،
ماڭا ر يولنى توسۇپلا ئالدى؛

بەلكى سەنمۇ بىلمىدىڭا نىسەن،
مەھەللىدە غەيۋەت بەك تولا.

ئىش قىلغىلى قويماي كىشىنى،
قىلار خەقنىڭ غەيۋىتىنىلا.



ئايىمسا خان ئۆزى قانچىلىك،
تېخى سەن دەر سارەمنى يەنە.
بېشەم دەيدۇ ئايگۈلنى ئالمەك،
ئۆزى غەۋغا چىقاردى بايا.

يىگى پەلتۇ كىيىپلا تۇخان،
تېنىم تاپماي قاتراپلا كەتتى.
تۇغقان يوقلاش بانىسى بىلەن،
قەددىمى چەت كەنتكىمۇ يەتتى.

ئالغانىكەن سەمەر موتوچى،
ھەر كۈنلىكى چىپىپ يۈرىدۇ.
ئاغزىدا ئۇ ئىشىم زۆرۈر دەپ،
ئۇنى بىزگە كۆز ـ كۆز قىلىدۇ.

## پالتا ۋە پىچاق

بىر كىشى بازاردىن بىر پالتا ئالدى،
ئەكىلىپ ئۇنىڭدا سەي توغراۋەردى.
يىلىنسا پالتا: «ئوتۇن ياراتتىم» دەپ،
تۇۋلىدى: «ۋەزىپە بۇ ساڭا ئەمەس!»

بىلسىدى شۇ كىشىسى پالتىنىڭ پەقەت،
ئوتۇننى يېرىشقا يارالغىنىنى؟
تاپاتتى پالتىمۇ ھەم باشقا يەردىن،
ئۆزىگە ئېھتىياجىنىڭ لايىقنى.

ئەشۇنداق كۆپ پالتىلار سەي توغرايدۇ،
نە ئامال، ئوت بار يەردە سۇ بولمىسا،
ئۇ يەردە پالتا سەيىنى توغرالمىغان،
بۇ يەردە پىچاق ئوتۇن يارالمىسا.

ھېچكىمنىڭ ئەقلى يەتمەي كەلدى بۇچاغ،
پالتىنى پىچاق بىلەن تېگىشىشكە.
گەر شۇنداق بولغان بولسا بۇرۇندىنلا،
باشلايتتى ئىشمۇ خېلى يۈرۈشۈشكە.

پالتىنى پىچاق بىلەن تېگىشەيلى،
كەتسىمۇ گەرچە ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ.
خاتانى ئوڭشىۋالساق ـ چوڭ غەلىبە،
ئىشلارمۇ كېتەر يەنە كۆپ يۈرۈشۈپ.

**هوشۇر ئابدۇللا**

# ئىككى مەسەل

## سائىنىڭ ھەسرىتى

قۇشلار ئارا جۇغۇم خېلى چوڭ مېنىڭ،
لاپ ئەمەس ـ راست سۆلىتىم بار ئۆزگىچە.
قانات ـ قۇيرۇق، پاچاق ـ پۇتلار راۋۇرۇس،
قالتىس ئۆتكۈر تىرناق، تۇمشۇق، كۆزگىچە.

شۇنداق تۇرۇپ ئاچ يۈرۈيمەن كۆپ ھالدا،
ئولجام پەقەت ئاجىز، ئورۇق چۈجىلەر.
شۇمۇ تېخى تەلىيىم ئوڭ كەلسە بار،
تولا چاغدا يەيمەن پەشۋا ـ زەربىلەر.

لاچىن دېگەن ئەبلەخ مەنچە كەلمەيدۇ،
ئەمما ھېچۋاقمەندەك ئاچ ـ زار يۈرمەيدۇ.
ئەپسۇس!
ئەجەب ئۇ ئەتىۋا ـــ ئىززەتلىنىك،
لېكىن ھېچكىم مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئاھ ھەسرەتا!

بىلەلمىدىم نېمىشقا،
ئاللا مېنى تەتۈر تەلەي ياراتتى!؟
تۇرقۇمنى بەرجەس قىلىپ ۋە لېكىن،
رىسقىمنى چۈجىگىلا قاراتتى!؟

## تورۇلغىنىڭ تونۇشى

قاغا:
قارلىغاچ... نى
ـــ ئوغرى، ـ دېدى.
سېغىزخان:
ـــ بۇ دېگىنىڭ توغرا، ـ دېدى.
بۇنى ئاڭلاپ تورۇلغا كۈلۈپ كەتتى،
ئوغرىلارنىڭ ئادىتىنى تونۇپ يەتتى.

**مامبەتكېرىم ئوسمان** (قىرغىز)

## ئەشۇ سۈرەت

قارىسام قولۇمدىكى بۇ سۈرەتكە،
ئولتۇرار بىر ياش كېلىن بۇ سۈرەتتە.
كېلىننىڭ قۇچىقىدا تۇرغان بوۋاق،
باشقىچە سېزىم بەردى ياش يۈرەككە.

بۇ بوۋاق زەپ تاتلىق بىر سۆيۈنۈشتە،
پۇرايدۇ ئانا سۈتى ئېغىزىدىن.
قول سۇنۇپ يىراقلارغا كۈلگىنىچە،
تەلپۈنۈپ تۇرار ئانا قۇچىقىدىن.

شۇ بوۋاق چېغىم مېنىڭ سۈرىتىمكى،
ئۆز كېلىن مېنىڭ ئاق دىل ئانام ئىكەن.
ئۇ بوۋاق ھازىر يىگىت، قارا دوستۇم،
چۈشەندىم ئۆمۈر سىرى تىرەن ئىكەن.

ئانامۇ ياش ۋاقتىدا گۈزەلكەنغۇ؟
نېمىشقا ئەمدى يۈزىن قورۇق باسقان؟

مېنى دەپ ئېغىر تۇرمۇش چاپقۇنىدا،
ئانامدىن ئايرىلغانىكەن ياشلىق دەۋران.

ئېسىل ئۆي، ئاق نىيەتلىك ئالتۇن ئانا،
مېنى دەپ تارتىپ تۇرۇسەن تالاي جاپا.
ياش ۋاقتىڭ سۈرىتىگە قاراپ تۇرۇپ،
ئۆكۈنۈپ ئۆز - ئۆزۈمگە بولدۇم خاپا.

رەڭگىڭگە ئوغلۇڭ قاراپ خىيال سۈرەر،
يىراقتا غەم-قايغۇسىز ئوقۇپ يۈرەر.
ھە، ئەمدى ئانا مېھرىن ئەسكە سېلىپ،
شۇ سۈرەت ھەر دائىما ئەسكە چۈشەر.

ئانىجان بۈگۈن خۇشال بايرام كۈنۈڭ،
قۇتلۇقلاپ ياڭرىسۇن ئاھ، ياڭراق ئۈنۈم.
ھالال، ئاق تەر تۆكۈپ خەلقىم ئۈچۈن،
ئاقلايمەن ئاق سۈتۈڭنى، يەتسە كۈچۈم.

(مەتنۇرى ئۆزھال تەرجىمىسى)

**چېڭ جىجياڭ** (خۇيزۇ ئوقۇغۇچى)

## ھېيتگاھتىكى مۇقامچى بوۋاي

قانچە ئەسىر ياڭراتتىڭ مۇقام،
ياشاندۇردى سېنى جۈپ قولۇڭ.
تارىم كەبى ئاقماقتا راۋان،
پەدە بويلاپ جاراڭلىق كۈيۈڭ.

قوي كۆزلىرىڭ تارىخ شاھىدى،
تۇرقۇڭ ھايات ئابىدىسىدۇر.
چېكەڭدىكى يول - يول سىزىقلار،
باسقان گويا ئۇنىڭغا مۆھۈر.

تەنبۇر قويۇن قۇترىغان چاغلار،
قۇيۇلغانتى ياмغۇردەك يېشىڭ.
مەشئەل بولۇپ يېنىپتۇ بۈگۈن،
كۈمۈش مىسال ئاقارغان چېچىڭ.

لەرزانىغىنا ئۇچماقتا كۈيۈڭ،
ساپ دىللارنى كۈيلەۋاتامسەن؟
يا بەندىنى ئىللاۋاتامسەن؟
ھەق بېرىشكە سۆيلەۋاتامسەن؟!...

ياق، ھارامدىن يوقتۇر تامايىڭ،
بەندىلەرنى ئىللىمايسەن ھەم.
بىر كىشىسەن سەنمۇ ئەل ئارا،
ئەل ئەلەمى ساڭىمۇ ئەلەم.

ھۆر پىكىرنى يۇغۇرغان ناخشاڭ،
ياڭرىماقتا بۈگۈن ھېيتگاھتا.
كەل ساداسى جۇشقۇن كۈيلىرىڭ،
ئۆكتىنى قۇچۇپ بارار ئۇزاققا.

(مەترېھىم ھاجىتۇرسۇن تەرجىمىسى)

قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

تۇرسۇننىياز توختى

# «سىز نېمە دېگەن سۆيۈملۈك»

(ھېكايە)

ئايدىڭ كېچە، گۈلىستان ئىككىمىز قىرغاق بويلاپ كېتىپ بارىمىز. يېنىك شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىدە ئاينىڭ ئەكسى تەۋرىنىدۇ. ئەتراپتىكى مەجنۇنتاللار گويا ئىككى گەۋدىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكىنىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك شىۋىرلىشىدۇ، بىز سۈكۈت ئىچىدە كېتىپ بارىمىز. گۈلىستانىنىڭ ئوڭ قولى مېنىڭ بېلىمگە مەھكەم گىرە سېلىنغان، ئۇنىڭ ھېدىلىق چاچلىرى يۈزلىرىمنى غىدىقلايدۇ؛ بەزىدە پۇتلىرىمىز ئالمىشىپ قېلىپ دەلدۈگىنىپ كېتىمىز.

— سۆيۈملۈكۈم، — دېدى گۈلىستان ئەركىلەپ، — مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن جۇمۇ، سىز ئۈچۈن يۈرىكىم ئوت — كاۋاپ.

— مېنىڭمۇ ھەم شۇنداق.

گۈلىستانىنىڭ سول قولى خۇددى يۈرىكىمنىڭ ھارارىتىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك مەيدەمدە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى.

— قەدىرلىكىم، — دېدى گۈلىستان مېنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلاپ، — نۇر ئەلانىڭ بوينىدا بىر مېدالىيون كۆردۈم، ئۇنى ئېلى ئېلىپ بېرىپتۇ، سىزمۇ ماڭا بىرنى ئېلىپ بېرىڭچۇ!

«ھىم! نېمە دەيدۇ بۇ كاساپەت، ئاناmنى داۋالىتىش ئۈچۈن قەرز پۇل ئىزلەپ چېپىپ يۈرسەم، مەندە نەدىمۇ ئارتۇق پۇل بولسۇن؟ ئەمدى نېمە دېسەم بولار؟! ھە…ي، كېسىپلا توغرىسىنى ئېيتايچۇ.»

— خەۋىرىڭىز بارغۇ، قەدىرلىكىم، ئانامنى داۋالىتىمەن، دەپ چىقىمدار، قەرزدار بولدۇم. بىر نەچچە كۈن تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، بولامدۇ؟

گۈلىستان يۇلقۇنۇپ مەندىن ئاجرىدى-دە، ۋالاقلاپ كەتتى:

— سىز زادى مېنى ئېغىزىڭىزدىلا ياخشى كۆرىسىز، سىزدە ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مۇھەببەت يوق، سىز پەقەت مېنى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىسىز، مەن سىزنى ئەمدىلا چۈشەندىم، سىز نېمە دېگەن قۇۋ…

«ھەي، نېمە دېگەن بىھۇدە ھاقارەت بۇ. بايا قەرز ئالغان يۈز يۈەنىنىڭ يېرىمىغا ئەپ بەرسەم ئەپ بېرەيچۇ».

— بولدى چېچىلماڭ، سۆيۈملۈكۈم، مېدالىيون زادى قانچە پۇلكەن؟

گۈلىستان كېلىپ بويۇنۇمغا گىرە سالدى؛

— قىممەت ئەمەسكەن، ئارانلا يۈز يىگىرمە يۈەنكەن.

— نېمە؟! — بۇ گەپنى دېيىشىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى، — بولىدۇ، مەن ئەپ بېرەي، يەنە يىگىرمە يۈەن قەرز ئالاي.

ئاۋازىم ناھايىتى بوش، تىترەپ چىقتى، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم قايغاندەك بولدى.

— سىز نېمە دېگەن سۆيۈملۈك، — دېدى گۈلىستان، — مەن سىزنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن.

ئۇ لېۋىنى لېۋىمگە ياقتى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن لېۋىمنى ئېپقېچىپ، — چۈنكى مەن سىزگە مېدالىيون ئەپ بېرىمەن ئەمەسمۇ؟!

ئۇ مېنىڭ بۇ كىنايە سۆزلىرىمنى چۈشەنمەي، تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ سۆيۈپ كەتتى…



**چەمەنگۈل ئاۋۇت**

## ئىككى شېئىر

### ئەمدى ئايمۇ يۇمۇۋاپتۇ كۆز

تەرسا شامال مۆكۈپ ياتىدۇ،
ئېگىز تاغنىڭ كەپە ئۆيىدە.
ئۈستى ئوچۇق، مارايدۇ چولپان،
كىم جۆر بولار ئۇنىڭ كۈيىگە؟

مەجنۇن تالنىڭ ئېگىپ بېلىنى،
سۆيگەن ئىدى، بۇلاق يۈزىگە.
ئەمدى ئايمۇ يۇمۇۋاپتۇ كۆز،
ئۆز ئۇۋالى بولدى ئۆزىگە...

### ئارمانلىرىم بولمىقى سۇسىز

تىركىشىدۇ كۆزۈمدە يىغا.
قارچۇقۇمغا ئېسىلىپ ئۈنسىز.
ئۇپۇقۇمدا تەۋرەيدۇ دۇنيا،
داۋالغۇيدۇ يۈرىكىم ھالسىز.
ئۈمىد گۈلۈم قىسار بويىنىنى،
ئارمانلىرىم بولمىقى سۇسىز.

**نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن**

## ئىككى شېئىر

### ئۈمىد بىلەن ياشايمەن ھامان

ئۈمىدۋارمەن ئۈمىدىم مېنىڭ،
يوللىرىمغا بولىدۇ چىراغ.
ئۈمىد بىلەن ياشايمەن ھامان،
مەنزىللىرىم بولسىمۇ يىراق.

ئۈمىد بىلەن يېتىمەن ھامان،
گۈزەل ئارزۇ تىلەكلىرىمگە.
چاقناپ تۇرار ئۈمىد مەشئىلى،
گۈلخان بولۇپ يۈرەكلىرىمگە.

ئۈمىد بىلەن پەن ئوكيانىدىن،
ئۈنچە، گۆھەر - دۇرلەر سۈزىمەن.
ئۈمىد بىلەن قەلبىم بېغىغا،
ئەجدادىمدىن ئۈنچە تىزىمەن.

ئۈمىد بىلەن تىك داۋانلاردىن،
بۈركۈت كەبى ئۆتىمەن ئۇچۇپ.
ئۈمىد بىلەن ياشايمەن ھامان،
ئەجدادىمدىن شان - زەپەر قۇچۇپ.

### ئالەمچە سۆيگۈگە چۆمۈلەر قەلبىم

خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرسام ئۇزاق،
قەلبىمگە زوق بېرەر ئىلھام بۇلىقىم.
يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ دىلىم كۆكىدە،
يولۇمغا نۇر بولۇر ئۈمىد چىرىقىم.

شۇ خىيال ئىلكىدە ھەر كۈن توختىماي،
تەپەككۇر كانىدىن قازىمەن ئۈنچە.
ئالەمچە سۆيگۈگە چۆمۈلەر قەلبىم،
ئەجدادىم گۈلزارى باغلىسا غۇنچە.

# ئۈچ رىۋايەت

## تۈز تاغ ھەققىدە

تۈز تاغ — قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە تاشمىلىق يېزىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. بۇ تاغ پۈتۈنلەي تۈز بىلەن قاپلانغان بولۇپ، دېھقانلار ئىختىيارىي چوقۇپ ئەكىلىپ ئاش - تاماققا ئىشلەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن تاشمىلىق رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىق قىلىپ، تۈزنى چەكلەپ ساتقان بولسىمۇ، كېيىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈز زاۋۇتى قۇرۇپ ئاممىنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن تەمىنلەپ كەلمەكتە. بۇ تاغ ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بىر قېتىم شىكارغا چىقىپ، بۇ تاغ باغرىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ، ئوردىدىن يېمەكلىك ئەكەلدۈرگەن بولسىمۇ، تۈزنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. تاماق لاۋزا بولغاچ، يۇرتتىن تۈز تېپىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. تۈز ئىزدەپ بارغانلار چىلانغان بىر ئاپقۇرا تۈزنى تېپىپ كەپتۇ. تۈز بىلەن مېزىلىك ئوخشىغان غىزانى يەۋېتىپ پادىشاھ ۋەزىرىدىن سوراپتۇ:

— ئەي ۋەزىر، دۇنيادا نېمە تاتلىق؟

— ئى پادىشاھى ئالەم، دۇنيادا ھەممىدىن تاتلىقى تۇخۇم، پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ گەپ - سۆز قىلماپتۇ. چۈنكى، پادىشاھ تۇخۇمغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. پادىشاھنىڭ بىر دانىشمەن مۇنەججىمى بولۇپ، ئۇ، شىكاردا ئېغىر كېسەل بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ شىكارنى توختىتىپ، قايتىش ئويىدا چېدىر - بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا ئەمىر قىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاشپىزى ئېشىپ قالغان تۈزنى تۆكۈۋەتمەكچى بولغانىدا، بۇنى كۆرگەن ھېلىقى مۇنەججىم:

— ئى كەرەملىك شاھىم، تۈز پۈتۈن تائامغا تەم كىرگۈزىدىغان ئېسىل نەرسە. ھەممىمىز خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ ئېشىپ قالغان تۈزنى مۇشۇ تاغقا چېچىۋېتەيلى. دۇئايىمىز ئىجابەت بولۇپ، بۇ تاغ تۈز تاغقا ئايلانسا ئەجەب ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانلار بەھرىمەن بولسۇن، - دەپتۇ.

بۇ سۆز ھەممەيلەنگە يېقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاشقان تۈزنى تاغقا چېچىپتۇ. لېكىن، قايتىش ئالدىدا ھېلىقى مۇنەججىمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ «مېنى مۇشۇ تاغ باغرىدا قويساڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭ جەسىتىنى تاغ باغرىدىكى ئېگىز دۆڭگە قويۇپ مازار ياساپ قويۇپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن، پادىشاھ بۇيەرگە



يەنە كېلىپ مۇنەججىمنىڭ قەبرىسىگە چىقىپ، گۈمبەز چۆرۈپ بۇ جاينى «قىزىل جېيىم»-دەپ ئاتاپتۇ. پادىشاھ تاغ باغرىدىكى بىر بۇلاقتا كېلىپ سۈيىنى ئوتلاپ بېقىپ، تاغنىڭ راستىنلا تۈز تاغقا ئايلانغانلىقىنى بىلىپتۇ. پادىشاھ قايتىشىدا بۇ سېھرى-ئەسنانى ئۇزۇن ئويلاپتۇ-دە، تېگىگە يېتەلمەي يەنە بىر ۋەزىردىن:

— بۇ قاقاس تاغ نېمە بىلەن شۇنداق بولۇپ قالدى؟ -دەپ سوراپتۇ.

ۋەزىرى:

— تۈز بىلەن، -دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇندىن كېيىن پادىشاھ ھېلىقى ۋەزىرنى ناھايىتى سېغىنىپ ئەسلەيدىغان، بولۇپ كېتىپتۇ.

تۈز تاغنىڭ ھازىرقى ھالىتىدە ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئون كىلومېتىر، كەڭلىكى يەتتە-سەككىز كىلومېتىر كېلىدىكەن.

## تەلۋىچۆك ھەققىدە

قەشقەر شەھىرى بىلەن كونىشەھەر ناھىيىسى ئارىلىقىدا تەلۋىچۆك دېگەن بىر دەريا بار. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان:

تولۇي خاننىڭ ئوغلى، چىڭگىز خاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇ قەشقەرنى بويسۇندۇرۇش يولىدا قاتتىق جەڭ قىلغانىكەن. يېڭىلىش ئالدىدا تۇرغان ئەسكەرلەردىن تۆت يۈز تۆت پالۋان خىللىنىپ، قەشقەرنىڭ غەربىگە چېكىنىپ، دەريادىن ئۆتۈپ ئوغۇساق دۆڭگە چىقىپ ئورۇنلىشىپتۇ. دەريادا سۇ ئۇلۇغ بولغاچقا ئۆتۈش قىيىن ئىكەن. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھىلاكۇ باشچىلىقىدا نۇرغۇن ئەسكەرلەر قوغلاپ چىققان بولسىمۇ، بىرى، سۇ ئۇلۇغ، يەنە بىرى، مۇداپىئە چىڭ بولغانلىقتىن، بىر ئايغىچە ھېچ ئىلاج قىلالماپتۇ. بۇ ئىشتىن ھىلاكۇ ناھايىتى غەزەپكە كەپتۇ-دە، ئىت-ئىت بولۇپ ئۇخلىيالماي، بىر پالۋاننى چاقىرىپ ئۇنىڭغا پەرمان قىپتۇ:

— بۈگۈن سېنىڭ پالۋانلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت كەلدى. سەن ھازىر ئىككى تۇلۇمغا يەل تولغۇزۇپ، بېلىڭگە باغلاپ، يوشۇرۇن دەريادىن ئۆتۈپ، قاراۋۇلنى ئۆلتۈر! سېنىڭ بەلگەڭگە قاراپ، لەشكەرلەر سال بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ ئۇجۇقتۇرمىساق، باشقا چارە يوق!

ھىلاكۇنىڭ پالۋانى دەرياغا چۈشۈپ، قاپ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، قارشى تەرەپنىڭ قاراۋۇلى مەشئەل بىلەن دەريا ئۈستىنى يورۇتۇپتۇ. سېزىلىپ قالسا ئىش چاتاق بولىدىكەن. شۇڭا ھىلاكۇ ھېلىقى پالۋانغا:

— چۆك، -دەپتۇ پەسرەك ئاۋازدا، لېكىن پالۋان سۇنىڭ شاۋقۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماپتۇ. ھىلاكۇ ئەنسىرەپ:

— ھەي تەلۋە، چۆك!، -دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پالۋان سۇغا چۆكۈپ، خەتەر تۈگىگەندە قاشقا چىقىپ قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈپتۇ-دە، بەلگە بېرىپتۇ. نەتىجىدە،

ھىلاكۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، سال بىلەن دەرىيادىن ئۆتۈپ، بىخىرامان ئۇخلاۋاتقان تۆت يۈز تۆت پالۋاننى قىرىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى بۇ دەرىيانىڭ ئىسمى «تەلۋىچۆك» تۆت يۈز تۆت پالۋان ئۆلتۈرۈلگەن جاينىڭ ئىسمى «ھىلاكۇ» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. ھازىرمۇ تەلۋىچۆك دەرياسى، ھىلاكۇ كەنتى دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ھىلاكۇنى «ئالاكۇ» دەپمۇ ئاتايدۇ. خەلق ئاغزىدا «بەختسىزگە سۇ كەلسە، ئالاكۇدىن يارئاپتۇ.»، «ئالاكۇ — زەربە كاشال» دەيدىغان ماقال - تەمسىللەر ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن قەپقالغان ئىكەن.

## ئەجدىھا غارى ھەققىدە

مەھمۇت قەشقەرى ئۆتكەن ئوپال يېزا موللام بېغى كەنتىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار. بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ يۈز يىگىرمە مېتىر، كەڭلىكى بىر يۈز ئەللىك مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئون ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ. يۇرتنىڭ بېشى تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە «ئەجدىھا غارى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر غار بولۇپ، غار ناھايىتى كەڭ، ئىچى ئىسلانغان. بۇ غار توغرىسىدا «ئىماملىرىم ۋە تەزكىرە ھەزرىتى موللام» دېگەن تەزكىرە كىتابىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان:

ئوپالدىكى قارىباش كەنتىنىڭ جەنۇبىي، نۇقەت كەنتىنىڭ شەرقىگە ئورۇنلاشقان مەھەللىدە ئىككى ياش بولۇپ، بىرىنى ئىمام مالىك ئەكبەر، يەنە بىرىنى ئىمام مالىك ئەسقەر دەيدىكەن، ئۇلار ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن، ياقا - يۇرتتىن ئەگىشىپ كەلگەن ئاكا - ئۇكىلار ئىكەن، ئۇلار ھەزرىتى موللامدىن دەرس ئالىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى ياش ئادەتتىكىدەك دەرس ئالغىلى مېڭىپتۇ، ئۇلار بىرەر كىلومېتىر يول يۈرگەندە، تاڭ قاراڭغۇسى بولۇپ، ئەتراپنى پەقەت كۆرگىلى بولماي قاپتۇ. يىراقتىكى ئېتىز تەرەپتىن بىر ئوت كۆرۈنۈپتۇ، بۇ ئوت ئېتىزنى ئايلىنىپ يۈرگىدەك، ئاكا - ئۇكا بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن، ئوت كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، ئوت كۆرۈنگەن جايدا يىگىرمە ياش چامىسىدىكى بىر ياش بالا كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ۋە بويۇنتۇرۇقىغا چىراغ ئېسىپ قوش ھەيدەۋاتقانىكەن، ئىككى ئاكا - ئۇكا بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ، ھېلىقى بالا:

— ھەزرىتى موللام تېغىدىكى غاردا بىر ئەجدىھا بار، ئۇ، ھەر يەتتىدە بىر ئادەم يەيدۇ، يۇرت ئاقساقاللىرى كىشىلەرنى نۆۋەتكە سېلىپ قويغان، بۈگۈن تاڭ بىلەن تەڭ نۆۋەت ماڭا كېلىدۇ. بىر تۇل قېرى ئانام بار، دادام كىچىكىمدە قازا تاپقانىكەن، شۇ تۇل ئانامغا بۇغداي تېرىپ بېرىپ، ئاندىن ئەجدىھاغا يەم بولاي دەپ، كېچىلىكىگە قارىماي قوش ھەيدەۋاتىمەن،-

دەپتۇ. بۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئىچى ئاغرىپ ھەزرىتى موللامغا (مەھمۇت قەشقىرى) گە بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي خەۋەر قىپتۇ ھەمدە يۇرتنى بۇ بالايى - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىدىغانلىقىنى ئىلتىجا قىپتۇ. ھەزرىتى موللام:

— غەيرەتلىكلەرگە رەھمەت، سىلە ياش، مەن بولسام ياشانغان ئادەم. مەن جەڭ قىلاي، - دەپتۇ. ئۇلار:

— سىلە بولسىلا مۇدەررىس، نۇرغۇن تالىپلار سىلىگە مۇھتاج. بۇ ئىشنى بىز ئادا قىلايلى، - دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ھەزرىتى موللام نائىلاج ماقۇل بولۇپ، ئىمام مالىك ئەكبەرنىڭ بېلىگە ئىككى دانە قىلىچنى تېڭىپ، قولىغا بىرنى تۇتقۇزۇپتۇ، ئاندىن يۇرتقا خەۋەر قىلىپ، بىر كۆلچەككە كۆك ئىنەك سۈتى، يەنە بىرىگە سېرىق ئىنەك سۈتىنى توشقۇزۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ يەنە ئىمام مالىك ئەكبەرگە: «ئوڭ يېنىڭغا زەھەرلىنىپ يىقىلساڭ، كۆك ئىنەك سۈتىدە، سول يېنىڭغا زەھەرلىنىپ يىقىلساڭ، سېرىق ئىنەك سۈتىدە يۇغىن زەھەر قايتىدۇ. ئېھتىيات قىل!» دەپ تاپىلاپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. ھەزرىتى موللام كۈن قىزىلى بىلەن تەڭ ئېشەككە قومۇش ئارتىپ، غارنىڭ ئاغزىدا قويۇپ، ئىمام مالىك ئەكبەرنى ئېشەكنىڭ كەينىدە تۇرغۇزۇپتۇ. كۈننىڭ قىزىرىشى بىلەن تەڭ ھېلىقى غاردىكى ئەجدىھا بېشىنى چىقىرىپ، ئېشەكنى دەم تارتىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم دەم تارتقاندا، ئىمام مالىك ئەكبەر بورانىدەك بېرىپ، ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا «كاپ» قىلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. بېلىدىكى ئىككى قىلىچ ئەجدىھانىڭ ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىنى كېسىپ مېڭىپتۇ. قولىدىكى قىلىچ ئەجدىھانىڭ ئىچ - قارنىنى كېسىپ مېڭىپتۇ. ئەڭ ئاخىرى ئەجدىھا ئۆلۈپتۇ. لېكىن، ئىمام مالىك ئەكبەر ئوڭ تەرىپىگە يىقىلىپتۇ. شۇ چاغدا، كۆك ئىنەك سۈتى ئاز بولۇپ، كۆلچەك تولمىغانلىقتىن، سۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن، زەھەر قايتۇرۇلماي، ئۇ، ئىككى جىلغا① تۇتاشقان جايدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. خىزمەتكارى شاھ تالىپ② سەرەمەس يىغلاپ ئېگىز دۆڭگە ئېلىپ چىقىپ ئۇنى دەپنە قىپتۇ. ئىنىسى ئىمام مالىك ئەسقەرمۇ ئاكىسىنىڭ دەرد - پىراقىدا، ئۇزاق ئۆتمەي قازا قىپتۇ. خىزمەتكار غۇلامى شاھ تالىپ سەرەمەسمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاكا - ئۇكا ئىككى ئىمام ياتقان بۇ جاينى كىشىلەر «ئىماملىرىم» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ ئورۇنلار ھازىرغىچە ئۆز پېتى ساقلانماقتا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم.
رەتلىگۈچى: ئىسمايىل ئىبراھىم، مەمتىمىن ھېيىت.

---

① بۇ ئىككى جىلغىنىڭ بىرى قارا جىلغا، يەنە بىرى قىزىل جىلغا بولۇپ، قارىباش كەنتىنىڭ جەنۇبىدا قوشۇلۇپ بىر جىلغا ئىچىدە ئاقىدۇ، ھازىرمۇ بار.

② رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: بۇ ئىككى ئىمام-مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ئون ئىككى - نەۋرە دېيىلگەن.

# تەييارغا ھەييارلار

(ئۇيغۇر خەلق چۆچەكى)

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بوۋايغا قېرىلىق يېتىپتۇ، ئۇ بالىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ: «بالىلىرىم مەن قېرىپ كەتتىم، ئاخىرقى ئۆمرۈممۇ ناھايىتى ئاز قالدى، مېنى ياخشىراق بېقىۋېلىڭلار، مەن نەپەسىمنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سىلەرگە مىراس قالدۇرىمەن» دەپتۇ. بوۋاينىڭ ئوغۇللىرى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە كۈنلۈك ئىشلەيدىكەن، ئۇلار كۈنلۈك ئىشلىگەن يەرلىرىدىن تېپىپ كەلگەن نەرسىلىرى بىلەن ئاتىسىنى بېقىپتۇ. بوۋاينىڭ ھالى كۈندىن ـ كۈنگە پەسلەپتۇ، ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلماق بولۇپ ئۇلارنى يىغىپ «مەندىن كېيىن قالغاندا چوڭ ئوغلۇم سىز ئۆينىڭ بۇلۇڭىنى، ئوتتۇرانچى ئوغلۇم سىز ئۆينىڭ كولۇڭىنى، كەنجى ئوغلۇم سىز ئۆينىڭ بوسۇغىسىنى ئاختۇرۇڭ» دەپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئوغۇللار بىرلىشىپ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئاتا ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۆزىگە تەقسىم بولغان جاينى قېزىپ ئاختۇرۇپتۇ. ئۆينىڭ بۇلۇڭىنى كولىغان چوڭ ئوغلىغا بىر دانە ياغۇنچاق، كولۇڭىنى كولىغان ئوتتۇرانچى ئوغلىغا بىر دانە داپ، بوسۇغا تېگىنى كولىغان كەنجى ئوغلىغا بىر دانە شوتا چىقىپتۇ. بالىلىرى قولىغا چىققان نەرسىلەرگە قاراپ دادام بىزگە مۇشۇ نەرسىلەرنى مىراس قىپتۇ ـ دە، دېيىشىپ ئۆزئارا خوشلىشىپ، ئۆز مىراسلىرىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ياغۇنچاقنى ئالغان چوڭ ئوغۇل ماڭا ـ ماڭا ئاخىرى بىر قۇملۇققا كېلىپ قاپتۇ، ھېرىپ كەتكەنلىكتىن بىردەم ئارام ئېلىش قارارىغا كەپتۇ ھەمدە بۇنداق چۆلدە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالماي دەپ ئويلاپ قۇملۇق يېنىدىكى بىر توغراق دەرىخىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈچ كىشى ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ كېلىپ، ھېلىقى توغراقنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇشۇپ بىر خالتا ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇللارنى سانىغىلى تۇرۇپتۇ، ئەسلىدە بۇ ئادەملەر پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە تەككەن ئوغرىلار ئىكەن، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ھېلىقى ئوغۇل دەرەخ ئۈستىدە ياغۇنچاقنى چۆرۈپ ئاۋاز چىقىرىپتۇ. ئوغرىلاردىن بىرى ئاغىنىلەر ھاۋا گۈلدۈرلەۋاتىدۇ، دەپتۇ. ئوغرىلار: شۇنداق، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قىلىدۇ، دېيىشىپ باشلىرىنى يېقىن ئەكىلىپ يەنىلا ئوغرىلىغان خەزىنىنى بېرىلىپ ساناشقا باشلاپتۇ، ئوغۇل پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ياغۇنچاقنى پەسكە تاشلىغانىكەن، ئوغرىنىڭ بىرسىنىڭ بېشىغا تېگىپ شۇ جايىدىلا ئۆلۈپتۇ. قالغان ئىككىسى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشتى دېيىشىپتۇ ـ دە، دەرھال خەزىنىنى قويۇپ كەينىگىمۇ قارىماي قېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەندىن كېيىن بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى دەرەختىن چۈشۈپ خەزىنىگە ئىگە بوپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ.

ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ ئايالى: ئاكاڭنىڭ تۇرمۇشى بىزدىن ياخشىلىنىپ كەتتى، سەنمۇ تۇرمۇشنى ياخشىلىساڭ بولاتتى دەپتۇ. ئۇ دادىسىدىن قالغان داپنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىپ، بىر ئەسكى تۈگمەننىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ، تۈگمەندە بىر كونا سۈكەن بولۇپ، سۈكەن ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ داپنى تاراڭلىتىپ چېلىشقا باشلاپتۇ. ئاۋازنى ئاڭلىغان بىر

بۆرە غەيردي ئاۋازنى ئاڭلاپ قاراپ باققۇسى كېلىپ تۆگمەن ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىشىگە ئە-
شىك يېپىلىپ قاپتۇ - دە، ئۆزىنى ئۇ تامدىن بۇ تامغا ئۇرۇپتۇ، شۇ چاغدا يول-
دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر سودىگەر بۇ نېمە ئالامەتتۇر، دەپ قاراپ باققۇسى كېلىپ
تۆگمەن ئىشىكىنى ئاچقانىكەن بۆرە دەرھال قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئوتتۇرانجى ئوغۇل دەرھال
سۆكەندىن چىقىپ « بۆرىنى تۇتۇپ بەر»، «پادىشاھ ماڭا بۇ بۆرىنى كۆندۈرگىلى بەرگەن»
دەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان سودىگەر ئۆزىگە چوڭ بالانىڭ يولۇقۇشىدىن قور-
قۇپ، ئىنىمساڭا بىر تۆگە يۈك بېرەي، خاپا بولمىغىن، پادىشاھقىمۇ دېمىگىن دەپ يېلىنىپتۇ.
ئوغۇل ئۇنىماپتۇ، ئاخىرى سودىگەر ئېلىپ ماڭغان قىرىق تۆگە يۈك ئوتتۇرانجى ئوغۇلغا قاپ-
تۇ، ئوتتۇرانجى ئوغۇل بۇ غەنىمەت بىلەن بېيىپ كېتىپتۇ.

بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلى ئۆزىگە قالغان شوتىنى ئېلىپ كېتىپ بارسا چۆلدە بىر كو-
نا خارابى تاملىق كۆرۈنۈپتۇ، بۇ تاملىق ئىچىگە كەلسە يوغان بىر پو سۆگەت بار ئىكەن.
سۆگەتكە قاراپ تۇرغىنىدا سۆگەتنىڭ ئۈستىدە پورلاشقان بىركامارغا بىرھۆپۈپ كىرىپ كې-
تىپ، دەرھال چىقىپ كېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ھۆپۈپنىڭ بالىسىدىن بىرنى ئېلىپكۆ-
رۈپ تۇرۇشىغا ئەسكى تاملىق يېنىدىكى بىر كونا ئۆيگە بىر ئادەم كىرىپ كېتىپتۇ، كەنجى
ئوغۇل ھۆپۈپنى قوينىغا سېلىپ، شوتىنى تامغا قويۇپ ئۆگزىگە چىقىپ تۆڭلۈكتىن ئۆي ئى-
چىگە قارىسا بىر ئەر، بىر ئايال ئولتۇرغىدەك. ئايال ئەرنى مېزىلىك تائاملارنى ئەكىلىپ مېھ-
مان قىلىۋاتقىدەك. بىر پەستىن كېيىن ئايال يالىنىڭ يولىدىشى كېلىپ: «يەيدىغانى-
غا بىر نەرسە بارمۇ» دەپ سورىغانىكەن، ئايال «ئاش ئېتەي» دەپتۇ.
كەچمۇ كىرىپتۇ، كەنجى ئوغۇل ئۆي ئىگىسىگە نالە قىلىپ قوندۇرۇپ قېلىش تەلىپىنى قو-
يۇپتۇ، ئۆي ئىگىسى ماقۇل بوپتۇ. ئوغۇل ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ ئاستاغىنە قوينىدىكى
ھۆپۈپ بالىسىنى مىجىغانىكەن، « كۇش » قىلغان ئاۋاز چىقىپتۇ، ئۆي ئىگىسى، ئۇكام نې-
مە ئۇ«كۇش»قىلغان، دەپتىكەن، كەنجى ئوغۇل « موللا تاپقاق » دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى، نېمە-
نى تاپىدۇ؟ - دەپتۇ. ئۆيدە نېمە بولسا شۇنى تاپىدۇ،- دەپتۇ كەنجى ئوغۇل. ئۇنداقتا ئۆيـ-
دە نېمە بولسا تاپتۇرۇپ كۆرۈپ باققۇسى كەلگەن ئۆي ئىگىسى:«كاتتا بىر نېمە بار، تېپىپ باق-
سۇنچۇ؟» دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل ماقۇل بولۇپ كات تەرەپكە قاراپ قوينىنى ئاستا سىققا-
نىكەن ھۆپۈپ « كۇش» دەپتۇ، كەنجى ئوغۇل:كاتتا قاتلىما بار، پوشكال باردەيدۇ،-دەپتۇ.
ئۆي ئىگىسى كاتنى ئېچىپ قارىسا، راس ئىكەن.ھە يەنە نېمە بار،-دەپكەنجى ئوغۇل بىر كۈپكە
قاراپ ھۆپۈپنى بىر سىققانىكەن، ھۆپۈپ«كۇش»قىپتۇ.كەنجى ئوغۇل: بۇ كۈپتە گۆش بار ئى-
كەن دەپتۇ. قارىسا بۇ ئىشمۇ راس چىقىپتۇ.ئۆي ئىگىسى «ھە يەنە نېمە بار؟»دەپ سوراپتۇ.
ئۈچىنچى قېتىم كەنجى ئوغۇل قازناق ئۆيگە قاراپ تۇرۇپ:«بىر ئادەم باردەيدۇ»دەپتۇ. ئۆي ئىگە-
سى قازناققا كىرگىدەك بولسا بىر ئادەم تۇرغىدەك. ئۆي ئىگىسى بۇ ئادەم يامان نىيەتلىك ئا-
دەم، دەپ پالتا بىلەن بىر ئۇرغانىكەن، قازناقتىكى كىشى شۇ ھامان جان بېرىپتۇ. ئايالى-
نىمۇ چېپىۋېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل دەرھاللا: «ياش كەتكەن ئانام، مېنىڭجىگەرىم ئانام!...»
دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا پۈتۈن مال - مۈلكىنى بېرىپتۇ. ئەر ماكانىنى
تاشلاپ باشقا يۇرتقا چىقىپكېتىپتۇ، بۇ ئوغۇلمۇ شۇندىن كېيىن ھالى تۈزۈلۈپ خېلى بېيىپتۇ.
تەييارغا ھەييار دېگەنسۆز ئەنە شۇ ئىشتىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا 9 - كەنتتىن تەختى تۇردى.
رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيىت.

# ياش چاقچاقچى ئابدۇللا ئوسمان

خەلقىمىز ئۆزىنىڭ لاياقەتلىك چاقچاقچىلىرىدىن تولىمۇ سۆيۈنىدۇ. ئۇلارنى مەنىۋى ھايات سەھنىسىدىكى چولپانلار قاتارىدا كۆرۈپ، لاياقەتلىك شائىر، يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىغا ئوخشاشلا ئەزىزلەيدۇ. چۈنكى، لايىقىدا قىلىنغان چاقچاق شىپالىق مەلھەم بولۇپ، كۆڭۈل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئېسىل شارابتەك، كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ. نەيزىگە ئوخشاش ئۆتكۈر تىغى بىلەن ئادالەتسىزلىك ۋە رەزىللىككە ئەجەل يوللايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلق چاقچاقچىلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى دوستى، خەلقنىڭ كۆيۈمچىسى، خەلق قەلبىنىڭ ئەينىكى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئوبيېكتلارغا مۇناسىپ ھالدا، ئۆتكۈر ھەجۋىلىك، چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىك ۋە كۈچلۈك يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە چاقچاقلىرى بىلەن ئەل ئارىسىدا نامى ئۇلغىيىۋاتقان ياش چاقچاقچى ئابدۇللا ئوسمان ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئابدۇللا ئوسمان 1951- يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ راھمزاتېيغى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957- يىلىدىن 1967- يىلىغىچە راھمزاتېيغى باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە قاغىلىق ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1967- يىلدىن 1972- يىلغىچە ئۆز يېزىسىدا ئېچىنىشلىق «چېنىقىش» ھاياتىنى باشتىن كۆچۈرگەن. 1972- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن شىنجاڭ داشۆنىڭ تۇنجى سىناق سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ 1976- يىلى ماتېماتىكا كەسپى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1986- يىلغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قاغىلىق ناھىيە يېتىملىقوم ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلەيدۇ.

ئۇ، ماتېماتىكا، فىزىكا، پەلسەپە، تارىخ، تىل - ئەدەبىيات قاتارلىق ئىلىملار بويىچە سىستېمىلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شېئىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ پائال شۇغۇللىنىپ كەلدى. ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ۋە «باغدىكى قەبرە» ناملىق بىرلەشمە شېئىرلار توپلىمىدا ئۇنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە رۇبائىيلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئابدۇللا ئوسمانىنىڭ كىشىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىدە، سۆزگە ئۇستا، چاقچاققا ھازىرجاۋاب، يىغىندا ئەركىن بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەر تولىمۇ گەۋدىلىك. ئۇ ھاياتتىكى تۈرلۈك رەزىل ۋە قىزىقارلىق ھادىسىلەر ئىچىدىن ناھايىتى تېزلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان چاقچاق، يۇمۇر ۋە لەتىپىلەرنى سۈمۈرۈۋالالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ چاقچاقلىرى رېئاللىق بىلەن زىچ باغلىنىپ، كىشىلەرگە بەلگىلىك تەربىيە، بىلىم ۋە كۈلكە

بەخش ئېتەلەيدۇ. گەرچە ئۇ ھازىرغىچە نامى چىققان مەشھۇر چاقچاقچىلار بىلەن سېلىش-
تۇرغاندا بىر قەدەر ياش بولسىمۇ، لېكىن چاقچاقتىكى ئۆتكۈرلۈك جەھەتتىلا ئەمەس، بەل-
كى پەزىلەت ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىمۇ ئۇلار بىلەن روشەن ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇ كىشى-
لەرنىڭ جىسمانىيىتىگە تېگىدىغان، باشقىلارنى مازاق قىلىش بەدىلىگە ئورۇنسىز كۈلكە پەي-
دا قىلىدىغان ھاماقەتلەرنى چاقچاقچى دەپ قارىمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە: «ھەقىقىي چاق-
چاقچى ئۆزى ياياق يۈرۈش بەدىلىگە باشقىلارنى شادلىق دۇلدۇلىدا ئۇچۇرۇشى لازىم.» دەل
شۇنداق بولغاچقا، كىشىلەر ھازىرغىچە چاقچاق تۇپەيلى ئۇنىڭدىن بىراۋنىڭ رەنجىپ قال-
غىنىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، چاقچاقخۇمار قاغىلىق خەلقى ھەممىلا يەردە ئۇنىڭ نامىنى ئىز-
زەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا قىلغان تۇرلۇك چاقچاقلىرىنى ئېغىز-
دىن - ئېغىزغا كۆچۈرۈپ، قۇلاقتىن-قۇلاققا تارقىتىپ كەلمەكتە. تۆۋەندە ئۇنىڭ خەلق ئا-
رىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن چاقچاق ۋە لەتىپىلىرىنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىنى رەتلەپ، كىت-
ابخانلارغا سوۋغا قىلىمىز..

## غەلىتە ئىش

مەلۇم بىر شەھەرنىڭ سەنئەت ئۆمىكى قاغىلىققا ئويۇن قويغىلى كەلدى. بۇ ئۆ-
مەكنىڭ تەركىبىدە داڭلىق بىر پېشقەدەم چاقچاقچى بىلەن: «شىنجاڭ بۇلبۇلى» دەپ ئا-
تالغان تالانتلىق بىر ناخشىچى بار ئىدى. ئويۇننىڭ ئېلانىغا بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇبارەك
نامى يېزىلغانلىقتىن، تاماشىبىنلارنىڭ سانى ھېسابسىز كۆپ بولدى. ئويۇن ئاخىرلاشقان-
دىن كېيىن، ھېلىقى چاقچاقچى بىلەن ناخشىچى قاغىلىقتىكى بىر قىسىم ئۇخلاسەن كىشى-
لەر تەرىپىدىن زىياپەتكە تەكلىپ قىلىندى. چاقچاقچى سورۇنغا چاقچاق ياغدۇرغىنىچە
كىرىپ كەلدى :

— تۇۋا، سىلەرنىڭ بۇ قاغىلىقتا ئاجايىپ غەلىتە ئىشلار بار ئىكەن، جۇمۇ!

— قانداق غەلىتە ئىش؟ دەپ سورىدى بىرسى.

— لەغمەنگە سەيىنى قوشۇپ ساتىدىكەن ئەمەسمۇ؟

ئابدۇللا قاھ - قاھلاپ كۈلدى ۋە تەبىئىي يوسۇندا:

— بىراق، سىلەرنىڭ ئۆمىكىڭلاردا بۇنىڭدىنمۇ غەلىتە ئىشلار بار ئىكەنغۇ؟- دېدى.

— قانداق غەلىتە ئىشكەن ئۇ، دېقىماق بولغانمىت؟- دەپ سورىدى چاقچاقچى.

— مانا بۇ شىنجاڭ بۇلبۇلىغا، - دېدى ئابدۇللا ھېلىقى ناخشىچىنى كۆرسىتىپ تۇ-
رۇپ،- سىزدەك بىر توكۇر قاغىنى قوشۇپ ساتىدىكەن ئەمەسمۇ؟

## چەك

بىر كۈنى ئوتتۇرانچى بالىسى زۇلپىقار، مەلۇم ئەسەر ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان ئابدۇللانىڭ دىققىتىنى بۆلدى:

— دادا، مۇنۇ سوئالدىكى بوش ئورۇننى تولدۇرالمايۋاتىمەن.

— قانداق بوش ئورۇنكەن ئۇ؟

— «…چېكى بولىدۇ»«…چېكى بولمايدۇ»

— بۇ ئاسانلا گەپقۇ، — دېدى ئابدۇللا — قېنى، يازغىن: «شاڭخەيچە كۆينەكنىڭ چېكى بولىدۇ»، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ چېكى بولمايدۇ».

## شۈكرى قىلسىڭىز بولغىدەك

گەزمال دۇككىنى ئالدىدا، 50 ياشلار چامىسىدىكى تولىمۇ پاكار بىر كىشى گەزمال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە ۋايسىدى ۋە ئابدۇللادىن سورىدى:

— سىزچە، ھەممە نەرسە ئۆسۈۋېرەمدۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئابدۇللا — لېكىن، سىز يەنىلا شۈكرى قىلسىڭىز بولغىدەك.

— نېمە؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى تەئەججۈپ بىلەن.

— چۈنكى، پەقەت سىزنىڭ بويىڭىزلا ئۆسمىسە كېرەك.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— دېمەكچىمەنكى، مۇبادا سىزنىڭ بويىڭىز گەزمالنىڭ باھاسىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ چاغدا ئېشىپ كەتكەن قىسمى يالىڭاچ قالماسمۇ؟

## ساۋابلىق

بىرسى ئابدۇللانى گەپتە باپلىماقچى بولۇپ:

— ئاڭلىسام، كىشىلەرگە لايىق تونۇشتۇرۇش ساۋابلىق ئىش، دەپ يۈرۈپسىز. دادام بەش يىلدىن بېرى بويتاق ئۆتۈۋاتىدۇ، شۇ قېرى ئۈچۈن بىر ساۋابلىق ئىش قىلسىڭىزچۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇنى دېسەك، قېيىنئانىڭىزمۇ ئۈچ يىلدىن بېرى تۇل ئولتۇرۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئابدۇللا. — ئاپام بولمىغان بولسىغۇ شۇ مەزلۇم ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلغان بولاتتىم. ھېلىھەم بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇپ، دادىڭىزغا قېيىنئانىڭىزنىلا ئېلىپ بەرسىڭىز بولمىدىمۇ؟

## داس بەرگىنى ئوبدان بوپتۇ

پات - پات مەس بولۇپ، كوچىغا قۇسۇپ يۈرۈيدىغان بىرەيلەن مەلۇم بىر ئىشتا خىزمەت كۆرسىتىپ، داس بىلەن مۇكاپاتلىنىپتۇدى، ئۇ سەھنىدىن چۈشۈپلا:

— داستىن بۆلەك بىر نېمە تېپىلمىدىمىكىن ئۇلارغا - دەپ غودۇڭشىدى.

— سىزگە يەنىلا داس بەرگىنى ئوبدان بوپتۇ، - دېدى ئابدۇللا، - بىراق، مۇشۇ داس ئەڭ ياخشىسى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يېنىڭىزدىن ئايرىلمىسۇن.

## يازسا يېزىۋېتىدۇ

بىر قېتىملىق يىغىندا بىرەيلەن سوراپتۇ:

— بىزنىڭ باشلىق نۇتۇقىنىمۇ يامان ئەمەس سۆزلەيدىكەن. شېئىر، ھېكايىلەرنىمۇ يازالامدىكىنا؟

— يازسا يېزىۋېرىدۇ، - دەپتۇ ئابدۇللا، - بىراق، ۋاقتى يەتمەيدۇ.

## جېنى بار ئەسەر

بىرەيلەن ئابدۇللادىن سورىدى:

— بەزىلەرنىڭ يازغان ئەسەرلىرى نېمە ئۈچۈن ئېگىسىدىن بالدۇر ئۆلۈدۇ؟

ئابدۇللا بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— چۈنكى، ئۇلار «جېنى بار» ئەسەر يازىدۇ. جان باريەردە، قازا بولىدۇ - دە!

## جاۋاب

يولدا كېتىۋېتىپ، بىرسى ئۆزىنىڭ خوتۇنى ھەققىدە گەپ ئاچتى:

— سەنمۇ بىلىسەن، مەن ئۇ ئايالنى كەچۈرگىلى بولمايدىغان ھېلىقى ئەيىپى تۇپەيلىدىن قويۇۋەتكەنىدىم. ھازىر قارىسام، ئىستىلى كارامەت تۈزۈلۈپ قاپتۇ. كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىۋىدۇق، تىرنىقىنى كوچىلاپ تۇرۇپ قىلغان ۋەدىلىرى يۈرىكىمنى سىمابتەك ئېرىتىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن بۇ ۋاپادارلىقىنى قەدىرلىشىم كېرەكـقۇ، دەيمەن؟

ئابدۇللا خۇددى ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك، ئـۇياق - بۇياققا قارىـغىنىچە لام - جىم دېمەي مېڭىۋەردى ۋە بىر پەستىن كېيىن مۇنۇ مىسرالارنى قايسى بىر خەلق ناخشىسىنىڭ ئاھاڭىغا سېلىپ غىڭشىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

تاشلىسىمۇ پۇستىنى يىلان،
تاشلىمايدۇ ياۋۇز پەيلىنى، دادەي.
بىر تالاغا قارىغان خوتۇن،
تاشلىمايدۇ خۇلقى، مەيلىنى، يارەي.

— ھەي، ئاغىنە، - دېدى ھېلىقى بۇرادىرى، - سىنى ئۆز بىلىپ، مۇھەببەت ئىشىم توغرۇلۇق مەسلىھەت سورىسام پەرۋاسىزلىق بىلەن ناخشا ئېيتىسىنا؟

— ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ - دېدى ئابدۇللا، - سېنىڭ بۇ مەسلىھەتىڭگە كىممۇ مېنىڭ مۇشۇ ناخشامدەك ئەستايىدىل جاۋاب بېرەلەيدىكىن؟

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قاۋۇل ساۋىر.

**روزى ئىسلام** (پەيزاۋات قىزىلسۇ يېزىسىدىكى دېھقان قوشاقچى)

# خەلق قوشاقلىرى

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە

ئىتتىپاقلىق — دوستلۇقتىن،
مۇزۇرلاندى يۈرەكلەر.
ئىتتىپاقلىق چىڭىسا،
ھەل بولىدۇ تىلەكلەر.

قىزىلگۈل پۇراق چاچسا،
پۇرىقىنى پۇرايمىز.
كىم ئۇنىڭدىن گەپ ئاچسا،
چىن يۈرەكتىن قوللايمىز.

ئىتتىپاقلىق چىڭىسا،
بەخت تاپار يولىمىز.
ئىناق ياخشى ئۆتكەنلەر،
بىزنىڭ قىزىلگۈلىمىز.

ئىتتىپاقلىق — بىرلىككە،
توقۇدۇم بۇ قوشاقنى.
ياشا دەيمىز ھەممىمىز،
پارتىيە نۇر چىراغنى.

## قەدرىگە يەت گېزىتنىڭ

بىلمەيدىكەن چېكەرمەن،
يېڭى گېزىت قەدرىنى.
ئوقۇماي تۇرۇپ يىرتىدۇ،
كىممۇ ئاڭلار دەردىنى؟

گېزىتلەرگە كۆپ سىڭەر،
تەھرىرلەرنىڭ مېھنىتى.
گېزىت بىلەن ئۆسىدۇ،
ئەلنىڭ تونۇش — جۈرئىتى.

تاماكىغا يەم قىلما،
يېڭى كەلگەن گېزىتنى.
مۇقىملىقنى ئەلا بىل،
باغلاپ ئىشەنچ — ئۈمىدنى.

قەدرىگە يەت گېزىتنىڭ،
نەسىھەت ئاڭلا، چېكەرمەن.
پەيزىۋاتلىق قوشاقچى،
بولار شۇندا رازىمەن.

## مۇھەببەت قوشاقلىرى

دۇتتار چېلىپ ئولتۇرسام،
يارىم كېلەر قېشىمغا.
ئۆدەك ئۈزۈپ ئوينايدۇ،
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا.

مەن ئېتىمنى ھەيدەيمەن،
قامچا ئەمەس، پەم بىلەن.
يارنى بىر كۈن كۆرسەم،
كۈنۈم ئۆتەر غەم بىلەن.

باغ بولسا، بۇلبۇل بولسا،
چوغدەك قىزىلگۈل بولسا.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
يەر ئاستىدا يول بولسا.

ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا،
سامان بىلەن ئوت قالاپ.
سامان كۆيۈپ كۈل بولدى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

بەشكېرەم بېغى دەيدۇ،
ئاتۇشنىڭ بېغى دەيمۇ؟
سەن چىرايلىق يارىمنى،
كۆزۈمنىڭ يېغى دەيمۇ؟

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن.
يار قېشىمدا تۇرغاندا،
كۆڭلۈك شۇنچە توق ئىكەن.

خوتەن شەھىرىنى دەيمۇ،
قەشقەر شەھىرىنى دەيمۇ؟
ئەنجۈرۈم قەندەك تۇرسا،
سەندىن قەن سوراپ نەيمۇ؟

(بۇ قوشاقلارنى رەتلىگۈچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20-ئوتتۇرا مەكتەپتىن م. ماخمۇت)

# ئاتاقلىق ئالىم ۋە شائىر تەجەللى




ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق شائىر، خېمىك ۋە تىبابەت ئالىمى سەيىد ھۈسەيىنخان تەجەللى 1848 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەندە، ئاتىسى بىلەن ھىندىستانغا بېرىپ، دېھلى مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئەرەب، پارس، ھىندۇ تىللىرىنى ئۆگىنىپ، ئەدەبىيات، خېمىيە ۋە تىبابەت پەنلەر بويىچە ئۇزۇن مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىپ، تېۋىپلىق ھەم مۇدەررىسلىك قىلغان. خېمىيە ئىلمى ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

تەجەللى — ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس ۋە ھىندۇ تىللىرىدا يېزىلغان كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلار ۋە قەسىدىلەرنىڭ ئاپتورى. ئۇنىڭ دەسلەپكى توپلىمى «بەرق تەجەللى» ۋە «سەبەق مۇجەللى» ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە بېسىلىپ تارقىتىلغان. «دىۋانچە تەجەللى» ناملىق يەنە بىر كىتابى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇلغارىيىدە نەشىر قىلىنغان. يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «باياز» لارغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مىللىي مەكتەپلەردە ئەدەبىيات دەرسلىكى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان. تەجەللى شېئىرلىرى چوڭقۇر پىكىر ۋە گۈزەل بەدىئىي ئىپادىگە باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرى قاتارىدا مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە.

تەجەللى 1927 - يىلى قاغىلىقتا ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقبەرىسى مەڭلىغان ئىخلاسمەنلەرنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ كەلمەكتە.

## ئەجداد ۋە ئەۋلاد

# شائىر ۋە دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن



شائىر ۋە دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 - يىلى شىنجاڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملاپ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1952 - يىلىدىن باشلانغان بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىزچىل رەۋىشتە شېئىر، ھېكايە، پوۋېست ۋە دراما ئەسەرلىرىنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «ۋىسال مەھرى»، «گۈلمېھرى» «كارۋان ناخشىسى»، «ئاچا-سىڭىل»، «قوش مەسچىت»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، قاتارلىق شېئىر، داستان، ھېكايە، پوۋېست، ۋە دراما توپلاملىرى نەشىر قىلىندى. «ئۈچ ياش» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى، «مەملىكەت چېيى»، «رابىيە — سەئىدىن»، «مۇقام ئۇستازى»، «كۆمۈلمەس ئىزلار» قاتارلىق دراممىلىرى سۈرەتكە ئېلىنىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن تاماشىبىنلارغا كۆرسىتىلدى. 200 پارچىدىن كۆپرەك ناخشا تېكىستى ئاھاڭغا سېلىنىپ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلدى، بىر قىسمى مەملىكەت سىرتىدا تارقىتىلدى. «قوچاقلا، ئۇ سېنىڭ داداڭ» ناملىق شېئىرى مەملىكەت بويىچە، «گۈلمېھرى» داستانى بىلەن ئون پارچىدىن كۆپرەك دراما ۋە ناخشا تېكىستلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.



قەشقەر تۇمەنكۆل مەنزىرىسى


قەشقەر ئەدەبىياتى (19-يىل نەشرى)

《喀什噶尔文学》（双月刊）

KASHGAR LITERATURE
IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

1990 - يىل 2 - سان (قوش ئايلىق ژۇرنال)
نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژۇرنال سودىسى باش شىركىتى
(بېيجىڭ 2820 - خەت ساندۇقى)
(O.P. BOX 2820 BIEJING CHINA)
فورماتى 787 × 1092 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق
دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

پوچتا ۋاكالىتەن نومۇرى: 62 — 58
باھاسى: 100 فۇڭ
تېلېفون نومۇرى: 23196